ئەخمەت تۇردى ئەسەرلىرى



# دەۋر ساداسى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

ئۇنتۇلغان كىشىلەر

ھايات شۇنداق

ئاي يامغۇرى

يىراقتا قالغان مۇھەببەت

سەرسان روھ

بەختسىز سەئدىيە

قاباھەت

يەكچەشمە

مۇزلىغان يۈرەك

دەۋر ساداسى

ISBN 978-7-5371-6838-0
9 787537 168380 >
باھاسى: 20.00 يۈەن

ئەخمەت تۇردى ئەسەرلىرى



# دەۋر ساداسى

(ئەدەبىي ئويلار ۋە ئەسلىمىلەر)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

艾海提·吐尔迪作品集:时代召唤:(文学探索与回忆):维吾尔文/艾海提·吐尔迪著.—乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2009.5
ISBN978— 7—5371—6838—0

Ⅰ.艾… Ⅱ.艾… Ⅲ.文学创作—青少年读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I04—49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 078132 号

责任编辑:尼加提·穆合力斯
责任校对:依巴达提·亚森
封面设计:阿里甫·夏

艾海提·吐尔迪作品集
**时代召唤**(维吾尔文)
(文学探索与回忆)
**艾海提·吐尔迪** 著

---

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编:830049)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 9.75印张
2009年5月第1版 2009年5月第1次印刷
印数:1—2000

---

ISBN978—7—5371—6838—0 定价:20.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى : نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورى : ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۇچى : غالىب شاھ

ئەخەت تۇردى ئەسەرلىرى

# دەۋر ساداسى

(ئەدەبىي ئويلار ۋە ئەسلىمىلەر)

ئاپتورى :ئەخەت تۇردى

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ ، پ : 830049 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى :1168×850مم ، 32 كەسلەم ، باسما تاۋىقى : 9.75
2009 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—6838—0
سانى : 1—2000
باھاسى : 20.00 يۈەن

بېسىلىشتا ، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ ، تېگىشىپ بېرىمىز

www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

ئەخەت تۇردى — دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ 50 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا پروزىچىلىقنىڭ ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق ھەممە ساھەسىدە قەلەم تەۋرىتىپ، ھەممە ساھەسىدە بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

يازغۇچى 1940 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1949 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1964 - يىلى 8 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان. 1989 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىپ، 2000 - يىلى 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققۇچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، دۆلەتلىك

بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسى-
تېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى .

ئەخەت تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت هاياتى 1958 ـ يىلى
«تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۇرۇچ» ناملىق هېكايىسى
بىلەن باشلانغان . شۇنىڭدىن تارتىپ 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرى-
لىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ «هاياتنىڭ باشلىنىشى» ، «دەشتكە
باهار كەلدى» ، «كۈرەش داۋام قىلىدۇ» ، «ئازاد زامانەمدىن
ئايلىناي» ، «بىزنىڭ ئەۋلاد» قاتارلىق بىر قىسىم هېكايىلەرنى
يېزىپ ، شۇ دەۋر رېئاللىقىنى خېلى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن
هەم كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان . 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلى-
رىدىن باشلاپ ئەخەت تۇردىنىڭ پروزا ئىجادىيىتى يېڭى بىر
باسقۇچقا قەدەم قويدى . بۇ مەزگىللەردە ئۇ «يالقۇنلۇق ياش-
لىق» ، «مەرهابا ، باغۋەن» ، «مەهبۇس قىزى» قاتارلىق هېكا-
يىلەرنى يېزىش ئاساسىدا پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللى-
نىپ ، «قىيانلىق دەريا» ، «ئەلۋىدا ، كۆز يېشىم» قاتارلىق
پوۋېستلارنى ئېلان قىلىپ ، بۇ جەهەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجى-
لەرگە ئېرىشتى . ئۇنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ
هېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى
ئىجادىيىتى بولۇپ قالدى . ئۇ 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن
باشلاپ رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ ، 1989 ـ يىلى تۇنجى
رومانى — «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»نى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆ-
رۈشتۈردى . بۇ رومان ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى ۋە
يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات
ساهەسىدە زور تەسىر قوزغىدى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ رومان ئىجادى-
يىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بولۇپ قالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ
ئاساسلىق كۈچىنى رومان ئىجادىيىتىگە قارىتىپ ، كەينى ـ كەي-
نىدىن «هايات شۇنداق» ، «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدى-
يە» ، «قاباهەت» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ جامائەتچىلىك بى-

www.uyghurkitap.com

لەن يۈز كۆرۈشتۈردى . ئەگەر بىز «خەيرخوش ، توققۇز كۈنلۈك ماكان» ، «ئەلۋىدا ، كۆز يېشىم» ناملىق ئەسەرلەرنى ئۈنىڭ ھېكايە ۋە پوۋېست ئىجادىيىتىدىكى بىر پەللە دېسەك ، ئۈنداقتا «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدىيە» ، «قاباھەت» رومانلىرى ئۈنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان نادىر ئەسەردۇر .

يازغۇچىنىڭ تۈنجى پوۋېستى «قىيانلىق دەريا» 1985 ـ يىلى مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى باھالاشتا «مۇنەۋۋەر پوۋېست» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ، ئۈنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرى ، بولۇپمۇ «ئۈنتۈلغان كىشىلەر» ، «ھايات شۇنداق» ، «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدىيە» قاتارلىق رومانلىرى كەينى ـ كەينىدىن «جۇڭگو كىتاب مۇكاپاتى» ، «تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ، «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى» ··· قاتارلىق مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ زور شەرەپ قۇچتى . ئۈنىڭ بىر تۈركۈم ھېكايە ـ پوۋېستلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن سىرت ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ، «خەيرخوش ، توققۇز كۈنلۈك ماكان» قاتارلىق نادىر ھېكايىلىرى چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، «چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرى» ناملىق توپلام بىلەن «پەرۋاز» ناملىق مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىندى .

بۇ قېتىم نەشرىياتىمىز دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا سوۋغا قىلىش ۋە ئەخەت تۇردى ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يازغۇچىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى 10 توم قىلىپ نەشر قىلدۇق . بىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلغان بۇ 10 توملۇق ئەسەر يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى 50 يىلدىن بۇيانقى جاپالىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى . ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە كىشىلەرنىڭ

ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان ئوخشاشمىغان مۇناسىۋەت ـ ئالاقىلىرىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى تىپىك ۋە ماھىيەتلىك بولغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ئوبرازلىق يارىتىشتەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتقان. ئۇ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلارنىڭ كۆپىنچىسىدە زامانداشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرى تەبىئىي ۋە ئېنىق ئېچىپ بېرىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىپىك مىللىي خاراكتېرى خېلى روشەن ئەكس ئەتكەن. بۇ خىل تىپىك خاراكتېر يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆزقاراشلىرى، شۇنىڭدەك ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن. شۇڭا ئۇ كىشىلەرگە ئۆزگىچە بىر خىل ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ، كىشىنى ھايات گۈزەللىكىدىن، شۇنداقلا تەبىئەت گۈزەللىكىدىن سۆيۈندۈرىدۇ.

قىسقىسى، ئەخەت تۇردى دەۋر قىياپىتىنى ئىجابىي ۋە سەلبىي ياقتىن يورۇتقان، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، زىددىيەت-توقۇنۇشلىرى كەسكىن، پېرسوناژلىرى ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە، تىلى تاتلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن ئۇنىڭ رومانچىلىق ساھەسىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان تۆھپىكار يازغۇچىدۇر.

بىز ئاخىرىدا، ھۆرمەتلىك ئەدىبىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، قەلىمىگە تېخىمۇ زور بەرىكەت تىلەيمىز!

2009 ـ يىل، مارت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


تۇرمۇش ۋە يازغۇچى ...... 1
دەۋر ساداسى ...... 13
تۇنجى ھېكايىدىن مۇھەررىرلىككىچە ...... 33
«ھايات شۇنداق» رومانىنى ئېلان قىلىنىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە ...... 41
ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ...... 53
ئىككى پارچە خەت ...... 65
ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە ...... 72
ئىجادىيەت ھەققىدە قىسقىچە پاراڭ ...... 80
سېرىنگۈللۈك ھويلىدىكى سېغىنىش ...... 88
ھەج سەپىرىدە تۇغۇلغان ئويلار ...... 119
سىز قويغان قەلەمنى مىڭلار قولىغا ئالىدۇ ...... 134
تارىخ ۋە چىنلىق ...... 158
ئەل سۆيگەن ئەدىب ...... 169
«تاختا كۆۋرۈك» بويىدا تۇغۇلغان ئويلار ...... 179
تارىم ۋادىسىدىن ئەرەفات تاغلىرىغىچە ...... 192
«قاباھەت»نى قانداق يازدىم ...... 263
بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاش — ئەدىبلەرنىڭ بۇرچى ...... 272
يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئادەملەرنى يېڭى نەزەر بىلەن كۆزىتىش ...... 295

# تۇرمۇش ۋە يازغۇچى

تۇرمۇش بولمىسا ، ئەدەبىيات بولمايتتى ، تۇرمۇش ئۇنىڭ
تۇپرىقى ، بۇلىقى . تۇرمۇشتىن ئايرىلغان يازغۇچى سۇدىن ئايرىل-
غان بېلىققا ئوخشاپ قالىدۇ . نەزەرىيە جەھەتتە بۇ گەپلەرنى
ھەممىمىز ئېتىراپ قىلىمىز ، ئەمما بۇنى ھەقىقىي چۈشىنىش
ئۈچۈن ئالدى بىلەن يازغۇچىدا تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان
ھېسسىيات ۋە روھ بولۇشى كېرەك . يازغۇچى بولغان كىشى
تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيمىسە ، چۈشەنمىسە ، سىڭىشتۇرمىسا ھەر-
گىزمۇ ئۇنىڭدىن چاقناپ تۇرغان نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدۇ ، باش-
قىلار ھېس قىلالمىغان سىر - ھېكمەتلەرنى تاپالمايدۇ . مەسى-
لەن ، بىر دېھقان ياكى ئىشچى ئۆزى تەئەللۇق بولغان يېزا ياكى
زاۋۇتتا ئۆمۈر بويى ئىشلەيدۇ ، ئۇ يەرنى ھەممە كىشىدىن بەك
بىلىدۇ ، چۈشىنىدۇ ، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ يازغۇچى بولالمايدۇ ۋە
شۇ يەر توغرىسىدا بەدىئىي ئەسەر يازالمايدۇ . سەۋەب ، ئۇ پەقەت
ئۆزى تۇرغان يەردىن باشقا يەرنى بىلمەيدۇ ، ئۇنىڭدا سىڭىشتۇ-
رۇش ، چۈشىنىش ، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يوق . شۇڭا ، تۇر-
مۇشتىكى نۇرغۇن قاتلام ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە ئۆزگى-
رىشلەرنى سېزەلمەيدۇ . جومۇلاڭما چوققىسى تىبەتلىكلەرگە بەك-
لا تونۇش ئىدى . ئەمما ، جومۇلاڭما چوققىسىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ
ئېگىز چوققا ئىكەنلىكىنى ئەنگلىيىلىكلەر تاپتى . چۈنكى ، ئۇلار
بۇ چوققىنى نۇرغۇن چوققىلار بىلەن سېلىشتۇردى ، تەكشۈردى .
شۇڭا ، بۇ تۆھپە ئۇلارغا مەنسۇپ بولدى . دېمەك ، تۇرمۇش ھەممە
يەردە مەۋجۇت ، يازغۇچىنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن
بىر تۇرمۇش . بۇ يەردىكى گەپ ئۇنى چۈشىنىش ، ئىگىلەش ۋە

سىلىشتۇرۇش ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدىن باشقىلار كۆرەلمىگەن ، ھېس قىلالمىغان نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ ، ئاشۇ تۇرمۇشنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسىنى يارىتىش كېرەك .

مېنىڭچە ، يازغۇچى — شائىرنىڭ ئىككى ئۇستازى بولىدۇ : بىرى ، تۇرمۇش ؛ يەنە بىرى ئۆزى . بىز بەزى چاغلاردا : «پالانى مېنىڭ ئۇستازىم ئىدى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىمىز . بۇ ، پەقەت بىزنىڭ شۇ كىشىگە بولغان ھۆرمىتىمىز ، خالاس ! چۈن-كى ، دۇنيادا ئىككى نەرسىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرگىلى بولماي-دۇ : بىرى ، داھىي ؛ يەنە بىرى ، يازغۇچى . بۇنىڭ مۇھىم سەۋە-بى ، ئادەم مۇرەككەپ ، ئۆزگىرىشچان بولىدۇ . ئۇنى مەلۇم كىشى ياكى گۇرۇھنىڭ مۇددىئاسى ھەم ئۆلچىمى بويىچە تەربىيىلەپ چىققىلى بولمايدۇ . يازغۇچى بولۇشتىمۇ دەرس قىلىپ ئۆتكۈدەك سىر ۋە مەخپىيەتلىك يوق . پەقەت تۇرمۇش ئۇنى تەربىيىلەيدۇ ، بېيىتىدۇ . ئۆزى بولسا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ئىزدىنىش ئىچىدە ئەقىل تاپىدۇ . يازغۇچى رەڭگارەڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىن ئۆزىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان نەرسىلەرنى ئالىدۇ ، ئۇنى كۆزىتىدۇ ، تاللايدۇ ، تاۋلايدۇ .

مېنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبەمدىن قارىغاندا ، يازغۇچى ئۈچۈن بىۋاسىتە تەسىرات ئىنتايىن مۇھىم ، ئۇ يازغۇچىدا كۈچلۈك ئىجا-دىي ھاياجان قوزغىيالايدۇ ، ئۇنى ئارام تاپقۇزماي ، يېزىپ تۈگەت-مىگىچە بولدى قىلغۇزمايدۇ . مېنىڭ ھېكايىلىرىمدىن «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ، «خەير ـ خوش ، توققۇز كۈنلۈك ماكان» ؛ رومانلىرىمدىن «ئاي يامغۇرى» ، «سەرسان روھ» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق بىۋاسىتە ، چوڭقۇر تەسىراتنىڭ مەھسۇلى . چەت ئەل يازغۇچىلىرىدىمۇ بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت . ل . تولىستوي «تىرى-لىش» رومانىنى يېزىشقا ئون ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان . بۇنىڭ سەۋەبى ، ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ، ئاساسىي ۋەقەلىكىنى تولىستوينىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن دوستى ئاناتولى

كورىن ئېيتىپ بەرگەن . يەنى ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسىدە يولۇققان روچاللى ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ تۇرمۇش تارىخىنى سۆزلەپ بەرگەن . دېمەك ، ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ، ۋەقەلىكى تولىستوينىڭ بىۋاستە كۆزىتىشىدىن ھاسىل بولمىغاچقا ، خېلى مەزگىلگىچە ئۇنىڭدا ئىجادىي ھاياجان پەيدا بولمىغان . شۇڭا ، يازغۇچى ئۆزۈن ۋاقىتلىق تەسەۋۋۇر ھەم كۆزىتىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن . ۋەھالەنكى ، تولىستوينىڭ «ھاجى مۇراد» نى يېزىشقا تۈرتكە بولغان تۇرمۇش تەسىراتى بولسا ئۇنىڭ بىۋاسى-تە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەچكە ، ئۇنى تېز ۋە ئوڭۇشلۇق يېزىپ چىققان .

تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر سىر ، ئەمما يازغۇچىدا ئۇنى ئاچىمەن دەيدىغان يۈكسەك بىر جاسارەت بولۇشى كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ، بىرىنچىدىن ، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈشى ، تۇرمۇشقا كەڭ قۇ-چاق ئېچىشى لازىم ؛ ئىككىنچىدىن ، تۇرمۇشنى قانداقتۇر قاراڭغۇ تەرەپ ، يورۇق تەرەپ دەپ ئايرىپ يۈرمەي ، ئومۇمىيۈزلۈك كۆزد-تىشى كېرەك . تۇرمۇشنىڭ مەيلى قاراڭغۇ تەرىپى ياكى يورۇق تەرىپى بولسۇن ، پەقەت خەلقنىڭ دەرد ـ ھالىغا مۇناسىۋەتلىك بولسىلا ، يازغۇچى ئۇلارنى كۆرۈشى ، ھەرگىزمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالماسلىقى كېرەك . يازغۇچىنىڭ ۋىجدانى تۇرمۇشنىڭ تارازىسى بولۇشى لازىم . ئۇنىڭ خەلققە ، تارىخقا ، مىللەتكە بولغان سەمىد-مىيىتى تۇرمۇشقا بولغان سەمىمىيىتىدە ئەكس ئېتىدۇ . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى ئوۋېچكىن پۈتۈنلەي يېزا تېمىسىدا ھېكايە ، ئوچېرك يازغان ئەدىب . ئۇ تۇرمۇش چىنلىقىنى يازغاچ-قا ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى سا-بىق سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا سىياسەتلىد-رىنى تەڭشىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان . دېمەك ، دېھ-قانلارنىڭ دەرد ـ ئەھۋالى مەركەزگە سەنئەت شەكلى بىلەن يەت-كەن . لۇشۈننىڭ «AQ نىڭ ھەقىقىي تەرجىمھالى» ئەنە شۇنداق تۇرمۇشقا ، رېئاللىققا بولغان سادىقلىقنىڭ مەھسۇلى . «AQ»

www.uyghurkitap.com

چوڭ بىر تىپ . ئۇنىڭدا پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ خاراكتېرى بىر پېرسوناژ ئۈستىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان . شۇڭا ، لۇشۈنمۇ «AQ ئىپادىلىگەن روھىي غالىبىيەتچىلىك ئومۇمىي خەلق تەبىئىتىدىكى نەرسە » دەپ ئاتىغان . دېمەك ، يازغۇچىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغىنى يەنىلا ئىجتىمائىي نۇقسانلار .

ۋەھالەنكى ، يازغۇچى ئۇچۇن تۇرمۇشنى ئۆگىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ ، يەنە تۇرمۇشنى پىششىق بىلىشلا ياخشى ئەسەر مەيدانغا كېلىدۇ دېگىلى بولمايدۇ . تۇرمۇشنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى يىغىنچاقلاش ، تاللاش ۋە تاۋلاش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ . كىشىلىك تۇرمۇش ناھايىتى كەڭ ھەم رەڭمۇرەڭ بولىدۇ . يازغۇچى بۇلارنى كۆزىتىشكە ، ئىزدەشكە ، تونۇشقا تىرىشىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشى كېرەك . ئەمما ، بارلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قارىقويۇق ئىپادىلەش بىلەن تۇرمۇش ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ . يازغۇچى كىشىلەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە كەڭ ھەم رەڭمۇرەڭ تۇرمۇشقا قارىتا رەتلەش ھەم تاللاش ئېلىپ بارىدۇ . يازغۇچىنىڭ سەنئەت ئىقتىدارى كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ ، باي ، رەڭگارەڭ تۇرمۇشىدىن ئەڭ ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ماھىرلىق بىلەن تېپىپ چىقىپ ، چوڭقۇر كۆرسىتىپ بېرەلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ .

بالزاك : «يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى قانغۇچە بىرسىنىڭ قول - پۇتىنى ، يەنە بىرسىنىڭ كۆكرەك - يەلكىسىنى ئېلىپ ، بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ تىپ يارىتىدۇ» دېگەن . مانا شۇنداق بولغاچقا ، يازغۇچى ياراتقان تىپ تۇرمۇشتىن بىر بالداق يۇقىرى ھەم يارقىن تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئۇ بېلىنىسكى ئېيتقاندەك : «ناتونۇش بولغان تونۇش ئادەم» بولالايدۇ . دېمەك ، يازغۇچى تۇرمۇشتىن ئۆگەنگەنلىرى ، كۆزەتكەنلىرى ۋە تۇرمۇش جۇغلانمىلىرىنى — رەتلەپ ، تاللاپ ، بىرىكتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ غايىۋى ئوبرازىنى بەدىئىي تىپىنى يارىتىدۇ . چېخوفنىڭ «غىلاپ بەندىسى» دىكى

بىلكوف ئوبرازى داڭلىق تىپ. چېخوف بۇ تىپنى يارىتىشتا تۇر-مۇشتىكى ئوخشاشلىق بىلەن قارىمۇ قارشىلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى بىرلەشتۈرۈشتىن پايدىلىنىپ، ئوبرازنى ھەم جانلىق، ھەم كۆپ قىرلىق شەخسكە ئايلاندۇرغان. بىلكوفنىڭ خاراكتېرىدە، بىر تەرەپتىن، كونىلىقنى قوغدايدىغان، توخۇ يۈرەك، ھەممىلا نەرسىنى نىقابلاشقا، يوشۇرۇشقا ئامراق خۇسۇسىيەتلەر ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەممىلا ئىشقا چېپىلىپ، كىشىلەرنى نازارەت قىلىدىغان ئىدىيە ھەم مەدەنىيەت ژاندارمىلىق خۇسۇسىيەت نامايان بولىدۇ. يازغۇچى ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ خىل ئىككى تەرەپلىمىلىكنى رېئال تۇرمۇشتىكى نۇرغۇنلىغان پروتوتىپلاردىن يىغىۋالغان.

يۇقىرىدا، تۇرمۇشنى بىلىش بىلەنلا يازغۇچى بولغىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېيتقاندۇق. ئۇنداقتا، يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەر بولۇشى كېرەك؟ مېنىڭچە، ھەقىقىي يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئۈچ شەرت بولۇشى كېرەك: بىرى، تالانت؛ بىرى، جۈرئەت؛ يەنە بىرى، بىلىم.

مانا مۇشۇ ئۈچ ئامىلنىڭ بىرىكىشىدىن ھەقىقىي يازغۇچى بارلىققا كېلىدۇ. ۋەھالەنكى، ھازىر بەزىلەردە، جۈملىدىن مەندىمۇ بۇ ئۈچ نەرسە تولۇق ئەمەس. بەزى ئادەملەر ئۆمۈر بويى قەلەم بىلەن ھەپىلىشىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى يازىدۇ، ئەمما ئاخىرقى ھېساپتا يازغۇچى بولالماي ئارمان بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا تالانت يوق. بۇرۇن بىز تالانتنىڭ تۇغما بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتۇق، لېكىن ھازىر ئىلىم - پەن ئېتىراپ قىلىدۇ. مۇبادا، تۇغما تالانت دېگەن نەرسە بولمىسا، ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدە «دۆت، دەلدۈش» دەپ قارالغان ئېينىشتېيىن ھەرگىزمۇ دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئالىم بولالمايتتى؛ تۇغما تالانت بولمىسا، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئاددىي ھېساباتچىسى بولۇپ ئىشلەيدىغان كافكا كېيىنكى كۈنلەردە غەرب ئەدەبىيات

ساھەسىدىكى چوڭ بىر ئېقىمنىڭ پېشۋاسى بولالايتتى. ئەلۋەتتە، تالانتىنىمۇ يېتىشتۇرگىلى، تەرەققى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، ئەمما شۇ كىشىدە جەزمەن ئۇنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولۇشى كېرەك. بىز ئادەتتە ئېيتىپ يۈرىدىغان «مەن بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى ئەمەس»، «مەن بۇ ئىشنىڭ ماتېرىيالى ئەمەس» دېگەندەك سۆزلەر دەل ئاشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

كېيىنكى ئىككى شەرت — جۇرئەت بىلەن بىلىم دېگەنلەرنى ئەلۋەتتە تەربىيىلىگىلى، يېتىشتۇرگىلى، تولۇقلىغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردىكى جۇرئەت دېگىنىمىز، ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتتىن تۇغۇلغان، ھەرقانداق نەرسىنى «يازىمەن، يازالايمەن» دەيدىغان ئىرادە ۋە جاسارەتتىن ئىبارەت. بىلىم دېگىنىمىز، تارىخ، پەلسەپە، پسىخىكا، جۇغراپىيە ۋە ھازىرقى زاماننىڭ ئىلغار ئىلىم - پەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىلىم قاتلىمى كەڭ ۋە چوڭقۇر يازغۇچى خۇددى سۈيى ئۇلۇغ دەرياغا ئۇزۇنغا ئاققاندەك، يازغان ئەسەرلىرىنى ھەممە جەھەتتىن ھەقدارىغا يەتكۈزۈپ يازالايدۇ. بىلىمى تار ۋە تېيىز يازغۇچى خۇددى قۇمساڭغۇ يەرگە كەلگەندە سۈيى يوقاپ كەتكەن ئۆستەڭدەك ئۆز ئەسىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرالمايدۇ. بىر رومان كىشىلەرنى يېڭى دۇنيا، يېڭى تۇرمۇش ۋە يېڭى تەقدىر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدا ھەرخىل ئوبراز، كارتىنا ۋە تۇرمۇش مەنزىرىلىرى بولىدۇ. ئەگەر يازغۇچىدا ئەتراپلىق بىلىم بولمىسا، بۇ خىل ئوبراز، كارتىنا ۋە مەنزىرىلەرنى جانلىق، رەڭمۇرەڭ يارىتالماي، بىر خىل قېلىپتا قېلىپ قويىدۇ. مەن «سەرسان روھ» رومانىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىگە، ئىسلام ئەقىدىسىگە ئائىت تەرەپلەرنى توغرا، ئەتراپلىق شەرھلەش ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىيال كۆردۈم. ھەتتا بۇرۇن كىشىلەر كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان «ئىنجىل» بىلەن «تەۋرات»نىمۇ تولۇق كۆرۈپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ چىقتىم.



www.uyghurkitap.com

دېمەك ، ھەقىقىي يازغۇچى بولۇش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. بىزمۇ بىر ئۆمۈر قان ـ تەر ئاققۇزۇپ بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازدۇق ، ئەمما ھەقىقىي يازغۇچى بولالىدۇقمۇ ، يوق ، تېخى بىر- نېمە دېمەك تەس . بۇنىڭغا پەقەت تارىخ ۋە خەلق ھۆكۈم قىلىدۇ .

ئەمدىكى مەسىلە ، بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز زادى قانداق ؟ ئۇي- غۇر پروزىچىلىقىدا يېتەرسىز ھەم كەم بولۇپ كېلىۋاتقان تەرەپ- لەر بارمۇ ، يوق ؟

مەن نۆۋەتتىكى ئىجادىيىتىمىزدە ئۈچ جەھەتتىكى مەسىلە بىر ئاز گەۋدىلىكمىكىن دەپ قارايمەن .

بىرى ، بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە ئىنچىكە تۇرمۇش كەم ، نەجىپ مەھبۇزنىڭ «ئۈچ كوچا تىرىلوگىيىسى » دە تۇرمۇش ناھا- يىتى ئىنچىكە يېزىلغان . ئۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتتىكى قاھىرە ، يەنى مىسىر خەلقىنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقى ۋە قانداق ئويلاۋاتقانلىقى- نى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ .

ياشار كامالنىڭ رومانى «مەمەت ئاۋاق »تا ، دېرىزىدىن چۈش- كەن كۈننىڭ شولىسى ھەم مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇلغان پىيالىد- كى سۈتنى تەسۋىرلىشى شۇنداق ئىنچىكە ھەم تەبىئىي . ھەممى- مىزگە مەلۇم ، ئەگەر بىر يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە : «ئۇ ئەتىگەن- لىك تاماقنى يەپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى » دەپ يازسا بۇ ئەسەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە تۇرمۇش پۇرىقىغا ئېتىبارسىز قارىغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ، ھەربىر مىللەتنىڭ ئەتىگەنلىك تاماق يېيىش ئۇسۇلى ، شەكلى ئوخشاشمايدۇ . بىر مىللەت ئىچىدىكى ئوخشاش- مىغان يۇرت خەلقلىرىنىڭمۇ يەنە بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ ، مەسىلەن ، ئىنگلىزلار قەھۋە ئىچىدۇ ، بولكا يەيدۇ ؛ خەنزۇلار شۆڭگۈرۈچ ئىچىدۇ ، قۇيماق يەيدۇ ؛ ئۇيغۇرلارنىڭ بايلىرى قاي- ماق چاي ئىچىدۇ ، ھالۋا يەيدۇ ، كەمبەغەللىرى بولسا بىر ئاپقۇر چايغا بىر زاغرىنى چىلاپلا قورساقنى توقلايدۇ ؛ شىماللىقلار ئەت- كەنچاي ئىچىدۇ ، جەنۇبلۇقلار ئۇماچ ، سۇيۇقئاش ئىچىدۇ .

دېمەك ، بۇ ئىشلار قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنىدۇ ، لېكىن ئۇ ئەسەرنى چىنلىققا ، مىللىيلىككە ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

ئىككىنچى ، ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يەنىلا قاتاللىق مەۋجۇت . ھازىر بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە يېڭىلىق كۆپ ئەمەس ، يەنە شۇ گوركىي ، بالزاك ، سەدىردىن ئەينىلار قوللانغان بايان ، دىئالوگ ، تەبىئەت تەسۋىرى ، لىرىك چېكىنىش دېگەندەك كونىچە ئۇسۇل ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . گەرچە ، بەزى يازغۇچىلىرىمىز ئاز ـ تولا ئىزدىنىپ ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇبتا بەزىبىر ئۆزگىچە خاس يېڭىلىقلارنى ياراتقان بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا تولۇق ئەمەس .

مېنىڭچە ، يازغۇچىلار ھەرخىل ئۇسۇل ۋە ئۇسلۇبتا يازسا بولىدۇ . ناتۇرالىزم ۋە ئۆلگەن ئېقىم ، ھازىر ھېچكىم ئۇنداق ئۇسۇلدا ئەسەر يازمايدۇ . ئەمما ، سېھرىي رېئالىزم ، مودېرنىزم قاتارلىق ئۇسۇللاردا ئەسەر ئىجاد قىلسا بولۇۋېرىدۇ . «ئىزم» ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ . لېكىن ، ئىدىيىنى شەكىللەندۈرىدۇ ، يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى ھەرخىل «ئىزم»لاردا ئىپادىلىسە بولۇۋېرىدۇ . مەسىلەن ، چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ ئەسەرلىرىدە سېھرىي رېئالىزمۇ ، ئىپادىچىلىكمۇ بار . ئۇنىڭ «قىيامەت» دېگەن رومانىدا زامان بىلەن ماكاننى پەرق ئەتمەك تەس . ئوقۇرمەن تۇرۇپلا ئەيسا پەيغەمبەر بىلەن بىللە شۇ دەۋردىكى ئىشلارغا قاتناشقاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالىدۇ . يەنە تۇرۇپلا رېئال دۇنياغا قايتىپ كېلىدۇ . ئۇنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىمۇ شۇنداق ، يەر شارى بىلەن كائىنات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر سۆزلىنىدۇ . يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى قانداق شەكىلدە ئىپادىلەش ئوڭاي ھەم قولايلىق بولسا ، شۇنداق شەكىلدە ئەركىن ئىپادىلىگەن . شۇڭا ، بىزمۇ داۋاملىق ئىزدىنىپ ، ھەرخىل «ئىزم»لارنىڭ ئىپادىلەش

ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى ، كەيپىيات يارىتىش جە-ھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىپ ، قوبۇل قىلىشىمىز ، ئۆز-لۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ ، ئۆزىمىزنى بېيىتىشىمىز لازىم . بىز بۇ دۇنياغا مەڭگۈ كونا نەرسىلەرگە ئېسىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن كەلگەن . ئەمما ، بىزنىڭ يارانقان يېڭىلىقىمىز جەزمەن ئانا تۇپراق ئۈستىدە بولۇشى ، شۇ يەرگە يىلتىز تارتىشى كېرەككى ، ھەرگىز مۇئەللەقتە بولۇپ قالماسلى-قى لازىم .

ئۈچىنچى ، تىل ئىشلىتىش جەھەتتە يېتەرسىزلىكلەر بار . مېنىڭچە ، ئادەتتىكى تىل بىلەن سەرخىل ، گۈزەل ئەسەر-لەرنى يازغىلى بولمايدۇ . ئەسەر تىلى چوقۇم ئوبرازلىق ، جاز-لىق ، ھېسسىياتلىق ، راۋان ، چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك . بىر پارچە ئەسەرمۇ خۇددى مەدەنىيەتلىك ئادەملەردەك ياخشى كىيىنگەن بولۇشى زۆرۈر . ئەسەر ھەرگىزمۇ ئوقۇرمەن ئالدىغا سالپا - سۇلپاڭ ، كىر ، قالايمىقان كىيىملەر بىلەن چىقماسلىقى كېرەك . بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا :

«ئوقۇش كۆركى تىل ئول ، بۇ تىل كۆركى سۆز ،
كىشى كۆركى يۈز ئول ، بۇ يۈز كۆركى كۆز»

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ، تىلنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى تولىمۇ ئىخچام ۋە چوڭقۇر بايان قىلغان .

تىل — ئىدىيىنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى ، پىكىرنىڭ سىرتقى ئىنكاسى ۋە قورالى . شۇڭا ، يازغۇچى ئەسەر تىلىغا قاتتىق ئەجىر قىلىشى كېرەك . ئەدەبىيات تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا تىل سەن-ئىتى ، شۇنداق ئىكەن ، يېزىقچىلىقتا تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمى-گەنلەرنى يازغۇچى دېگىلى بولمايدۇ . يازغۇچى تىل ئارقىلىق ھەر

قانداق ئادەم بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. بەزى ئەسەرلەر گەرچە ئوبراز، خاراكتېر، ۋەقە جەھەتتە ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن تىلى پىششىق، گۈزەل بولغاچقا، يەنىلا ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدۇ. دېمەك، تۇرمۇشتىن، خەلقىمىزنىڭ باي، رەڭ-مۇرەڭ جانلىق تىلىدىن ھەم باشقىلارنىڭ مۇنەۋۋەر كىتابلىرىدىن قېتىرقىنىپ تىل ئۆگىنىپ، ئىپادىلەش ماھارىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز زۆرۈر. مەن ياش ۋاقتىمدىن تارتىپلا تىل ئۆگىنىشتە خاتىرە تۇتۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن تارتىپلا مەدداھلىق سەنئىتىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدىم، خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان بۇ سۆزمەن ناتىقلارنىڭ سۆزلىرىدە مۇبالىغە، ئوخشىتىش، يۇمۇر، ھەجۋىي دېگەندەك ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى كۆپ ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئىچىدىكى ئۆزۈم ئۈچۈن يېڭى، قىزىق، تەسىرلىك تۇيۇلغان جۈملىلەرنى خاتىرىلىۋالاتتىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئادىتىم تېخىمۇ كۈچىيىپ، يېزىدا يۈرگەن چاغلىرىمدا دېھقانلاردىن، شەھەردە ھۈنەرۋەن كاسىپ، دىنىي ئۆلىما ۋە زىيالىيلاردىن، ھەتتا بەڭگى - قىمارۋاز، ئوغرى - لۈكچەكلەردىن ئاڭلىغان يېڭى سۆز - ئىبارە، ماقال-تەمسىللەر ۋە ئالاھىدە روھىي - كەيپىياتلارنى خاتىرىلىۋالىدىغان بولدۇم. بۇنداق خاتىرىلەر ئىجادىيەت جەريانىدا ماڭا كۆپ ئەسقاتتى. مەن ئەسەرلىرىمدە ئاشۇ خاتىرىلەردىن پايدىلىنىپ يازغان دىئالوگ، تەسۋىرلەر ئەگەر ئۆزۈمنىڭ كاللا قاتۇرۇپ يېزىشىمغا توغرا كەلسە، نەچچە سائەت ئويلاپمۇ ئۇنداق جانلىق، ئوبرازلىق، راۋان قىلىپ يازالمىغان بولاتتىم. دېمەك، يازغۇچى ئۈچۈن خەلقنىڭ ھاياتىي كۈچى زور جانلىق تىلىنى ئۆگىنىش بەكمۇ مۇھىم. ماكسىم گوركىي ل. تولستوينىڭ تىل جەھەتتىكى ماھارىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇنىڭ ئوبيېكتىنى بەدەن سېزىمى بىلەن سەزگۈدەك قىلىپ يېزىش ماھارىتىنى ئۆگىنىشىمىز

كېرەك . ئۇ تەسۋىرلىگەن ئوبرازنى ھەقىقەتەنمۇ قولۇڭ بىلەن تۇتۇپ باققۇڭ كېلىدۇ ، بۇ جەھەتتە ئۇ تەڭداشسىز يازغۇچىدۇر » دېگەنىدى . بىزدە : «لاينى چالا تەپسەڭ كوزا بولىدۇ ، راسا تەپسەڭ جانان» دېگەن گەپ بار . يازغۇچى ئەسەر تىلى ئۈستىدە ئىشلىگەندە ، ئەنە شۇ لاينى راسا تېپىپ جانانغا ئايلاندۇرغان كۇلالچىدەك جاپالىق ئەجىر قىلىشى كېرەك !

ئاخىرىدا ، بارلىق كەسىپداش ، قەلەمداشلىرىمدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم ئىككى : بىرى ، ئىتتىپاق بولۇش ، بىر - بىرىمىزنى يۆلەش . ئۆزبېك يازغۇچىسى ئادىل ياقۇبوپنىڭ «دىيانەت» رومانىدا : «روناق تاپىدىغان ئەل بىر - بىرىنى باتۇرۇم دەر» دېگەن بىر ئەقلىيە سۆز بار . مېنىڭچە ، بىز مۇشۇ سۆزنىڭ تېگىگە يەتسەكلا ، بىر - بىرىمىز بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق بولۇپ ، ئۆزئارا يار - يۆلەكتە بولماسلىقىقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق . ھەرخىل ئېقىملار ئۆز يولىدا ماڭسا بولۇۋېرىدۇ ، بىزدە تالىشىدىغان ھېچ نەرسە يوق ، ھوقۇقنى تالىشىش بىر ئەنئەنە . چۈنكى ، ئۇ چەكلىك نەرسە ، بىرى چۈشمىسە ، يەنە بىرى چىقالمايدۇ . لېكىن ، ئەدەبىيات ئۇنداق ئەمەس ، ئۇنىڭ يولى كەڭ ، ھەركىم ئۆزىنىڭ يۇگۇرۇش يولىدا خاتىرجەم كېتىۋەرسە بولىدۇ ، ئاخىرىدا ھامان بىر تۇركۇم ئادەم ئۇزۇپ چىقىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نامايەندە بولىدۇ .

ئىككىنچىسى ، ئۆگىنىش . نادانلىقتا ، جاھالەتتە قالغان مىللەت ھامان مەھكۇم مىللەت بولۇپ قېلىۋېرىدۇ . يىراق تارىخىمىزدىن تارتىپ يېقىنقى زامان تارىخىمىزغىچە بىز بۇنىڭ دەردىنى كۆپ تارتتۇق . يەنە شۇنداق كېتىۋەرسەك بولمايدۇ . شۇڭا ، جاپالىق ئىزدىنىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك . ھەرخىل تىل ۋە بىلىملەرنى ، دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ قوبۇل قىلمىساق ھامان دەۋرنىڭ ئارقىدا قالىمىز ، شاللىنىپ كېتىمىز . شۇڭا ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزدىكى بوشلۇقنى ، ئاجىزلىقنى

تۈگىتىپ ، ئۆزىمىزنى بېيىتىشىمىز ، كۈچلەندۈرۈشىمىز ، ئاخى-
رىدا مىللەت ۋە دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كېتەلەيدىغان نادىر
ئەسەرلەرنى يارىتىپ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىمىز
لازىم .

2006 ـ يىل ئىيۇن ، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# دەۋر ساداسى

—— «ئاي يامغۇرى» رومانىنىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا

بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئاز - تولا ئىنكاس قوزغىدى. يىراق - يېقىندىكى ئوقۇرمەنلەر بىرمۇنچە خەتلەرنى يېزىپ، مېنى تەبرىكلىدى، تەشەككۇر ئېيتتى، بەزىلەر ئايرىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ پىكىر، قاراش ۋە مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەسىلىلەر يىغىنچاقلانغاندا، يەنىلا يازغۇچىنىڭ مەقسىتى، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى، ئەسەرنىڭ يېشىمى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بولدى. بۇ هال مېنى بۇ ئەسەرنى قانداق يازغانلىقىم توغرىسىدا بىرەر پارچە ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى ماقالە يېزىپ، ئوقۇرمەنلەر ۋە قەلەمداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشقا ئۈندىدى. بۇ ماقالەم يەنە بىر تەرەپتىن، ياش قەلەمكەشلەر ئۈچۈن ئاز - تولا ئىجادىيەت تەجرىبىسى ۋە ئىزدىنىش يولىدىكى تەجرىبە - ساۋاق بولۇپ قالار.

مېنىڭچە، ياخشى بىر رومانىنى ئوقۇش خۇددى بىر يېڭى دۇنيا، يېڭى زېمىندا ساياھەت قىلغانغا ئوخشايدۇ، ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ، دۇنيادىن خەۋەر تاپقىلى بولىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئەلۋەتتە ئانچە ئاسان ئەمەس!

مەن «ئاي يامغۇرى»نى تاسادىپىي هالدا يېزىپ قالدىم دېسەممۇ بولىدۇ. چۈنكى، مەن 1992 - يىلى يازدا تارىخىي تېمىدا بىر ئەسەر يېزىش نىيىتىدە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش ئۈچۈن، قەشقەر، يەكەن، مەكىت تەرەپلەرنى ئايلاندىم. بۇ چاغدا كاللامدا پەقەت سەئىدىيە

خانلىقنىڭ يىمىرىلىشى ، ئاپاق خوجىنىڭ زوراۋانلىقى ، ئاق تاغلىق ، قارا تاغلىق ، جاھالەتلىك سوپىزم دېگەندەك ئۇقۇملارلا ھۆكۈمران ئىدى . تارىخىي تېمىدىكى بۇ ئەسەرنى قانداق يېزىش نەدىن باشلاپ ، نەدە ئاخىرلاشتۇرۇش توغرىسىدىلا ئويلايتتىم تەسەۋۋۇر قىلاتتىم . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى پروفېسسورى قەدىناس ساۋاقدىشىم ، كەسىپدىشىم ئابلىمىت ئىسمايىل مېنىڭ يىراق تارىخنىڭ غۇۋا ئورمانلىقىدا گاڭگىراپ ، تىت - تىت بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىمنى سېزىپ ، مۇنداق دېدى : «ئاداش ، سەن بۇنچە بەك يىراقتا كەتمەي ، بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمىزنى يېزىپ باقساڭ قانداق ؟ ئوبدان يېزىلسا ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئەسەر چىقاتتى . ئۇ چاغدا بېشىمىزدىن نېمە ئىشلار ئۆتمىدى دەيسەن ؟ ! »

راستىنى ئېيتسام ، بۇ سۆز ئەينى ۋاقىتتا ماڭا ئانچە تەسىر قىلمىدى ، ئاڭلاپلا قويدۇم ، خالاس . كېيىن مەكتىنى ئايلىنىپ يوپۇرغىنا كەلگەندە ، ئۇ يەردىكى قەلەمداشلار مېنى ئىككى كۈن تۇرغۇزۇۋالدى ، سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق . بەزمە ئويىندۇق ، باغ سەيلىسى قىلدۇق . شۇ جەرياندا گەپتىن - گەپ چىقىپ ، مەن بىر ساۋاقدىشىمنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىكى پاراڭنى ئاڭلاپ قالدىم . ئەسلىي بۇ ساۋاقدىشىم 1962 - يىلدىكى ئاچارچىلىق مەزگىلىدە نېرۋىسى بۇزۇلۇپ ، دوختۇرلار تەرىپىدىن «ساراڭ» دېگەن قالپاقنى كىيىپ ، ئائىلىسىگە مەجبۇرىي قايتۇرۇلغانىدى . كېيىن جاھان ئوڭشىلىپ ، تۇرمۇش باياشات بولغاندىن كېيىن ، ئۇ ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىپ ، ساقىيىپتۇ ۋە ھازىر ئاشۇ يەردىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ، ئەدەبىيات دەرسى بېرىۋېتىپتۇ . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كاللامدا تۇيۇقسىز بىر پارتلاش يۈز بەردى ، شۇ ھامان كۆز ئالدىمدىن ئاشۇ ساۋاقدىشىمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئېچىنىشلىق

سەرگۈزەشتىلىرى — بىر پارچە نان ئۈچۈن ئاللاغا نالە قىلىپ قاقشىغانلىرى ، قار ياغقان يېرىم كېچىدە قورسىقى ئېچىپ ، ئۆندەرەپ قوپۇپ ، يالىڭاچ پېتى ياتاقتىن چىقىپ ، ئەرگۈشدىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىن تېببىي ئىنستىتۇتقا يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكى ، كېيىن يۈز - كۆزلىرىنى ئالا - بۇلىماچ بوياپ ، مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ يېنىدىن كەتمەي ، كۆكتات شۆپەكلىرىنى تېرىپ يېگەن ناتىۋانلىق ھالەتلىرى بىرمۇ بىر ئۆتتى . مانا شۇ ئەسلىمە شۇ دەقىقىدە مېنىڭ بارلىق ئىجادىيەت پىلانىمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى . شۇ ۋاقىتتىلا مەن دوستۇم ئابلىمىت ئىسمايىل بەرگەن تەكلىپنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتىم . ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل ھاياجان — بېسىپ بولماس ئىجادىي ھاياجان پەيدا بولدى . شۇ ھامان ئۆزۈممۇ ئىختىيارسىز ھالدا 1961 - ، 1962 - يىللىرىدىكى ئۇقۇغۇچىلىق دەۋرىمگە قايتىپ كەتتىم .

ئۇ دەۋر زادى قانداق ئىدى ؟

ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ تۈپرىقى ، ئاساسى ۋە ھاياتى بولغان تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە ، ئالدى بىلەن دەۋر چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك . ئۇنداقتا شۇ دەۋرنىڭ چىنلىقى زادى نېمە ئىدى ؟ ئۇ چاغدا سىياسىي جەھەتتىكى چېكىدىن ئاشقان «سول »چىللىق بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈچ يىل ھۆكۈم سۈرگەن قەھەتچىلىك تۈپەيلىدىن ئانا يۇرتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشكەنىدى . ئۇ يىللار ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە ، قىسمەتلىك ئىدى . ئاتالمىش «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » گەرچە كىشىلەرنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا زور پاجىئەلەرنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كىشىلەرنىڭ قورسىقى توق ، يېمەك - ئىچمەك يېتەرلىك ئىدى . ۋەھالەنكى ، ئۇ يىللاردا بولسا ، سىياسىي جەھەتتىكى «سول »چىللىقنىڭ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا پەيدا قىلغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىدىن سىرت ، تۇرمۇش جەھەتتە ئاچارچىلىق ، ئىقتىسادىي

www.uyghurkitap.com

جەھەتتە ئاپەت مەۋجۇت ئىدى . ئادەملەر جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن
كۈرەش قىلدى ، ئاچارچىلىق ، غۇربەتچىلىق بىلەن ئېلىشتى.
تۇرمۇش قان ۋە ياش بىلەن تولغانىدى ...

كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان ئەدەبىي
ئەسەر ، ئومۇمەن روشەن رېئاللىقا ۋە دەۋر چىنلىقىغا ئىگە
بولغان بولىدۇ . ئەدەبىيات دەۋرنىڭ ئەينىكى . بىر ئۇلۇغ دەۋر-
نىڭ چىنلىقىنى ياكى بىر جاپا ـ مۇشەققەتلىك دەۋرنىڭ چىنلىقى-
نى پەقەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارقىلىقلا ئەكس ئەتتۇرگىلى
بولىدۇ . بىز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ يىللار ھەم ئۇلۇغ ،
ھەم پاجىئەلىك يىللار ئىدى . ئەگەر ، بىز ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشنى
بويىماي ، سەممىيلىك بىلەن ئەسلەيدىغان بولساق ، بېشىمىزدىن
كەچۈرگەنلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى بىزنىڭ ئارزۇيىمىزغا يات
نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . تارىخنىڭ مۇساپىسى ھەمىشە
بىزنىڭ كۈتمىگەن يېرىمىزدىن چىقىدۇ ، ئەسلىدە تارىخنىڭ تە-
رەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بولىدۇ . لېكىن تارىختا
قانداقلا بولمىسۇن ، بەزى ۋاقىتلاردا ، مەلۇم شارائىت ئاستىدا
پەيدا بولىدىغان پەۋقۇلئاددە تارىخىي ھادىسىلەرنى ئالدىنئالا مۆل-
چەرلىمەك ئىنتايىن قىيىن . بىز ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان
ۋاقىتلاردا ، بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن دەۋر ئاشۇنداق ئالاھىدە شا-
رائىت ئاستىدىكى ئالاھىدە دەۋر ئىدى . بۇ دەۋر ياش ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن چىگىش سوئاللارنى ، نۇرغۇن قىيىن
سىناقلارنى قويدى . خېلى كۆپ ئادەملەر بۇ سوئال ، سىناقلاردىن
ئۆتەلمەي يېرىم يولدا چۈشۈپ قالدى !

مانا شۇ تويۇقسىز ئۇچرىشىش ۋە شۇ تۇيەيلى پەيدا بولغان
چوڭقۇر ئەسلىمە مېنىڭ ئىجادىيەت پىلانىمدا بىردىنلا ئۆزگىرىش
ھاسىل قىلىپ ، مېنى يېقىنقى زامان تېمىسىدا ئەسەر يېزىشقا
ئۈندىدى . مەن شۇ مەقسەت بىلەن قەشقەردە ، ئۈرۈمچىدە نۇر-
غۇن ساۋاقداشلىرىمنى زىيارەت قىلدىم ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-

ئىستەكلىرىنى ئاڭلىدىم ، سىرداشقانسېرى بۇ ئەسەرنى يېزىش
قىزغىنلىقىم ئاشتى ، ئىدىرادەم تېخىمىۇ چىڭىدىدى . ئويلاپ قا-
رىسام ، شۇ جاپا - مۇشەققەتلىك ئوقۇش مۇساپىسىنى تۈگىتىپ ،
ئاشۇ قىسمەتلىك يىللارنىڭ مۇشكۈل سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ ، ها-
زىرغىچە ھەرقايسى ساھەلەردە ئىشلەۋاتقان ساۋاقداشلىرىمنىڭ
ئالدى ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىپ ، ئۆلكە دەرىجىلىك كادىر بوپتۇ ،
كەينى ۋىلايەت ، ناھىيىـە ۋە يېزىـلاردا ھوقۇق يۈرگۈزۈۋېتىپتۇ .
مائارىپ ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىدە بولسا ،
ھەممىسى دېگۈدەك تايانىچ كۈچلـەر بولـۇپ ، يۇقىـرى ئۇنۋانغا
ئېرىشىپ ، خەلقىنىڭ شان - شەرىپىگە مۇيەسسەر بوپتۇ . دېمەك ،
ئۇلار خۇددى ئالاھىدە ئوچاقتا تاۋلىنىپ چىققان ئالاھىدە مېتال-
دەك ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ لاياقەتلىك ، ئىقتىدارلىق ئادەملى-
رىگە ئايلىنىپتۇ . بۇ ھال مېنى سۆيۈندۈردى ، پەخىرلەندۈردى ،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە يېزىش ئارزۇيۇمنى
تېخىمۇ كۈچەيتتى . قىسقىسى ، شۇ ئالاھىدە يىللارنىڭ مەندە ۋە
مېنىڭ ئەتراپىمدىكى ساۋاقداشلىرىمدا قالدۇرغان ئۇنتۇلغۇسىز
تەسىرى مېنى كۈچلۈك ئىجادىي ئىلھام ۋە چوڭقۇر ئىجادىي ھايا-
جان بىلەن تەمىنلىدى . يازغۇچىلىق ۋىجدانىم ، بۇرچۇم ۋە مەس-
ئۇلىيىتىم مېنى بۇ رومانىنى يېزىشقا جىددىي قىستىدى . نەتىجىدە
ئۆزۈمنىغا قالماي ، مەن ئۆزۈم كۆرگەن ، تەقدىرلىرىنى كۆزەتكەن ،
ھەمدەم بولۇپ بىرگە ياشىغان كىشىلەر ھاياتىنى قەلەمگە ئېلىشقا
كىرىشتىم . روماندا تەسۋىرلەنگەن سىنىپ ، مەيدان ، كوچا ۋە
باغلاردا مېنىڭمۇ ياشلىقىم ئۆتكەن ، ئوقۇرمەنلەر ياخشى كۆرۈپ
قالغان سەلىم ئەپەندى ، ئاقنىياز ، شاۋكەت ، بادامگۈل ، تۇرغۇن ،
غۇنچە قىز ، سەلەي قاشاڭ قاتارلىقلار بىلەن مەنمۇ كۆپ سۆزلەش-
كەن ، سىـرداشقان ، ئۇلار بىـلەن بىللە كـۈلگەن ، بىللە يىغلى-
غان ... بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن دوستلۇق ھەم سۆيگۈ تۇيغۇلى-
رى ماڭا ھەقىقەتەن تونۇش . مەن بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئويلانغان ،

تەسەۋۋۇر قىلغان ۋاقتىمدا، ئىختىيارسىز ئۆزۈمنىڭ ياشلىقىنى ئەسلىدىم، ئۇ مەندە ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئاجايىپ ھېسلارنى ئويغات- تى. مەن شۇ چاغدا ئىشق ئوتىغا پۆركەنگەن يىگىتلىكنىڭ تاتلىقلىرى- نى، ئىستىقبال دەردىدە ئۆرتەنگەن غۇربەت ۋە قاتىلاڭ دەملىرىنى بەخت ـ سائادەت باغرىغا چاقىرغان نۇرلۇق كېچىلەرنى كۆرگەن- دەك بولدۇم. بالاغەتكە يەتكەن ياشلارنىڭ ئۆزىدەك بىغۇبار ئويلى- رى، باللارچە پاك سۆيگۈسى، مۇھەببەتنىڭ پىنھان، لېكىن شېرىن تۇيغۇلىرى، بىرىنچى قېتىم سۆيۈشكە ئىنتىلگەن لەۋلەر- نىڭ قىزغىنلىقى، ئەتىگەنكى تاڭدەك ساپ، ئاپتاپتەك ئىللىق، باھار شامالىرىدەك سالقىن، تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان تۇنجى سۆيگۈ تەشنالىقى، ئادىششىش، ئىنتىلىش، غۇربەت، كۈلپەت قاتارلىقلارنى كۆرۈپ، يۈرەكتىن قايتا ھېس قىلغاندەك بولدۇم!

يازغۇچى ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇشنى بىۋاسىتە كۆزەتكەن، ئۇ ھەقتە بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولغان ۋە ئۇنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى ئۆز قەھرىمانى بىلەن بىللە تېتىغان، شۇنداقلا تۇرمۇشنى كۈچلۈك مۇھەببەت ـ نەپرەتى بىلەن ئىپادىلىگەن بەدىئىي ئەسەرلەر ھەقىقەتەنمۇ ئوقۇر- مەنلەرگە جانلىق، تەسىرلىك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەچكە، شۇنداق بو- لىدۇ. كۆزىتىلگەن ۋە پىششىق تونۇشقان ئادەملەر يازغۇچى ئۈچۈن قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى. مۇۋاپىق غەلىتە بو- لۇش، لېكىن ئۇنىڭ چىنلىقىنى يوقىتىپ قويماسلىق، گۈزەل بولۇشقا بېرىلىش، لېكىن ئۇنىڭ رېئاللىقىنى يوقىتىپ قويماس- لىق كېرەك. بەدىئىي غەلىتىلىك ۋە گۈزەللىك تۇرمۇشنىڭ چىنلىقىدىن، رېئاللىقىدىن كېلىدۇ. مەن تەسۋىرلىگەن بىرنەچ- چە مۇھىم پېرسوناژلار سەنئەتنىڭ ئاشۇ قانۇنىيىتى بويىچە يارات- تىلدى. مەن سەلىم ئەپەندىگە ئوخشاش بىلىملىك، ئىقتىدار- لىق، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، لېكىن ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن

چەتكە قېقىلغان ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئوقۇتقۇچىلاردىن بىر-نىلا ئەمەس ، بەلكى بىرنەچچىنى كۆرگەن ، تونۇشقان ، دەردىنى ئاڭلىغان ، ئۇلارغا غايىۋانە چوقۇنغان ؛ ھاۋاز بەختىگە ئوخشاش ۋىجدانى سۇيۇق ، بىلىمسىز ، شۇنىڭغا قارىماي ، باشقىلارنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ يۇقىرى ئۆرلەشكە ئۇرۇنىدىغان قارانىيەت ، ساختىپەز ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ كۆرگەن ، تونۇشقان ، ئۇلاردىن غايىۋانە يىرگەنگەن ، نەپرەتلەنگەن ؛ ئاقنىياز ، شاۋكەت ، تۇرغۇن ، زايىت ، سەلەي قاشاڭ ، مەتكېرەم مەتقاسىم ، گىرت مىرتقا ئوخشاش ساۋاقداشلار بىلەن بەش يىل بىر مەكتەپ ، بىر سىنىپ ۋە بىر ياتاقتا ياشىغان ، ئۇلار بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق كېچىلەرنى غايە ، ئىستىقبال ، مۇھەببەت ، دوستلۇق ۋە ئەدەبىيات توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئۆتكۈزگەن ھەم بەزىدە ھايات توغرىسىدا ، ئادەم ۋە ئادەمنىڭ قىممىتى توغرىسىدا سۆزلىشىپ ، مۇنازىرىلىشىپ ، ھەتتا جاڭجاللىشىپ قالغان ؛ بادامگۈل ، غۇنچەقىز ، ئايزىم ئوماققا ئوخشاش قىزلار بىلەن دوست بولۇپ ، سۆيگۈ ، ۋاپا ، ئائىلىۋى تۇرمۇش توغرىسىدا سىرداشقان ، ھەتتا گېپى كەلگەندە ، ئوت - ئاتەش بولۇپ ئىشق - مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ! قىسقىسى ، مەن ئۆزۈم ئاشۇ يىللارنىڭ تىرىك شاھىتى ، ئىشتىراكچىسى بولغاچقا ، مېنىڭ پېرسوناژلىرىم ، قەھرىمانلىرىم كىرگەن كوچىلاردا مەن بار ئىدىم ، ئۇلار ئويلىغان ئويلارغا مەنمۇ شېرىك ئىدىم ، ئۇلار تارتقان ئازابلارغا مەنمۇ «ئاھ» ئۇرغانىدىم ، ئۇلار تاپقان بەختتىن مەنمۇ بەھرىمەن بولغانىدىم ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا كۆلۈپ ، قايغۇسىدىن يىغلىغانىدىم . ئەلۋەتتە ، بىر بەدىئىي ئەسەر تۇرمۇشنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ياكى ئەينەن سىزىلغان رەسىمى ئەمەس ، بەلكى ئۇ باي ۋە كەڭ بولغان تۇر-مۇشتىن ، يەنى زور تۇركۇمدىكى راست ئادەم ، راست ئىشلاردىن تەركىب تاپقان ماتېرىياللار ئاساسىدا بەدىئىي مەركەزلەشتۇرۇش ، ئىخچاملاش ئارقىلىق تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىشنى تەلەپ

قىلىدۇ. ئۇ، ھەم ئالاھىدە ھادىسە بولىدۇ، ھەم تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ، بىز ھەمىشە دەيدىغان سەنئەت چىنلىقى دېگەن مانا شۇ! يازغۇچى رەسسامنىڭ ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە، ئوبيېكتىپ جەھەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شەيئىنى چۈشىنىش ۋە بىلىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا يەنە باشقىچە مەزمۇنلارنىمۇ قوشۇشى كېرەك. بۇ «باشقىچە» مەزمۇنلار قوشۇلغاندىن كېيىن، شەيئىنىڭ قىياپىتىدە يېڭىلىنىش بارلىققا كېلىدۇ، ھەتتا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، يېڭى شەيئىگە ئايلىنىدۇ. سەنئەتكاردىمۇ شۇ شەيئىگە نىسبەتەن مۇئەييەن مۇھەببەت ۋە نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ ـ دە، بىر خىل ئېنىق ئىدىيىۋى ھېسسىيات شەكىللىنىدۇ. يازغۇچى مانا شۇ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئوبرازلار ئۈستىدىكى تەسۋىرگە سىڭدۈرىدۇ. مانا بۇ، ئىجادىيەتتىكى بايقاش ۋە بايقاشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى! روماندىكى سەلىم ئەپەندى، ھاۋاز بەختى، ئاقنىياز، زاھىت، بادامگۈل، غۇنچە قىز قاتارلىق ئوبرازلار ئەنە شۇنداق «باشقىچە» مەزمۇنلار قوشۇلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بەدىئىي پېرسوناژلاردۇر. مەن سەلىم ئەپەندىگە ئىقتىدارلىق بىر ئوقۇتقۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەردىن باشقا، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق ئىنسانلارغا خاس بەزى پەزىلەتلەرنىمۇ قوشتۇم. نەتىجىدە، ئۇ ئۆز غۇرۇرىنى قەدىرلەيدىغان، سۆز ۋە ھەرىكەتتە بۇ خىل غۇرۇرغا مۇناسىپ ئىش قىلىدىغان، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان ئادەم بولۇپ چىقتى؛ ئاقنىيازغا يارامىلىق بىر ئوقۇغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەردىن باشقا، ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، ئۆز قارىشىنى يوشۇرمايدىغان، مۆرىتى كەلسە قارامىلىق ۋە تەلۋىلىك قىلىشتىنمۇ يانمايدىغان ئادەملەرگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى قوشتۇم. نەتىجىدە، ئۇ ساختىلىق، رەزىللىكلەردىن يىرگىنىدىغان، ناھەق ئىشلارنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىغان، قەيسەر،

تۇرگۇن ، بەزىدە ھەتتا قارام ئادەم بولۇپ چىققى ؛ زايىتقا ئوقۇغۇ-
چى ۋاقتىدىن تارتىپلا شان- شۆھرەتكە ، مەنسەپ - ئەمەلگە
قىزىقىدىغان ساۋاقداشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەردىن
باشقا ، دوستلۇققا ، مۇھەببەتكە ۋاپاسىز ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش
ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان ، ساختا ، رەزىل ئادەملەردە بولىدى-
غان روھىي ئىللەتلەرنى قوشتۇم . نەتىجىدە ئۇ پۇرسەتپەرەس ،
كاززاپ ، كۆزىنىڭ قارىقىنى لىپ قىلىپ يامان نىيەتكە كېلەلەي-
دىغان قارا نىيەت ، لەنەتلىك ئادەم بولۇپ چىققى . بادامگۈلگە
گۈزەل ، لاتاپەتلىك ، ئاق كۆڭۈل سادda ئوقۇغۇچىلاردا بولۇشقا
تېگىشلىك خىسلەتلەردىن باشقا ، نومۇسچان ، ئىچى كۈچلۈك ،
ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىدىغان قىزلارغا خاس پەزىلەت-
لەرنى قوشتۇم . نەتىجىدە ، ئۇ دەپسەندە قىلىنىپ خورلانغانلىقى-
نى ، ئالدام خالتىغا چۈشۈپ ئەجەللىك خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى
سەزگەن ھامان ، خۇددى يارىلانغان چىشى شىر دەك غەزەپ -
نەپرەتكە كېلىپ ، ئۆزىنىڭ شۇنچە مۇلايىم ، ساددىلىقىغا قارى-
ماي ، قەيسەرلىك بىلەن ئۆلۈم يولىنى تاللاپ ، رېئاللىققا قارشى
ئىسيان كۆتۈرىدىغان پىداكار قىز بولۇپ چىققى .
دەرۋەقە ، يېگىدىن يېزىلىۋاتقان بىر رومان يازغۇچىنى يېڭى
ئالەم ، يېڭى توقۇنۇش ۋە يېڭى تەقدىرلەرگە دۇچ كەلتۈرىدۇ .
شۇڭا يازغۇچىدا بەزى ھاللاردا جۇرئەتسىزلىك ، قورقۇنچاقلىقتەك
روھىي ھالەتلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال . مەنمۇ بۇنىڭدىن
خالىي بولدۇم دېيەلمەيمەن . بۇ ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ تەقدى-
رى بىلەن ئەسەرنىڭ يېشىمى ئۈستىدە كۈچلۈك ئىپادىلەندى .
رومان ئۈستىدە دەسلەپ پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقتىمدا ،
ئۈچىنچى قىسمىدىكى ئۆلۈۋېلىش تراگېدىيىسىنى بادامگۈل ئۈس-
تىدە ئەمەس ، بەلكى سەلىم ئەپەندى ئۈستىدە قىلىپ بېكىتكەنى-
دىم . سەلىم ئەپەندى بېشىغا كەلگەن قاتمۇ قات ناھەقچىلىك-
لەرگە قارشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئارقىلىق نارازىلىق

بىلدۈرمەكچىدى . كېيىن قارىسام ، بۇ تازا مۇۋاپىق بولمايدىغان-
دەك كۆرۈندى . قانداق قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقان
ۋاقتىمدا ، ساۋاقداشلىرىم ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئوبزورچى مەمەت
پولات بۇ تراگېدىيىنى بادامگۈل ئۈستىگە قويۇش تەكلىپىنى بەر-
دى . بۇ تەكلىپ ماڭىمۇ خوپ كەلدى . شۇنداق بولغاندا ، سۈيىـ
قەست ، ھىيلە - مىكىر ۋە ناھەقچىلىكلەرگە قارشى ئۆلۈۋې-
لىش ئىسيانى — ئۆزىنى تۇتقان ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈ-
كىنى تېتىپ قانىتى قاتقان ، تۇرمۇش ۋە ئادەملەر توغرىسىدىكى
پىكىر ، كۆز قاراشلىرى پىشىپ يېتىلگەن سالىم ئەپەندى ئۈستىد-
دە ئەمەس ، بەلكى ئاق كۆڭۈل ، ساددا ھەم شۇ تۈپەيلى ئالدانغان ،
قىزلىق غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان ، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم ،
روھى ئاجىز بادامگۈل ئۈستىدە بولغاندا ، ئىشەنچلىك ، قايىل
قىلارلىق ھەم بادامگۈلنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولى-
دىكەن . ئەسەر ئەنە شۇ تەرىقىدە يېزىلىۋىدى ، ھەقىقەتەنمۇ ياخشى
ھەم تەسىرلىك چىقتى .

گېزى كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، بادامگۈلنىڭ تەق-
دىرىنى پاجىئەلىك ئۆلۈم بىلەن ھەل قىلىش ، مېنىڭچە ، بەزىلەر
ئېيتقاندەك ، بادامگۈل ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىك بولمايدۇ .
بەلكى بۇ ئوبرازنى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى چىنلىقتا
ھۆرمەت قىلغان ئاساستا بىر تەرەپ قىلغانلىق بولىدۇ . مېنىڭچە ،
بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بىمەنە شوئار ، چاقىرىقلار بىلەن تولۇپ
كەتكەن «سول »چىللىقلا قارشى غەزەپ - نەپرەت ۋە غەيرەت -
شىجائەت بىلەن ئېتىلغان زەربىلىك بىر ئوق . بادامگۈلنى ئۆز
قۇربانىغا ئايلاندۇرغان باش جىنايەتچى سىياسىي جەھەتتىكى چې-
كىدىن ئاشقان «سول »چىللىق بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋەتتىدىكى
رەزىللىكلەردۇر . بادامگۈلنىڭ ئۆلۈمىنى مەنتىقە بىلەن ھېسسى-
ياتنىڭ بىرىكىشى دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلى-
شى ، بىر تەرەپتىن ، مۇھەببەت تراگېدىيىسىنىڭ بىۋاسىتە

مەھسۇلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قىسقىغىنا جەمئىيەت تراـ
گېدىيىسىدۇر!
شاۋكەتنىڭ تەقدىرى ئۇستىدىمۇ كۆپ ئويلاندىم. ئۇنىڭ تەقـ
دىرىنى قانداق ھەل قىلىش ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى بىلەن
يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق تەرىپىنىڭ نىسبىتىنى ئىگىلەشكە تە ـ
ئەللۇق جىددىي ئىش ئىدى. مەن دەسلەپ، راستىنىلا بىر ئاز
جۆرئەتسىزلىك بىلەن شـاۋكەتنىڭ ئـاخىرقى تەقدىرىنى كونا
ئۇسۇل بويىچە ئىجابىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ، زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغان، ئاقلانغان ۋە ئاخىر ئوقۇشى ئەسلىگە كەلگەن قىلىپ
يازماقچى بولدۇم. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنىڭ دەۋر رېئاللىقىغا،
چىنلىققا تازا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، تىت ـ تىت
بولدۇم. شاۋكەتنىڭ تەقدىرىنى ئىجابىي يول بىلەن ھەل قىلغانـ
دا، سەممىمىي، چىن بولمايتتى. سەلبىي يول بىلەن ھەل قىلغانـ
دا، رېئاللىققا، چىنلىققا ئۇيغۇن بولاتتى، لېكىن ئىجتىمائىي
ئۇنۇم دېگەندەك جىددىي مەسىلىلەردە يا ئۇنداق، يا بۇنداق پىكىرـ
لەرنىڭ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. مانا بۇ، مېنىڭ شۇ
چاغدىكى ئازابىم، گاڭگىرىشىم ۋە جۆرئەتسىزلىكىم ئىدى. شۇ
چاغدا مەن بۇ ھەقتە شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ
پىكرىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۆز قاراشلىرىمنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي
ئېيتتىم، ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، قىسقىلا قىلىپ
مۇنداق دېدى: «كۆڭلىڭىز قايسىنى خالىسا، شۇنى يېزىڭ، شۇ
چاغدا، ئوبدان بولىدۇ» بۇ گەپ ماڭا مەدەت بولدى، ئاخىر
كۆڭلۈمنىڭ خاھىشى بىلەن شاۋكەتنىڭ تەقدىرىنى سەلبىي يول
بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا كەلدىم. يازغۇچىلىق ۋىجدانىم،
بۇرچۇم مېنى شۇنداق يېزىشقا چاقىردى. ئەمەلىيەتتە، رېئاللىقـ
نىڭ ئۆزى شۇنداق ئىدى. مېنىڭ ئابدۇقادىر كاتاڭ ئىسىملىك
بىر ساۋاقدىشىم ئەنە شۇنداق «كامېر»لاردا يېتىپ، پىپەن،
كۈرەش قىلىنىپ، مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا چۈشۈرۈـ
لۈپ، ئەڭ ئاخىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۇنىڭ جەستى

www.uyghurkitap.com

قۇدۇقتىن چىققاندى . ئۇنىڭدىن باشقا ، بىرنەچچە ساۋاقداشلىرىمۇ «ۋەتەن خائىنى» ، «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن بەتناملار بىلەن قارىلىنىپ ، مەكتەپتىن قوغلانغان ، تۈرمىلەردە ياتقانىدى . مېنىڭ مۇشۇ رېئاللىققا ، چىنلىققا سادىق بولغىنىمدىلا ، ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ، ئەينى ۋاقىتتىكى چېكىدىن ئاشقان «سول»چىللىقنىڭ مائارىپ سېپىگە كەلتۈرگەن زىيانلىرىنىمۇ چوڭقۇرراق ئېچىپ كۆرسەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم .

ھەقىقەتەنمۇ ، ھېسسىياتسىز ، ھاياجانسىز يېزىلغان ئەسەر ئوقۇرمەن كۆڭلىدىن مۇناسىپ جاي تاپالمايدۇ . ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچى كۆڭلىدىن ، قەلبىدىن بەئەينى ناخشىدەك ئېتىلىپ چىققاندىلا ، ئوقۇغۇچى قەلبىدىكى نازۇك تارىلارنى تىترىتەلەيدۇ . ئۇنى ھاياجانغا سالىدۇ ، ئويلاندۇرىدۇ ، ئاھ ئۇرغۇزىدۇ ، كۈلدۈرىدۇ ، يىغلىتىدۇ . مەن سېلىم ئەپەندى ، شاۋكەت ۋە بادامگۈللەرنىڭ سەرگۈزەشتىسى ھەم ئاخىرقى تەقدىرى ئارقىلىق ئاشۇ مەقسەتكە مەلۇم دەرىجىدە يېقىنلاشتىم ، دەپ قارايمەن .

رومانىنىڭ يېشىمى ئۈستىدىمۇ يەنە شۇ پىكرىنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ . بەزى ئوقۇرمەنلەر ماڭا : «ئەسەرنى ئوقۇپ بولغاندا ، ئادەم تازا پۇخادىن چىقمايدىكەن ، يەنە بىر ئاز يېزىپ ، ھاۋاز بەختى ، زاھىتتەك ئادەملەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك ئىدى» دېيىشتى . مەن بۇنداق پىكىرنىڭ چىقىشىنى رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەپ قارايمەن . چۈنكى ئوخشىغان تاماقنىڭ تەمى ئېغىزدا قالىدۇ ، ئادەم يەنە بىرئاز بولسىكەن ، دەپ تەمە قىلىپ قالىدۇ ، ئەسەرمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش . «ئاي يامغۇرى»نىڭ ئاشۇنداق يېشىم بىلەن ئاخىرلىشىشىنى مەن ئەمەس ، شۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقى ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بەلگىلىگەن . ئەگەر مەن ئەسەرنى يەنە بىرئاز سوزۇپ ، ھاۋاز بەختى بىلەن زاھىتتەك پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلغان بولسام ، بۇ بىر دىنچىدىن ، چىنلىققا تازا ئۇيغۇن بولمايتتى ،

دوگماتىزم بىلەن قېلىپبازلىقتا ئېلىپ باراتتى . ئىككىنچىدىن ، ئەسەر بىھۇدە سوز ۋلۇپ ، شىرىسى قاچاتتى ، ئوقۇرمەنگە ئويلاش ، پىكىر يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتى قالمايتتى . بەزىلەر يەنە ، ئەسەر-نىڭ ئاشۇنداق يېشىم بىلەن تۈگىشىنى قانداقتۇر «ئۈمىدسىز-لىك » ، «چۈشكۈن ھېسسىيات » ، «تراگېدىيىلىك تۈسى قويۇق» بولۇپ قالماسمۇ ، دەپ قاراشتى . دەرۋەقە ، فاكۇلتېتنىڭ غوللۇق ئوقۇتقۇچىسى سەلىم ئەپەندى مۇنبەردىن چۈشۈرۈلۈپ ، نازارەت ئاستىغا ئېلىندى ؛ شۇنچە مۇلايىم ، گۈزەل ، ئەخلاقلىق بادامگۇل ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى ؛ شاۋكەت «كامېر»غا سولىنىپ ، «ۋەتەن خائىنى» دەپ ئەيىبلەندى ... شۇڭا بىر قارىماققا ، ئەسەرنىڭ «تراگېدىيىلىك تۈسى قويۇق» ، «ئۈمىدسىزلىك» ئېغىرراق بو-لۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ . لېكىن ، مېنىڭچە ، ئۇنداق قاراشنىڭ تازا ئاساسى يوق . چۈنكى ، ئاشۇنداق بىر ئالاھىدە دەۋر ساداسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەردە ، شۇ دەۋرنىڭ ماھىيىتى بەدىئىي جەھەتتە قانداقتۇر باشقىچە تۈس بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا بۇنداق دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەسەرلەرنى قانداقتۇر «ئۈمىدسىزلىك» ، «چۈشكۈن ھېسسىيات» تەرغىب قىلىنغان دەپ ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، تراگېدىيىنىڭ ئالىيجاناب ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئەدەبىيات تارىخىدا باشتىن - ئاخى-رى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سوتسىيالىس-تىك جەمئىيەتتىكى تراگېدىيىلىك ئامىللارنىمۇ يوق قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ . تراگېدىيىنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن كىشىلەرگە رو-ھىي كۈچ بېرىپ ، كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتىنى چوڭقۇر قوزغىغىلى ، كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ ، غايىۋى كۆرەش مەيدا-نىغا ئاتلاندۇرغىلى بولىدۇ . قىسقىسى ، تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان پاجىئەلىك چىنلىقلار سەنئەتنى ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ . ھەممەيلەنگە ئېنىقكى ، مەن رومانىنىڭ ئۈچىن-چى قىسمىغا «تۆھمەت ، ئوت ، تۇمان... » دەپ نام بەردىم .

تۇمانىنىڭ ، گەرچە ئۇ ھەرقانچە قويۇق بولسىمۇ ھامان تارقىلىدىغان-لىقى ، ئۇ تارقىغاندىن كېيىن ئىللىق قۇياش كۆلۈپ چىقىپ ، ھەممە يەرنى نۇرغا ، يورۇقلۇققا پۈركەيدىغانلىقى بىر ھەقىقەت . مانا بۇنى يازغۇچىنىڭ بەدىئىي غايىسى ، بېشارىتى ۋە ئۈمىدى دەپ چۈشىنىش كېرەك !

ئومۇمەن ، رومانىنىڭ ئاخىرقى يېشىمى ، مېنىڭچە ، ھايات ھەقىقىتىنىڭ ۋە ئەخلاقىي قائىدىلەرنىڭ مۇقەررەر غەلىبىسى بول-دى ، دەپ قارايمەن !

ئەمدى بەزى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى قانداق ئاچقانلىد-قىنى توغرىسىدىكى ئەمەلىي مەسىلىگە كېلەي :

ئاقنىياز بۇ روماندا مەن سۆيۈپ تەسۋىرلىگەن ، كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈشكە تىرىشقان ئوبرازلارنىڭ بىرى .

بىر كىشىنىڭ قىممىتىنى تولۇق كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، شۇ كىشىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ تولۇق نامايان بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىر-لاپ بېرىش كېرەك . مەن ئاقنىيازنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا ئاساسەن ئالتە مۇھىم دېتالدىن پايدىلاندىم : بىرىنچىسى ، ئۇنىڭ خەلقنى يامغۇر ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ، ئۇن نەچچە ساۋاق-داشنى باشلاپ ئىتتىپاق يىغىنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئارقى-لىق ، قورقۇمسىزلىقىنى ، مېھنەت سۆيەر ، خەلق سۆيەر ، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان تۈرگۈن ، تاشقىن روھىنى ئىپادىلى-دىم ؛ ئىككىنچىدىن ، شاۋكەت «ۋەتەن خائىنى» دېگەن بەتنام بىلەن قارىلىنىپ ، «كامېر»غا سولانغاندا ، ئۇنىڭ بىلەن يوشۇ-رۇن ئالاقە قىلغانلىقى ، ئۇنىڭغا يەنىلا دوستانە ئىشەنچ بىلەن سەممىي ھېسداشلىق قىلغانلىقى ئارقىلىق ، ئۇنىڭ دوستلۇققا ۋاپادار ئىكەنلىكىنى ، ناھەقچىلىكنى كۆرگەندە كۆكرەك كېرىپ چىقالايدىغان قورقۇمسىز يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم ؛ ئۈچىنچىسى ، ئوقۇشماستىن غۇنچە قىزنىڭ ئۆيىگە مەدىكارلىققا

بېرىپ ، كېيىن غۇنچە قىزنى كۆرۈش بىلەنلا ، ئۇ يەردىن يېرىم يالىڭاچ پېتى قېچىپ كەتكەنلىكى ئارقىلىق ، ئۇنىڭ نومۇسچان ، غۇرۇرلۇق يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم ؛ تۆتىنچىسى ، يوشۇ- رۇن كۆيۈپ يۈرگەن مەشۇقى غۇنچە قىزنىڭ ئىپپىتىگە تېگىش ئۈچۈن ، ئۇنى ياتاقتا ھوشسىزلاندۇرۇپ ، يالىڭاچلاپ ، كېيىن يەنە بىردىنلا يامان نىيىتىدىن يېنىپ ، قىزنى ئۆز پېتى ياتقىغا ئاپىرىپ قويغانلىقى ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋىجدانلىق ، باشقىلارنىڭ بەختىنى ئۆز بەختى دەپ بىلىدىغان شەخسىيەتسىز ، ئالىيجاناب ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم ؛ بەشىنچىسى ، ئاچلىق ئازابىغا چىدىماي ، ئېچىرقاپ كەتكەن كالا بىلەن قىزىلچا تالىشىپ ، ئاخىر قىزىلچىنى كالىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكى ئارقىلىق ، ئۇنىڭ نەپسانىيەتسىز ، ئىنسانىي پەزىلىتى ئۈستۈن ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم ؛ ئالتىنچىسى ، فاكۇلتېت بويىچە قانات يايغان «قىد- رىق بىرىنچى» كىنوسى ئۈستىدىكى مۇنازىرىدە ، ئۆزىنىڭ مۇس- تەقىل كۆز قارىشىنى ئىپادىلىگەن جانلىق نۇتقى ئارقىلىق ، ئۇنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان ، چوڭقۇر ئىزدىنىدىغان ، كۆز قارىشىنى يوشۇرمايدىغان سەمىمىي ھەم قىزغىن ئادەم ئىكەنلىكى- نى كۆرسەتتىم .

شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى ، بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆتىنچى دېتال ئۈستىدە خېلى كۆپ ئويلاندىم . ئاشۇنداق يازغاندا ، ئاقنىيازنىڭ شەنىگە داغ چۈشەمدۇ ، قانداق ؟ دېگەن ئىككىلىنىشلەر بولدى . ئاخىر ئۇنى جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان تىرىك ئادەم سۈپىتىدە تەسەۋ- ۋۇر قىلىپ ، ئاشۇنداق يازدىم . كېيىن ھەقىقەتەنمۇ بەزى ئوقۇر- مەنلەردىن بۇ ھەقتە پىكىر چىقتى . لېكىن مەن يەنىلا ئاشۇنداق يېزىشنى توغرا ، دەپ قارايمەن . مەلۇمكى ، ھېسسىيات ، كەيپىيات ، ئوي - خىيال دېگەنلەر ئەقىلگە قارىغاندا تېز ۋە ئۆزگىرىش- چان بولىدۇ . شۇڭا ھېسسىياتتىكى جەريان ۋە ئۆزگىرىش ھەرگىزمۇ خاراكتېردىكى تۈپ ئۆزگىرىشكە ئېلىپ بارمايدۇ .

ئاقنىيازنىڭ غۇنچە قىزنى ياتاقتا ئالداپ ئەكىرىشى، ھوشسىزلىق ھالىتىدىن پايدىلىنىپ ئىپپىتىگە تېگىپ، شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالماقچى بولۇشى — دەل ئۇنىڭ بىردەملىك ھېسسىياتقا بېرىلگەنلىكى، ئەقىل بىلەن ئىش قىلمىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. لېكىن ئۇ ماھىيەتتىن يەڭگىلتەك، ۋىجدانسىز ئادەم بولمىغاچقا، ھالقىلىق پەيتتە يەنە ئەقلىنى تېپىپ، قۇترىغان ھېسسىياتىنى، شەھۋانىي نەپسىنى بېسىۋالىدۇ، چاڭگىلىغا چۈشۈپ بولغان قىزغا چېقىلمايدۇ ... مېنىڭچە، بۇنداق تەسۋىر ئاقنىيازنىڭ ئالىيجاناب خاراكتېرىگە داغ چۈشۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ھەقىقىي، جانلىق بىر ئادەم سۈپىتىدە نامايان قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ غۇنچە قىزغا بولغان ساپ، سەمىمىي، لېكىن بەختسىز مۇھەببىتىگە ئىختىيارسىز ھېسداشلىق قىلماي تۇرالمايمىز.

بۇنىڭ ئىچىدىكى بەشىنچى دېتالمۇ ساۋاقدىشىم مەمەت پولاتنىڭ ئەھمىيەتلىك پىكرى بىلەن بۇرۇنقىدىن باشقىچە تۈس ئالدى. ئەسلىدە، ئاقنىياز ھېلىقى ئېچىرقاپ كەتكەن كالا بىلەن قىزىلچا تالاشقاندا، مەن ئۇنى بارلىق كۈچى بىلەن تىركىشىپ، قىزىلچىنى كالىنىڭ ئاغزىدىن تارتىۋېلىش پەيتىدە، كالا ئەلەمگە چىدىماي، ئۇنى ئۈسۈپ يارىلاندۇرغان قىلىپ يازماقچىدىم. مەمەت پولات بۇ پىلانىمنى ئاڭلاپ: «ئەڭ ياخشىسى، ئاقنىياز قىزىلچىنى كالىغا بەرسۇن، ئۇ ئادەمغۇ! » دېدى. بۇ قىسقىغىنا پىكىر مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئەسلىي پىلانىم بويىچە يېزىلغاندا، دەرۋەقە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاچارچىلىقنىڭ پاجىئەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىغىلى بولاتتى. ئەمما پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى يارقىنلاشتۇرۇشتا بولسا، راستىنىلا ئانچە پايدىسى بولمايتتى. شۇڭا دەرھال مەمەت پولاتنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ دېتالنى ئۆزگەرتىپ يازدىم، بۇنىڭ بىلەن قەھرىمانىم ھەقىقەتەنمۇ بىر بالداق يۇقىرى

كۆتۈرۈلدى. شۇ چاغدا خىيالىمغا بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامونى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەت كەلدى: ساكيامونى بىر كۈنى ئورمانلىقتا كېتىۋېتىپ، بىر شىرغا ئۇچراپتۇ. شىر يېڭىلا بەشنى كۈچۈكلىگەنىكەن، شىرنىڭ ئۆزىمۇ، بەش بالىسىمۇ ئىنتايىن ھالسىز، ئانا شىردىن سۈت چىقماپتۇ، بەش كۈچۈك ئانا سۈتىگە تەشنا. ئۇلار شۇ ھالدا ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ساكيامونى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، كىيىم - كېچەكنى سېلىپ، يالىڭاچ پېتى ئانا شىرنىڭ يېنىدا يېتىپ: «سەن مېنى يېگىن، مېنىڭ گۆشۈم بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ئۆزۈڭنى ھەم بەش بالاڭنى قۇتقۇزغىن!» دەپتۇ. ئانا شىر ساكيامونىنى يەپتۇ، ئۇنىڭغا ماغدۇر كىرىپتۇ، سۈتمۇ كەپتۇ، بەش كۈچۈك ئانا سۈتىگە تويۇپ، ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلۇپتۇ. شۇ چاغدا ساكيامونىنىڭ رەھىمدىل، شەخسىيەتسىز ۋە ئالىيجانابلىقىدىن تەسىرلەنگەن خۇدا ئۇنىڭغا قايتا جان بېرىپتۇ... بۇ ئاددىي رىۋايەتتە ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى چوڭقۇر مەنە ھەم ھېكمەت بار ئىدى.

ئاقنىيازنىڭ قارشىسىدىكى زايىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتىمۇ بىرنەچچە مۇھىم دېتالدىن پايدىلاندىم: بىرىنچى، شاۋكەت «كامىر»غا سولانغاندا، بىردىنلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، سوراق قىلغانلىقى، ئۇرغانلىقى ئارقىلىق، ئۇنىڭ دوستلۇققا، ۋاپاغا خائىنلىق قىلىپ، سىياسىي پۇرسەتپەرەسلىك يولىغا ماڭغان كاززاپ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم؛ ئىككىنچى، «قىرىق بىرىنچى» توغرىسىدىكى مۇنازىرىدە ئۇنىڭ ساپلا سىياسىي شوئار، دوگماتىزىم ۋە قۇرۇق پوپوزا بىلەن تولغان «جەڭگىۋار» نۇتقى ئارقىلىق، ھەرقانداق ۋاقىتتا شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش تۇتىدىغان، بارلىق سۆز - ھەرىكىتىدە مەلۇم باشلىقتا ياراشنى مىزان قىلىدىغان ساختا، بىلىمسىز، پوپاڭچى، مەمەدان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم؛ ئۈچىنچى، بادامگۈلنى ئالداپ، ئېپپىتىگە تېگىپ، كېيىن تاشلىۋەتكەنلىكى ھەم ئۆزىگە تەئەللۇق بالىنى

سەلىم ئەپەندىگە ئارتىپ قويۇش ئۈچۈن، بادامگۈلنى ھىيلە -مىكىر بىلەن ئالداپ قىستىغانلىقى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىنتايىن شەخسىيەتچى، قارا نىيەت ھەم ھىيلىسى تولا ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم ...

ئەلۋەتتە، ئاساسلىق پېرسوناژلاردىن سەلىم ئەپەندى، ھاۋارەختى ۋە بادامگۈل قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا قوللىنىلغان دېتاللارمۇ كۆپ ھەم بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەردە ھەممە نەرسە ئايرىم، كونكرېت شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، دېتال (تەپسىلات)نىڭ رولى ھەقىقەتەن مۇھىم. جانلىق دېتاللار يوق ئەسەرلەرنىڭ سۇژېتى ھەرقانچە مۇكەممەل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بەرىبىر ئەدەبىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ «ۋەقە تاپماق ئاسان، دېتال تاپماق تەس» دېگەن سۆزىنىڭ سىرىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

يازغۇچى قەھرىمانلىرىنىڭ قىياپىتىنى سىزىشتا خىلمۇخىل يول تۇتىدۇ. بىرىنىڭ تاشقى قىياپىتىنىلا تەسۋىرلەپ بەرسە، بىرىنىڭ ئوي - خىياللىرىنى، ئىچكى دۇنياسىنى تەسۋىرلەيدۇ. مەنمۇ شۇ ئۇسۇلنى قوللاندىم. زايىت يەڭگىلتەك، ۋىجدانى سۇس يىگىت. ئۇ پەقەت شان - شۆھرەت ۋە يۇقىرى ئۆرلەشنىلا ئويلايدۇ. مەن ئۇنى تاشقى تەرەپتىن كۆزەتتىم ۋە شۇ يوسۇندا سۈرەتلىدىم. ئەمدى ئاقنىيازنى بولسا، كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، روھىي قىياپىتىنى تەسۋىرلەشكە تىرىشتىم. شۇڭا ئاقنىياز يالغۇز غورۇرلۇق، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان سالماق يىگىتلا ئەمەس، بەلكى زامان تەرىبىيىسىنى كۆرگەن، جاھاننىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغان، دەۋر ھەم دوستلىرى ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بىر شەخسكە ئايلاندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يېرىك ئەسەرلەردە ھەرخىل ئادەملەر سۈرەتلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرى، خۇي - پەيلى، ئارزۇ - ئارمانلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئەگەر يېرىك ئەسەر باشتىن - ئاخىر بىر ئاھاڭ، بىر قېلىپتا يېزىلسا، ئۇ

ئوقۇغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى كۆز ئال-دىدا ھەمىشە بىر خىل ئادەم، بىر خىل مۇھىتلا پەيدا بولىدۇ. شۇڭا مەن بۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئەسەردە ئالتە پارچە خەتنى قىستۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندىم. ھەر قىسىم-دا ئىككى پارچىدىن خەت بار. ئاچلىق، غۇربەتچىلىككە چىداي-ماي، ئوقۇشنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن تۇرغۇننىڭ نامىدا يېزىلغان بۇ خەتلەر ئوقۇرمەنلەرنى بىر دىنلا چوڭ شەھەردىكى بىلىم يۇرتىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىپ، گادايلىق، نادانلىق ۋە قابا-ھەت باسقان كەڭ يېزا - سەھرا ھاياتى بىلەن، كاج تەلەي دېھقانلارنىڭ تەقدىرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلەردە يېڭى چۈشەنچە، يېڭى تەسىرات ۋە يېڭى كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ. ئەسەرمۇ كەڭ جەمئىيەتكە باغلىنىدۇ.

ئاخىرىدا ئىككى مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلاي:

بىرى، رومانىنىڭ ماۋزۇسى توغرىسىدا، بەزىلەر بىر قاراپلا: «ئايدىنمۇ يامغۇر ياغامدۇ؟» دەپ غەلىتىلىك ھېس قىلىشتى. مېنىڭچە، ھەرقانداق يازغۇچى ئەسەردىكى مەنزىرىلەرنى ئۆز تۇي-غۇسىغا ئاساسەن، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىغا، ھېسسىياتىغا ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ كۈچى، ئادەم قەل-بىنىڭ ئەركىن پەرۋازى. بۇنداق چاغدا يازغۇچى بىۋاسىتە تۇيغۇ-نى ئاساس قىلىدۇ. شولوخوۋ «تىنچ دون»دا: «ئاكسىنىيە ئۆل-گەندىن كېيىن، گىرىگورىي بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاسماندىكى قارا قۇياشنى كۆردى» دەپ يازىدۇ. بۇ يەردە ئاپتور بىۋاسىتە بەدىئىي سېزىمنى — گىرىگورىينىڭ نەق شۇ چاغدىكى تۇيغۇسىنى ياز-غان. مەنمۇ بادامگۈل پاجىئەلىك ئۆلۈۋاتقان شۇ ۋاقىتتا، ئاي ئۆزىدىن يىراق بولغان زېمىندا يۈز بېرىۋاتقان بۇ پاجىئەلەرگە چىدىماي، كۆز يېشىنى يامغۇر قىلىپ تۆكتى، دەپ يازدىم. مانا بۇ، پەقەت ھېس قىلىشقىلا بولىدىغان، يازغۇچىنىڭ بىۋاسىتە تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، تەبىئەت تۇيغۇ بىلەن ياشمايدۇ، بىراق ئۇ تۇيغۇلارنى يارىتىدۇ!

يەنە بىرى، ئەدەبىي ماتېرىيال توپلاش جەھەتتە خېلى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىزدەندىم دېسەم بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، رومان دەۋرنىڭ ئەينىكى، مىللىي پسخىك ھالەتنىڭ نامايەندىسى. رومانلار شەخسلەر كۆپ، ۋەقەلىك كۆپ، يىپ ئۇچى مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇ يازغۇچىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش جۇغلانمىسى بىلەن يېتەرلىك ماتېرىيال تەلەپ قىلىدۇ. مەن بۇ رومانىنى يې-زىشتىن بۇرۇن، يۇقىرى ـ تۆۋەندە بولۇپ نۇرغۇن ساۋاقداشلى-رىم، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىم بىلەن سۆزلىشىپ، شۇ چاغدى-كى ئادەم تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ۋەقەلەردىن تارتىپ، تۇر-مۇشتىكى ئەڭ كىچىك نەرسىلەرگىچە، يەنى شۇ چاغدا ئوقۇغۇچى-لار ئىشلىتىدىغان ئۈچ موچەنلىك «ئىپارخان» ماركىلىق سو-پۇن، ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىغان «ئالما ھارىقى»، «ماش ھارىقى»، ئۇلتۇرۇش ـ تانسىلاردا ئوقۇلىدىغان ناخشا، چېلىنى-دىغان مۇزىكىلارنىڭ تېكىستى، نامىلىرىغىچە ئىگىلىگەندىن سىرت، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنى ئەينەن بىلىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە بېرىپ، 1961 ـ، 1962 ـ يىللارنىڭ گېزىتلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ خاتىرە قالدۇردۇم، ھەتتا شۇ چاغدا قويۇلغان كىنو، تىياتىرلار-نىڭ ئىسمى بىلەن ئەدەبىيات بېتىدىكى شېئىر ـ ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇنىغىچە تونۇشۇپ چىقتىم. مېنىڭچە، بۇ نەرسىلەر ئەينى ۋاقىت تۇرمۇشىنىڭ چىنلىقى ۋە رېئاللىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، ئەلۋەتتە!

يۇقىرىقىلار مېنىڭ «ئاي يامغۇرى» رومانىنى يېزىشتىن بۇرۇن ۋە يېزىش جەريانىدا ئويلىغان، دۇچ كەلگەن ۋە ھەل قىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدىكى شەخسىي قاراشلىرىم. بەلكىم نە-زەرىيە جەھەتتىن تازا مۇۋاپىق بولمىغان، توغرا شەرھلەنمىگەن يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. قەلەمداش ۋە كەسپداشلىرىمنىڭ تۈزىتىپ بېرىشىنى سەمىمىي قارشى ئالىمەن.

1995 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى

# تۇنجى ھېكايىدىن مۇھەررىرلىككىچە ...

بىر يازغۇچى ئۇچۇن ئۆز ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنىپ، ئامىمىنىڭ دىققىتىنى قوزغىشىدىن ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك. ئەدەبىيات سېپىگە ئەمدى كىرىپ، مەشىق ئۇستىدە كېتىۋاتقان بىر ھەۋەسكار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تېخىمۇ شۇنداق. مانا مەن تۇنجى ئەسىرىم ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتىكى خۇشاللىق ھېسسىياتىنىڭ تەمىنى ھازىرغىچە تېتىپ كېلىۋاتىمەن.

«گۇرۇچ» ناملىق ھېكايەم تۇنجى قېتىم «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندا مەن تېخى 17 ياشلىق بالا ئىدىم. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ چاغدىكى خۇشاللىقنىڭ دائىرىسى كەڭ، داغدۇغىسى چوڭ بولدى. ئۇستاز ۋە ساۋاقداشلىرىم مېنىڭ تۇنجى غەلىبەمنى تەنتەنە قىلىپ، چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا ماختاشتى، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بولسا، مەندەك بىر ئويۇن قېپى كەپسىزنىڭمۇ قولىدىن ئىش كەلگەنلىكىگە قاراپ سۆيۈندى، پەخىرلەندى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن «تارىم» ژۇرنىلى مېنىڭ نەزىرىمدە، بۇرۇنقىدەك سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئاددىي بىر ژۇرناللا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئالدىمدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ داغدام يولىنى كەڭ ئېچىپ، گۆدەك قەلبىمنى نۇرلاندۇرغان نۇرلۇق ماياكقا، مېنى قولۇمدىن تۇتۇپ يېتەكلەپ كېتىۋاتقان مېھرىبان يول باشلىغۇچىغا، بىلىمگە تەشنا كۆڭلۈمنى زەمزەم سۈلىرى بىلەن سۇغارغان پۈتمەس بۇلاققا ئايلاندى ...

مەن مانا شۇ ئىلھامنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىجادىي مەشىققە تېخىمۇ زور ئىجتىھات بىلەن كىرىشىپ كەتتىم. مەشىق قىلىپ يېزىش، ھەرخىل ئەدەبىي كىتابلارنى بېرىلىپ ئوقۇش —

كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئېھتىياجغا ئايلاندى .

دەرۋەقە ، بۇ يولمۇ ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى . ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەتتە تازا قىزغىن بېرىلىپ ، ئالغا ئىنتىلىپ تۇرغان پەيتلىرىمدە ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدىم . ئۇنىۋېرستېتقا كىرىپ ئىككىنچى يىلىلا چىدىغۇسىز كۈنلەر باشلاندى . تۇرمۇش بىز ياش ستۇدېنتلاردىن جىددىي سىناق ئېلىۋاتاتتى . ئىككى يىل ئىچىدە 50 نەچچە ساۋاقدىشىمنىڭ يېرىمى دېگۈدەك سىناقتىن ئۆتەلمەي توزۇپ كەتتى . ئۇلار گەرچە ئەدەبىيات كەسپىنى چىن دىلىدىن سۆيۈپ كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئەينى يىللاردا مەملىكىتىمىزدە يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلگەن ۋاقىتلىق ئېغىر تۇرمۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ، سۆيگەن كەسپىنى تاشلاپ سەپتىن چىقىپ كەتتى . مەنچۇ ؟ مەن قانداق قىلىپ سەپ ئىچىدە قالدىم ؟ مېنى سەپ ئىچىدە ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، «تارىم» ژۇرنىلى ساقلاپ قالدى دېسەممۇ بولىدۇ . چۈنكى ، «تارىم» ژۇرنىلى تۇنجى قېتىم ماڭا بەخش ئەتكەن ئاشۇ ئىلھام ، ئاشۇ تۇرتكە ۋە ئاشۇ مەنىۋى كۈچ مېنى ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، ئېغىر يىللار ئۈستىدىن چىدام بىلەن يېتەكلەپ كەلدى . مەن ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا ، روھىي تەۋرىنىشكە دۇچ كەلگەندە ، «تارىم» ژۇرنىلىدا تۇنجى قېتىم ھېكايەم ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتىكى ئالقىش ھەم تەنتەنىلەرگە تولغان ئاشۇ خاسىيەتلىك مەنزىرىنى ئەسلىسەم ، باشقىدىن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدۇم ۋە شۇ چاغدىكى ئۇستاز ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۈمىد - ئىشەنچتىن پۇتمەس - تۈگىمەس غەيرەت ئالدىم . شۇنداق قىلىپ ، ئېغىر كۈنلەرمۇ ئۆگىنىش ، مەشىق ، ئىزدىنىش بىلەن ئاستا - ئاستا ئۆتۈپ كەتتى . 1962 - يىلىدىن باشلاپ ھېكايىلىرىم «تارىم» ژۇرنىلىدا يەنە ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى . بۇ چاغدىكى «تارىم» ژۇرنىلى مېنىڭ

نەزىرىمدە، يالغۇز ماڭا خۇشاللىق، ئىلھام ۋە تۈرتكە بېغىشلايدىغان بىر خىل مەنىۋى كۈچلا ئەمەس، بەلكى ئىجادىيەتتە يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشۈم ئۈچۈن ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغان تەلەپچان بىر ئۇستازغا ئايلاندى. بۇ چاغدا مەن «تارىم» ژۇرنىلىنى ئۆز ئۆيۈمدەك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشقا ئىنتىلدىم. لېكىن بۇمۇ ئوڭايغا چۈشمىدى. 1961 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مەن تەھرىر بۆلۈمىگە بىر نەچچە قېتىم ھېكايە ئېلىپ بارغان بولسامۇ، لېكىن تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ئىچكىرى كىرىشكە پېتىنالماي، تەلمۈرۈپ قايتىپ كەتكەنىدىم. بۇ، قانداقتۇر تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ مېنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ياكى ئۇلاردىن بىزار بولغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ژۇرنال ۋە ئۇنى ئىشلىگۈچىلەرگە بولغان ھۆرمىتىمنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم غايىۋىلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭغا قان - تەر سىڭدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان مۇھەررىرلەرمۇ ئوخشاشلا، مېنىڭ نەزىرىمدە ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدە ئادەملەر ئىدى. شۇڭا، مەن ئۇلاردىن تەبىئىي ھالدا ھېيىققان، قورۇنغانىدىم. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ئۆزۈمنىڭمۇ ئاشۇنداق بىر خاسىيەتلىك ئورۇنغا بېرىپ قالىدىغانلىقىمنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدىم. دەرۋەقە، تەقدىرنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن خۇپىيانە خۇشال بولغان بولسامۇ، لېكىن ئەندىشەممۇ يوق ئەمەس ئىدى. خۇشاللىقىم ئەلۋەتتە ئۆز نەزىرىمدىكى ئاشۇنداق بىر يۈكسەك، ئالاھىدە ئورۇنغا كېلىپ، مېنى ئەدەبىيات سېپىگە باشلاپ كىرىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان «تارىم» ژۇرنىلىنى بىۋاسىتە ئىشلەشكە قاتنىشىشتىن ئىبارەت شان - شەرەپكە ئىگە بولۇش بولسا؛ ئەندىشەم ئاشۇ شان - شەرەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقتا ئىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئەندىشىلەرمۇ

ئازىيىپ باردى . پېشقەدەم مۇھەررىر - ئۇستازلار يەنە مېنى يېتەكلىدى ، مەن مۇھەررىرلىك ئىشىنى ئەڭ ئالدى بىلەن بۇرۇن بىر تەرەپ بولۇپ بولغان ھېكايىلەرنى قايتا كۆرۈپ ، ئاپتورلارغا جاۋاب خەت يېزىشنى ئۆگىنىشتىن باشلىدىم . بۇ ئىش مېنى مۇھەررىرلىكنىڭ ئاساسىي ماھارىتىنى ئىگىلەشتە چېنىقتۇردى ، بۇ ئارقىلىق نەزەر دائىرەم بارغانسېرى كېڭىيىپ ، ئەسەرلەرنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش ، پەرقلەندۈرۈش جەھەتتە مەكتەپتە ئوقۇغان نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم .

ھەممىگە مەلۇمكى ، كىشىلەر مۇھەررىرلەرنى «نامسىز قەھرىمان» ، «تويلۇق كىيىم تىككۈچى» دېيىشىدۇ . بۇ سۆز بىر ئاز غەلىتىرەك تۇيۇلسىمۇ ، لېكىن تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ جاپالىقلىقىنى ھەم مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ .

تەھرىرلىك خىزمىتى مېنىڭچە ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، تەكشۈرۈش ۋە تەھرىرلەشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى كۆرسىتىدۇ . مۇھەررىرلەرنىڭ خىزمەتكە قول سالغان ھامان يولۇقىدىغىنى ئەسەر تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت . ئەسەر تەكشۈرۈش جەريانى ئەمەلىيەتتە ئەسەر تاللاش جەريانىدۇر . بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ، ئادەتتە ، ئانچە ئوڭاي ئەمەس . ئۇ مۇھەررىردە بىرقەدەر يۇقىرى كەسپىي بىلىم ۋە يۇقىرى يېزىقچىلىق سەۋىيىسى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۇنداق بولمىغاندا ئەسەرگە توغرا باھا بېرەلمەسلىكى تۇرغان گەپ . شۇڭا ، ئەسەرنى تونۇش مۇھەررىرلىكتە مۇھىم بىر ئىش ، شۇنداقلا ئەڭ قىيىن بىر ئىش . ئۇ ئەسەرنىڭ ھايات - ماماتىغا باغلىق . بۇ يەردە ، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان نەرسە — ئەسەرگە تەمكىنلىك بىلەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشتىن سىرت ، مۇھەررىرنىڭ «كۆز ئۆتكۈرلۈكى» ، يەنى «مال تونۇش» ئىقتىدارىدۇر . كىشىلەر مۇھەررىرلەرنى يەنە «ئەسەرنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى» دېيىشىدۇ . مېنىڭچە ، بۇ سۆز



www.uyghurkitap.com

ناهايىتى جايىدا ئېيتىلغان . دېمىسىمۇ ، قايسىبىر ئەسەر ئالدى بىلەن مۇھەررىرنىڭ كۆرۈشىگە سۇنۇلمايدۇ؟ مۇھەررىر ھەرقان-داق بىر ئەسەرنى كەم دېگەندە ئۈچ رەت كۆرىدۇ . مەسىلەن : تەكشۈرگەندە بىر رەت كۆرىدۇ ، تەھرىرلىگەندە بىر رەت كۆرى-دۇ ، ماشىنىكىدا بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر رەت كۆرىدۇ . يۇقىرىقى كۆرۈش نۆۋەتلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قىسقارتىشقا بولمايدۇ . بۇ جەرياندىكى مۇشەققەتنى بۇ ئىشنى قىلىپ كۆرمىگەن كىشى بىلمەيدۇ . دېمەك : «تۇنجى ئوقۇرمەن» بولغان مۇھەررىر ھەر-گىزمۇ ئاددىي ئوقۇرمەن سۈپىتىدىكى ئوقۇرمەن ئەمەس ، بەلكى نۇرغۇن ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ، ئەسەرنى تېخىمۇ مۇكەم-مەللەشتۈرۈپ ، گۈل ئۈستىگە گۈل قوندۇرغان «تۇنجى ئوقۇر-مەن» !

ئاپتورغا ياردەملىشىپ ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدى-غان مۇھەررىر ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ سۆز بايلىقىنىڭ مول ياكى ئەمەسلىكى ئەسەر تىلىنى گۈزەللەشتۈرۈشتە تولىمۇ مۇ-ھىم . دېمىسىمۇ ، «تويلۇق كىيىم تىككۈچى» مۇھەررىر تويلۇق كىيىمنى يارىغۇدەك تىكىش ھەم ئۇنىڭغا رەڭدار كەشتىلەرنى بېسىش ئۈچۈن ، خىلمۇ خىل يىپ - يىڭنىلەرنى تەييارلاشقا ، ھەتتا بەزىدە ، گۈل ئويۇش ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە «پارچە - پۇرات» رەختىلەرنىمۇ تەقلەپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ . دەرۋەقە ، كەشتە بېسىش ۋە «گۈل ئويۇش»تا ، مۇھەررىر بىلەن ئاپتور ، مۇھەررىر بىلەن ئوقۇرمەن ئارىسىدا بەزىبىر ئۇقۇشماسلىقلارمۇ بولۇشى مۇمكىن . مۇشۇ يەرنى يېزىۋېتىپ ، ئېسىمگە يېقىندا ئوقۇغان بىر ماتېرىيالدىكى تەھرىرلىككە ئالاقىدار قىزىق بىر تارىخىي ۋەقە چۈشۈپ قالدى : سۇڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر ۋاڭ ئەنشى كۇنلەرنىڭ بىرىدە يۇرتىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ ، يولدا مەلۇم بىر جايغا چۈشۈپتۇ . شۇ جايدىكى بىر شائىر ئۆزى يازغان بىر پارچە شېئىرنى ۋەڭ ئەنشىگە كۆرسىتىپتۇ .

شېئىرنىڭ ئىككى مىسراسى مۇنداق ئىكەن :

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سايرايدۇ تولۇن ئاي ئاسمان قەرىدە،
سىرىق ئىت ياتىدۇ گۈلنىڭ بەرگىدە.

ۋاڭ ئەنشىگە بۇ ئىككى مىسرا ياقماپتۇ، ئۇ ئويلاپتۇ : بۇ ئىككى مىسرادىكى سۆزلەر جايىغا چۈشمىگەن، «تولۇن ئاي» قانداقچە سايرايدۇ؟! يوغان بىر سىرىق ئىت قانداقچە «گۈل بەرگىدە» ياتالىسۇن؟!
شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئىككى مىسرانى مۇنداق ئۆزگەرتىپ-تۇ :

چاقنايدۇ تولۇن ئاي ئاسمان قەرىدە،
سىرىق ئىت ياتىدۇ گۈلنىڭ تۈۋىدە.

كىم بىلسۇن، ۋاڭ ئەنشىنىڭ بۇنداق ئۆزگەرتىشى دەۋرلەر-دىن بۇيان تەنقىدلىنىپ كەپتۇ. كىشىلەر ئۇنى «بىلىمسىز»، «ھاكاۋۇر» دەپ ئەيىبلەپتۇ. چۈنكى، ھېلىقى شائىر ياشايدىغان يۇرتتا بىر خىل قۇش بولۇپ، «تولۇن ئاي» دەپ ئاتىلىدىكەن، بىر خىل قۇرت بولۇپ، «سىرىق ئىت» دېيىلىدىكەن. قۇش ئەلۋەتتە ئاسمان قەرىدە «سايرايدۇ»، قۇرت «گۈل بەرگىدە» ياتسا بولىدۇ - دە!
ئەگەر، تەھرىرلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، شۇنداقلا، ئۆز خىزمىتىنى ئىنچىكە، ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان مۇھەررىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋاڭ ئەنشىنىڭ ئۆزگەرتكىنى پۈتۈنلەي توغرا، ۋاڭ ئەنشىنى ئەيىبلەش بىھاجەت. لېكىن بۇ يەردىكى كىچىككىنە سەۋەنلىك : ۋاڭ ئەنشىنىڭ شۇ جايدىكى يەرلىك شىۋىلەرنى ئاز - تولا ئىگىلەپ، سوراپ باقمىغانلىقىدا. مانا شۇ تۈپەيلىدىن ۋاڭ ئەنشىدەك مەشھۇر بىر ئەدىبنىڭ باشقىلارنىڭ شېئىرىنى

تۆزەيمەن ، دەپ بۇزغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە مىڭ يىلدىن بۇيان ئەدىبلەرنىڭ ئاغزىدا رىۋايەت قىلىنىپ كەلمەكتە .

مەنمۇ تەھرىرلىكتە شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ئىشنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن : قايسىبىر ھېكايىنى كۆرۈۋېتىپ ، ئۇنىڭدىكى «... ئۇ ئەتىگەندە كېلىپ بازارنىڭ پەيلىسى بار يېرىدە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالدى ...» دېگەن جۈملىنىڭ «پەيلىسى بار» دېگەن سۆزنى «ئاپتور خاتا يېزىپ قويۇپتۇ» دېگەن چۈشەنچە بىلەن «پەيزى بار» دەپ ئۆزگەرتىۋەتتىم ، شۇنىڭ بىلەن ھېكايە ئېلان قىلىنىپ كەتتى . كېيىن ئۆزۈم جەنۇبقا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىش جەريانىدا خەلق ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ «پەيلىسى بار» دېگەن سۆزنىڭ بارلىقىنى ، بۇنى «بازارنىڭ قايناق ، كۆزى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدىغانلىقىنى بىلىپ ، ئۆزۈمنىڭ توغرا نەرسىنى خاتا قىلىپ قويۇپ ، كۈلكىگە قالغانلىقىمنى چۈشەندىم . بۇنداق مىساللارنى مەندىنمۇ ۋە باشقا مۇھەررىرلەردىنمۇ يەنە تېپىش مۇمكىن . شۇڭا ، مۇھەررىر باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى ئۆزگەرتىش ، ئۆزگەرتكەندىمۇ ياخشى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ، سۆزنى تاللاشقا ، جايىدا ، دەل ، توغرا ئىشلىتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك . بۇ ھەقتە تىل ئۇستىسى لاۋ شې مۇنداق دەيدۇ : «سۆز ئىشلىتىشتە مۇنداق ئۈچ ئىشقا دىققەت قىلىش كېرەك . بىرى ، سۆز مۇۋاپىق تاللىنىشى ؛ ئىككىنچى ، ئۆزىمىز چۈشىنىدىغان سۆز بولۇشى ؛ ئۈچىنچى ، ئادەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك .»

مەن يۇقىرىدا ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مېنى مەيلى يېزىقچىلىق ، مەيلى مۇھەررىرلىك جەھەتتە بولسۇن قانداق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكى توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىمنى قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتتۇم . بۇ ، مەن ھېس قىلغان ۋە چۈشەنگەن نەرسىلەرنىڭ پەقەت كىچىككىنە بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت . بۇ

ھەقتىكى تەسىرات ، ئىلھام ۋە تۇرتكىلەر توغرىسىدا ناھايىتى جانلىق ، تەسىرلىك بىر كىتاب يېزىش مۇمكىن ، مېنىڭچە بۇنداق بىر كىتابنى يېزىش زۆرۈر ھەم لازىم . ئىشىنىمەنكى ، بۇنداق بىر كىتاب ھەممىمىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئاساسىدا جەزمەن مەيدانغا كېلىدۇ .

1986 - يىل فېۋرال

www.uyghurkitap.com

# «ھايات شوئنداق» رومانىنى ئېلان قىلىشنىڭ ئالدى - كەينىدە

— ياش دوستلار بىلەن سۆھبەت

ياخشى بىر رومانىنى يېزىشتا يازغۇچىنىڭ قانداق قىيىنچى-لىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقى، قانچىلىك يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدىغانلىقى پەقەت شۇ يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە — ئايلاپ، يىللاپ قەلەم تەۋرىتىدىغان شۇ جاپاكەشنىڭ ئۆزىگىلا ئايان بولىدىغان ئىش. ئۇلۇغ يازغۇچى تولستوي «ئاننا كارىنىنا» نى يېزىش جەريانى توغرىسىدا بىر دوستىغا: «مەن بۇ رومانىنى يېزىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىمەن، ئىجادىي قىزغىنلىقىم، تالانتىم ئاجىزلى-شىپ كېتىۋاتىدۇ...» دەپ خەت يازغان يەردە، ماڭا ئوخشاش ئاددىي بىر ئاپتورنىڭ ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقى ئەلۋەتتە مۇش-كۈل ھەم قاتمۇ قات بولىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر كىشىلەرنى ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىشى، ھېسسىيات بىلەن تەسىرلەندۈرۈشى، ئوبراز بىلەن يېتەكلىشى، گۈزەللىك بىلەن ھاياجانلاندۇرۇشى كېرەك. مانا شۇنىڭ ئۆزىلا بىرەر پارچە ياخشى ئەسەر يازماقنىڭ ھەقىقەتەن قىيىنلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنداق بولسا، مەن «ھايات شۇئنداق» رومانىنى قانداق يازدىم؟ ئۇ ياخشىمۇ، يامانمۇ؟

مېنىڭچە، بىر پارچە ئەسەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئالدى بىلەن شۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ئاندىن كېيىن شۇ ئەسەرنى يې-زىشتىكى ماھارەت مەسىلىسى بەلگىلەيدۇ. مەن «ھايات شۇئنداق» رومانىنىڭ مەزمۇنىنى توغرا ۋە ئەھمىيەتلىك، دەپ قارايمەن.

گەرچە ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكلىرى ئانچە مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ئەمما پېرسوناژلار ئىدىيىسى ئېنىق ، بەدئىي قايىل قىلىش كۈچىمۇ بىرقەدەر يۇقىرى . ئەمدى ئۇنىڭدا ماھارەت بارمۇ ، يوق ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن ، بۇنى كەڭ ئوقۇرمەنلەر باھالايدىغان ئىش . لېكىن ماڭا شۇ نەرسە ئېنىقكى ، بۇنى ، كىتابنى ئوقۇغان ھەر ساھە ، ھەر كەسىپ ۋە ھەر تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ مەن بىلەن بىۋاسىتە ھەم ۋاستىلىك سۆزلەشكەن تەسىراتلىرىدىن ۋە بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ ماڭا يازغان خەتلىرىدىن قارىغاندا ، رومانىنىڭ يامان ئەمەس يېزىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ ماڭا يەتكەن سۆزلىرى بىلەن خەتلىرىدە يېزىلغان مەزمۇنلاردىن رومانىمنىڭ ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە مۇئەييەن گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ، كەيپىيات ، ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە مەنپەئىتىنى مەلۇم دەرىجىدە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئۇلار كۆڭۈل بۆلىدىغان بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئاز ـ تولا جۈرئەت قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم . ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا ، رومان ئامما تەرىپىدىن ھەرگىز قارشى ئېلىنمىغان بولاتتى .

مەن بۇ رومانىنىڭ بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغانلىقىنى ، ئالدى بىلەن روماندا سۆزلەنگەن نەرسىلەر دەۋرىنىڭ ، شۇنداقلا ھازىرقى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بولغاچقا ، كىشىلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىگە جەلپ قىلالىدى دەپ قارايمەن . ھەممىگە مەلۇمكى ، ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ سەنئەتتىكى قايتا ئىپادىلىنىشى بولىدۇ . بۇ رومان دەل ئۆزۈمنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ئۆزۈن يىللىق مۇرەككەپ ، رەڭمۇ رەڭ ھاياتىمنىڭ سەنئەتتىكى قايتا ئىپادىلىنىشى بولدى . مەن بۇ تۇرمۇشنى بىۋاسىتە كۆزەتكەن، ئۇ ھەقتە بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولغان ۋە ئۇنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك تەمىنىمۇ ئۆز قەھرىمانلىرىم بىلەن بىللە تېتىغان ! شۇڭا

بۇ تۇرمۇشقا نىسبەتەن مېنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىم ناھايىتى روشەن ئىدى. قىسقىسى، بۇ رومان مېنىڭ سۇبيېكتىپ ئويدۇرمام بولماستىن، بەلكى تۇرمۇشنى بىۋاستە مەنبە قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ بىرقەدەر ھەقىقىي، بىرقەدەر جانلىق ۋە بىرقەدەر تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولالىدى. يازغۇچىنىڭ رېئاللىققا بولغان تونۇشى قانچىكى چوڭقۇر بولسا، ئۇنىڭ ھېسسىياتى شۇنچە كۈچلۈك، مۇھەببەت ـ نەپرىتى شۇنچە ئېنىق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئومۇملاشتۇرالايدۇ. ئىجادىيەتتە يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان كۈچلۈك بىر يالقۇن بولىدۇ، مۇنداق يالقۇن بولمىسا، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تاۋلىغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بۇ يالقۇن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىن تارتىپ، ئوبرازلار تەسۋىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن، چۈنكى مەن تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش، مەن ياراتقان ئوبراز، مەن ئىپادىلىگەن ھايات ھەقىقىتى ئۇزۇن يىل مېنىڭ كاللامدا ئويلانغان، پىشۇرۇلغان؛ ئۇزۇن يىللىق خىزمەت جەريانىدا ئۇچراشقان، مۇئامىلە قىلىشقان كىشىلەر ھەمىشە مېنىڭ كاللامدا ئەكس ئېتىپ تۇردى. ئەمەلىيەتتىمۇ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى سەن بىلەن سەمىمىي دوستلاشقان، ھايات يولۇڭدا ساڭا ياردەم قىلغان ياكى سېنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەتلىگەن بولىدۇ. تەبىئىيكى، بۇنداقلارنى سەن ياخشى كۆرۈپ قالىسەن؛ بەزىلىرى سەن بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولمىغان، رەنجىتكەن، ھەتتا ئۆچەكەشكەن بولىدۇ، مۇنداقلارنى سەن تەبىئىي ھالدا يامان كۆرۈپ قالىسەن، شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئىدىيەڭدە، ھېسسىياتىڭدا بۇنداق كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇھەببەت ياكى نەپرەت ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ. رومانغا ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان دەۋردىكى رەڭمۇ رەڭ تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ۋە ھەرخىل جانلىق، مۇرەككەپ ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا، مەندە

«ھايات شۇنداق» رومانىدا بايان قىلىنغان پىكىرلەر پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلگەنىدى. بۇ پىكىرلەر ئىدىيە ۋە ئىجتىمائىي تېما جەھەتتە، 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى تۇرمۇشىمىزدا يۈز بەرگەن ئاساسىي مەسىلىلەر بىلەن ماھىيەت جەھەتتە باغلىناتتى. مانا شۇ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن چىن ۋە كۈچلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى مەندە قىزغىن ۋە ئىجادىي ھاياجان پەيدا قىلغانىدى. مەن ئەنە شۇنداق بىر ھاياجاننىڭ تۈرتكىسى بىلەن «ھايات شۇنداق» رومانىنى يازدىم. بۇ ئارقىلىق مېنىڭ كۆزلىگىنىم: ئوقۇرمەنلەرگە ھاياتنىڭ قىممىتىنى، ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ قىممىتىنى، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى، نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ سەتلىكىنى، نېمىنىڭ پاك، نېمىنىڭ چىركىنلىكىنى كۆرسىتىش. قىسقىسى، ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرغان نەرسىلەر ئۈستىدە ئويلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. روماندا، بىر تەرەپتىن ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، تەنتەنە ۋە چاقىرىق نامايان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھاياتتىكى كۆتۈلمىگەن پاجىئە، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە ھەرخىل قىسمەتلەر بايان قىلىندى.

رومان ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئالدىمغا قويۇلغان تۇنجى مەسىلە: رومانىدىكى بىر نەچچە مۇھىم پېرسوناژلارنىڭ تېگى - تەكتى توغرىسىدىكى غۇلغۇلا بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر: «ئۇ كىمنى يازغاندۇ؟ مەرۇپ ئاقساقال كىمدۇر؟ ئەدھەم كىمدۇر؟» دېگەندەك گۇمانلىق ھەم قىزىقارلىق سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەسلىدە بۇ، ھايات مەنتىقىسىدىن، سەنئەت قانۇنىيىتىدىن چەتنىگەن ئىنتايىن بىنورمال سوئال ئىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ھازىر جەمئىيەتتە بۇنداق گەپلەرنىڭ، ھەم بازىرى، ھەم خېرىدارى بولۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، رېئال تېمىلاردا، ئۆتكۈرەك تېمىلاردا يېزىلغان ئەسەرلەر ئۈستىدە مۇنداق گەپ - سۆزلەر خېلىلا كۆپ.

ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەرگە ئايانكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر خىل نازۇك، مۇرەككەپ ۋە يۈكسەك ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، ئۇ تۇرمۇشنى ئوبرازلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، قايسى خىل بەدىئىي شەكىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئوبرازلاشتۇرۇشتىن ئايرىلمايدۇ. ئەگەر، بەدىئىي ئەسەردىكى ئوبراز ھەقىقىي تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بولسا، ئۇ جانلىق بولىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ؛ ئەگەر ئوبراز تۇرمۇش چىنلىقىدىن ئايرىلغان، سۇبيېكتىپ ھالدا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بولسا، ئۇ جەزمەن جانسىز بولىدۇ، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەرقانداق يازغۇچى تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن راست ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يىغىپ، تىپلارنى «قۇراشتۇرىدۇ»، بۇنىڭ بىلەن قەھرىمانلارنىڭ چىنلىقى بارلىققا كېلىدۇ. بىۋاسىتە كۆزىتىلگەن ۋە پىششىق تونۇشقان راست ئادەملەر قانچە كۆپ بولسا، يازغۇچى ئۇچۇن شۇنچە ياخشى، بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ روشەن ئاشكارىلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ جۇرئىتىمۇ پۇختا ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. بىز رېئال تۇرمۇشىمىزدا، مەرۋەپ ئاقسا-قال، ئەدھەم، ھېكمەت سوپى ۋە گۈلجانغا ئوخشاش خاراكتېردىكى ئادەملەر بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك دوقۇرۇشۇپ تۇرمامدۇق؟ ئۇنداق ئادەملەر بىزنىڭ تۇرلۇك ساھە، تۇرلۇك كەسىپ ۋە تۇرلۇك تەبىقىلىرىمىزدە مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟ مەن مەرۋەپ ئاقسا-قالنى يېزىشتا، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئاشۇنداق بۇرچ - مەسئۇلىيىتىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش كويىدىلا يۈرىدىغان، شۆھرەتپەرەس، ۋىجدانى سۇيۇق، ئېتىقادسىز بىر ئادەمنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا پۈتۈن زېھنىم بىلەن كۈچىدىم. ئەدھەم ئوبرازىمۇ مەن ئۇزۇن يىل كۆزەتكەن، بايىغان، بىرمۇنچە ھەسەتخور، شەخسىيەتچى،

ئەمەلپەرەس ، ئالا كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ خىلمۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرىدىن «قۇراشتۇرۇلغان» ئوبراز بولدى . ھەقىقىي تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بۇ كونكرېت ئوبرازلار بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزغا تەسىر كۆرسىتىپ ، رەزىل نەرسىلەردىن بىزنى يىرگەندۈرىدۇ ، مېنىڭچە ، كىشىلىك تۇرمۇشتا سەت ، خۇنۇك نەرسىلەر بولمىغان بولسا ، گۈزەللىكنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى . ۋەھالەنكى ، تۇرمۇشىمىزدا مەرۇپ ئاقساقال ۋە ئەدھەمدەك رەزىل ، خۇنۇك ئادەملەر ھەمىشە مەۋجۇت . شۇڭا ، بۇنداقلارنى ئەيىبلەش ، مەسخىرە قىلىش ، چىن ۋە ھەققانىي ئىش !

دەرۋەقە ، ھەرقانداق بىر ئەسەر تۇرمۇشتىن كەلىسىمۇ ، ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ ئەكسى ، تىنىقى ۋە ئىزناسى بولىسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەنىلا تۇرمۇشنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس . بۇ ھەقتە ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مىڭ ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ : «نان بۇغدايدىن چىقىدۇ ، بۇغداي تۇپراقتىن چىقىدۇ ، ئەمما بۇ ئۈچى ئۆز ئارا سۈپەت پەرقىگە ئىگە ، ئادەملەر ناننى ياخشى پىشۇرۇش - پىشۇرالماسلىق كويىدا تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتقاندا، تۇپراقشۇناسلارنى بۇغدايلىقنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ» دەيدۇ . دېمەك ، ئەدەبىي ئەسەر — سەنئەتنىڭ تۇپرىقى ، ئاساسى ۋە ھاياتى بولغان تۇرمۇش چىنلىقىنى ئۆزگە مەنبە قىلغان ، تۇرمۇش چىنلىقىدا يىلتىز تارتقان ، باي ۋە كەڭ تۇرمۇشتىكى زور بىر تۈركۈم راست ئادەم ، راست ئىشلاردىن ئېلىنغان ماتېرىياللار ئارىسىدا ، بەدىئىي مەركەزلەشتۈرۈش ، ئىخچاملاش ۋە تاۋلاش ئارقىلىق تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىش بىلەن «تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەم» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى پېرسوناژلارنىڭ ئۇنداق ياكى بۇنداق ئىشلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئايرىم ئادەملەرنىڭ ئۇنداق ياكى بۇنداق ئىشلىرىغا ئوخشاپ قېلىشى بىلەن ئۇنى پالانچى - پوستانچى ئىكەن دەپ «دېلو» تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ .

يەنە بەزىلەر مەندىن توپتوغرىلا : «روماندا يېزىلغىنى قايسى تەھرىر بۆلۈمى؟ نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق بىر تەھرىر بۆلۈمىنى تاللىدىڭ؟» دەپ سوراشتى . مېنىڭچە ، بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي ، مېنىڭ يازغىنىم قانداقتۇر بىرلا ۋىۋىسكىلىق تەھرىر بۆلۈمى بولماستىن ، بەلكى رېئاللىق بىلەن تەسەۋۋۇرۇمنىڭ بىر-رىكىشىدىن پەيدا بولغان مەلۇم بىر تەھرىر بۆلۈمى . ئەمدى نېمە ئۈچۈن ئۇنى تاللىغانلىقىمغا كەلسەك ، تەھرىر بۆلۈمىدىن ئىبا-رەت چېتىلىش دائىرىسى كەڭ ، جامائەتچىلىكى كۆپ ، خالىغانچە كىرىپ - چىققىلى بولىدىغان بۇنداق تىپىك بىر ئورۇن يازغۇچى-نى ناھايىتى قولاي شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ ، قارىماققا ، ئۇ يەر كىچىككىنە بىر زېمىندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇ يەردە ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ ھايات يولىنىڭ ھەربىر باسقۇ-چىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ ، كىشىلەرنىڭ ھەممى-سى دۇنيانى ئۆزىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق كۆزىتىدۇ . شۇڭا ، ئۇ يەردە ئاق كۆڭۈل ، ۋىجدانلىق ، دۇرۇس ئادەملەرنى پەرق ئېتىش ئاسان ، شۇنداقلا ئالا كۆڭۈل ، رەزىل ئادەملەرنى تونۇپ يېتىشمۇ ناھايىتى ئاسان !

مەن رومان ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، ماناس ناھىيە-لىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر قىز ئوقۇغۇچىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم . ئۇ خېتىدە ، رومان ھەققىدە ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ ، ئاخىرىدا روماندا تەسۋىرلەنگەن ئايرىم ۋەقە ھەم شارائىتلار توغرىسىدا : «ئەسەرنىڭ بۇ يەرلىرى بەزى چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ۋەقەلەرگە ئوخ-شاپ قالغاندەك تۇرىدۇ ... تۇرمۇشتا شۇنداق ئىش بارمۇ؟ ... تازا چۈشىنەلمىدىم ...» دەپ يېزىپتۇ . ئۇنىڭ دەۋاتقىنى ، رومان-دىكى سالمان ئوبرازىغا تەئەللۇق ئىشلار بىلەن «كىچىك پارىژ قەھۋاخانىسى» توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر ...

ھەرقانداق بىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىگە

ئاساسەن ئەسەرلىرىدە كۆركەم تىل ئارقىلىق پېرسوناژ، ۋەقە، مەنزىرە ۋە شارائىتلاردىن ئىبارەت كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈن مەنزىرىسىنى يارىتىدۇ. چۈنكى ئادەملەر ھەمىشە مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىت ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، بىز ئەنە شۇنداق يىغىنچاق ۋە تىپىك شارائىت ئىچىدىن ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ھەرخىل پېرسوناژلارنىڭ ياشىغان كونكرېت شارائىتىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇنداق كونكرېت شارائىت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن دەۋرنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ۋە بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز.

ھېلىقى كىتابخۇمار، پىكىر يۈرگۈزۈشكە قىزىقىدىغان قىزنىڭ يۇقىرىقى سوئالى مېنى خېلى ئويلاندۇردى. مەن بۇنىڭدىن بىر مۇھىم ئىشنى، يەنى مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتە ئۇزاق ۋاقىت بېكىنمىچىلىك ھالەتتە قالغانلىقىمىز كىشىلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا، مىللىي پسىخىكىسىدا چوڭقۇر بىر تۇرغۇنلۇقنى شەكىللەندۈرۈپ قويغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلىرىمىزدە زامانىۋى ئاڭ ۋە ئەتراپلىق نەزەر - دائىرىنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ يەردىكى يەنە بىر مەسىلە، روماندا تەسۋىرلىنىۋاتقان ئۇرۇمچىنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ھايات رىتىمى ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنىڭ چەت ۋە خىلۋەت ناھىيەلەردىكى تۇرمۇش شەكلى ۋە ھايات رىتىمى بىلەن خېلىلا پەرقلىنىدىغانلىقىدا بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ بەزى ياش ۋە ساددا ئوقۇرمەنلىرىمىز روماندا تەسۋىرلەنگەن ئايرىم رەڭگا رەڭ ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى ئوقۇپ، ئۆزى ياشاۋاتقان چەت يەردە تېخى پەيدا بولمىغان بۇنداق ۋەقە ھەم شارائىتلاردىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان، تەئەججۈپكە چۆمگەن، بۇنى ئەلۋەتتە چۈشىنىشكە بولىدۇ.

مەن بۇ قىز ساۋاقداشقا شۇنى ئېيتىمەنكى ، سىز روماننى ئوقۇپ ، خۇددى چەت ئەل تۇرمۇشىدەك ھېس قىلىپ قالغان نەرسىلەر ھەرگىزمۇ چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆچۈرۈۋال-غان نەرسىلەر ئەمەس ، بەلكى ئۇ ، بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولغان ۋە بارغانسېرى كېڭىيىپ ، ئومۇملىشىپ كېتىد-ۋاتقان نەرسىلەر ، مەن «كىچىك پارىژ قەھۋەخانىسى» دېگەن مۇشۇ ئىسمنى ۋە شۇنداق قەھۋەخانىلارنى يالغۇز ئۈرۈمچىدە ئەمەس ، بەلكى دىنىي ئەخلاق ۋە قائىدىلەر خېلى كۈچلۈك بولغان قەشقەردەك يەردىمۇ كۆرگەنىدىم . دېمەك ، مەن رومانىمدا ، 1987- يىلىدىكى ئۈرۈمچىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈردۈم ، شۇ چاغدىكى تۇرمۇشنىڭ سۈرئىتى بىلەن ساداسى ئەنە شۇنداق ئىدى .

مەن تۆۋەندە ، روماننى يېزىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن كونك-رېت ئىككى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن : بىرسى ، ھامۇت كەنجى ئوبرازى بىلەن «غۇلغۇلا» ناملىق ئونىنچى باب مەسىلە-سى .

ئەسلىي پىلاندا بۇ ئوبراز بىلەن بۇ باب يوق ئىدى . رومان يېزىلىپ يېرىملاشقاندا ، بۇ ئوبراز بىلەن بۇ بابنى قوشۇش زۆرۈ-رىيىتى تۇغۇلۇپ قالدى . سەۋەب ، تۇرمۇش ھەقىقىتى بىلەن ھا-يات دىئالېكتىكىسى شۇنى تەقەززا قىلدى . دېمىسىمۇ ، ئۆتكۈر زىددىيەت بىلەن تولغان كىشىلىك تۇرمۇشتا مەرۋېپ ئاقساقالدەك ناپاك ، شەخسىيەتچى ، خۇنۇك ئادەملەرلا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە مەزمۇت تۇرىدىغان ھامۇت كەنجىدەك پاك ، شەخ-سىيەتسىز ، گۈزەل تۇيغۇلارغا ئىگە ئادەملەرمۇ بار ، بۇنداق ئادەملەر ھاياتقا گۈزەللىك ، ئېچىللىق ۋە قىزغىنلىق ئېلىپ كېلىدۇ . تۇرمۇشنىڭ بۇ رېئال چىنلىقى ئەلۋەتتە ئەسەردە ئەكس ئېتىشى لازىم . مەن بۇنى ئەسەرنى يېزىپ ، مەلۇم يەرگە كەلگەندە ئاندىن ھېس قىلدىم ، ھامۇت كەنجىدەك بىر ئوبرازنى يارىتىش

ئەمەلىيەتتە مەرۇپ ئاقساقال ئوبرازىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر ئىكەن، ئوقۇرمەن مۇشۇنداق بىر ئوبرازدىن بىلگىلىك تۈرتكىگە، تەسەۋۋۇرغا ۋە ئىلھامغا ئىگە بولۇشى كېرەك. مەن ھامۇت كەنجى ئوبرازىدا مەرۇپ ئاقساقالدا بولمىغان خۇسۇسىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوبراز ئۆزىدە نامايان قىلغان، ئەمما مەرۇپ ئاقساقالدا يوق ئالىيجانابلىقلار مەرۇپ ئاقساقال ئوبرازىغا تېخىمۇ سىڭىشتۈرما بولۇپ، ئۇنىڭ رەزىللىكىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۇرۇپ بەردى.

«غۇلغۇلا» ناملىق ئونىنچى بابنىڭ قوشۇلۇشىمۇ، كاللامدا كېيىن پەيدا بولغان پىكىر بولدى. رومانىنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا، تەشكىلنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن سانجىدا ئېچىلغان بىر ھەپتىلىك «ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشتىم. بۇ يىغىن خېلى جانلىق بولدى، نۇرغۇن ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ئوتتۇرىدا كەڭ ـ كۇشادە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىندىن كېيىن، كاللامدا بىر پىكىر تۇغۇلدى، مېنىڭ يېزىۋاتقىنىم، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئىشلار، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدا جەزمەن ئەينى ۋاقىتتىكى ھەر خىل پىكىر ئېقىملىرى ۋە ھەرخىل نەزەرىيىۋى قاراشلار ئەكس ئېتىشى كېرەك. بولمىسا ئەسەر جانسىز ۋە سۇنئىي بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مانا شۇ پىكىرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەسەرگە يېڭىدىن «غۇلغۇلا» ناملىق ئەنە شۇ بىر باب قوشۇلغانىدى.

ئىككىنچىسى، رومانىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى تۈزۈشتە دۇچ كەلگەن بىر مەسىلە. يەنى، ھىدايەتكە ئارتىلغان «خوتۇن ئوغرىسى»، «دىنىي ماجىرا تۇغدۇرغان» دېگەندەك ئەيىبلەرنى قانداق قىلىپ، ھەم بەدىئىي، ھەم ئىشەنچلىك ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۇرۇشتە، مۇشەققەتلىك ئەجىر سىڭدۇرۇشكە، مۇستەقىل

پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ گۈزەللىك ۋە ئىجادىيەت بولغاچقا، قولىنىڭ ئۇچىدىلا، ئەپلەپ - سەپلەپ تۈزۈپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن بۇ مەسىلىنى سەنئەت جەھەتتە قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم، ئىزدەندىم. ئەگەر، ئۇنى كونا ئۇسۇل بويىچە، يەنى ئاددىي ھەم قوپال ئۇسۇل بويىچە ھەل قىلماقچى بولسام، ئىككى - ئۈچ كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى تېگىشلىك جايلارغا ئەۋەتىپ، ھەرخىل تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاش ئارقىلىق، ھىدايەتنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان ئەيىبلەرنىڭ قۇرۇق تۆھمەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولاتتىم، ئۇ چاغدا ئەسەرنىڭ شۇ قىسمى ناھايىتى قاتمال ۋە تەسىرسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. شۇڭا كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق، ئاخىر «ئۇ ۋە مەن» دېگەن باپتا، بىرىنچى شەخس تىلىدىن بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بىر قاتار جانلىق ۋەقە ھەم تەپسىلاتلار ئارقىلىق ھىدايەتنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان گۇناھلارنى مۇقەررەر يوسۇندا رەت قىلدىم ۋە شۇ باھانىدە، ئۆزۈمنىڭمۇ بەزى دىنىي ئەقىدە ھەم قاراشلار توغرىسىدىكى پىكرىمنى شەرھلىدىم، بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى بىر - بىرىگە ماس ھالدا تەبىئىي ھەم قىزىقارلىق چىقتى. مانا بۇ، يازغۇچى بىرەر ئەسەرنى رەسمىي يېزىشنى باشلىغان چاغدا، بۇرۇن ئويلىغان نەرسىلەرنىڭ بىرمۇنچىسىنىڭ قېپقېلىپ، بىرمۇنچىسىنىڭ يېڭىدىن قوشۇلۇپ، بىرمۇنچىسىنىڭ يېزىش جەريانىدا تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدىغانلىقىنىڭ ئەمەلىي پاكىتى.

بىر رومانىنىڭ يېزىلىشىنى ھەر تەرەپلىمە سۆزلەشكە بولىدۇ. مەن پەقەت جەمئىيەتتە ئاز - تولا ئىنكاس قوزغىغان ۋە ئۆزۈم دۇچ كەلگەن ئايرىم مەسىلىلەر ئۈستىدىلا توختالدىم. مەن بۇ رومانىنى يېزىش جەريانىدا، يېزىقچىلىق تەجرىبەمنىڭ، بىلىمىمنىڭ ۋە تالانتىمنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدەك قىيىنچىلىقلارغىلا

ئەمەس ، بەلكى يەنە ، مۇرەككەپ ۋە كۆپ قىرلىق ئادەم خاراكتې-
رىنى ، خىلمۇخىل تۇرمۇش ھەقىقىتىنى چۈشىنىشنىڭ يېتەر-
سىزلىكىدىن ئىبارەت قىيىنچىلىقىمۇ دۇچ كەلدىم . ئىشىنىمەن-
كى ، ئۆزلۈكسىز تىرىشىش ، ھەقىقىي سەنئەتكارغا خاس جاسارەت
بىلەن ئىزدىنىش ئارقىلىق ، كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىمدە بۇ خىل
يېتەرسىزلىكلىرىمنى يېڭىپ ، بارلىق تەلەپچان ۋە ئاق كۆڭۈل
قەلەمداشلىرىم بىلەن بىللە ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى ۋە
يۈكسەك پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشىمەن !

1993 ـ يىل مارت

# ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللانغان ھەرقانداق ئادەمدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەجرىبە بولىدۇ. شۇبھىسىزكى، بۇ تەجرىبىلەر ئەقلىي پائالىيەت جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا جۇغلىنىپ بارىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئىنسانىنىڭ قىممەتلىك ئەقىل بايلىقىغا ئايلىنىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگىنىمگە قىرىق يىل بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئەگرى ـ توقاي يوللارنى باستىم. بىرمۇنچە ياخشى ۋە يەنە بىرمۇنچە ناچار ئەسەرلەرنىمۇ يازدىم. ئوقۇرمەنلەر، ئوبزورچىلار تەرىپىدىن ماختالغان ۋاقىتلىرىم بولدى، شۇنداقلا خېلى ئاچچىق تەنقىدلەنگەن ۋاقىتلىرىممۇ بولدى. بۇنىڭ ھېسابىغا ئاز ـ تولا قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولۇپ قالدىم. ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋاقىتتا، ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ھۆرمەت قىلىشقا، ئۇنىڭ ئەھمىيەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەن تۆۋەندە، قەلەمداشلىرىم بىلەن ئۆزۈمچە ئۇتۇقلۇق تەجرىبە دەپ قارىغان بىرنەچچە مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە ئورتاقلاشماقچىمەن.

**بىرىنچى، يازغۇچى چوقۇم تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈشى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىشى كېرەك.**

تۇرمۇشقا سوغۇق ۋە ئېتىبارسىز قارايدىغان پوزىتسىيە ھەرگىزمۇ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە گۈزەللىك ھېسسىياتى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. مەن بۇنى «قىيانلىق دەريا» پوۋېستىنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىدا ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن.

1977 ـ، 1978 ـ يىللىرى مەن كۇچادا لۇشيەن تەربىيەسىگە قاتناشتىم، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يېزا تۇرمۇشى

www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا بىرەر نەرسە يېزىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن زادىلا يازالمىدىم، نېمە ئۈچۈندۇر، تۇرمۇش كۆز ئالدىمدا يا ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن بىر خىل شەكىل ۋە بىر خىل رىتىمدا تەكرارلىنىدىغان مېخانىك كىلىق ھەرىكەتتەك سوغۇق ۋە مەنىسىز كۆرۈندى، ئۇنىڭدىن قەلەم تەۋرىتىشكە تۈرتكە بولغۇدەك بىرەر تەسىرلىك نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم، ئىجادىي قىزغىنلىقىممۇ بارا ــ بارا سۇس-لاپ كەتتى. دەل شۇ كۈنلەردە، ناھىيىدە ئۈچ دەرىجىلىك كادىر-لار يىغىنى ئېچىلىپ قالدى. بىر كۈنى چوڭ يىغىندا، قوناس دادۇيىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ئۆز داد ۇيىنىڭ بىرنەچچە يىللىق سىياسىي كۈرەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشىنىڭ ئەھۋا-لىنى سۆزلەپ كېلىپ: «گۇھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا!» دېگەن بىر گەپنى قىلدى. نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ گەپ خۇددى راۋابنىڭ زىل تارىغا ئۇرۇلغان زەخمەكتەك، تۇيۇقسىز مۇگدەپ ياتقان قەلبىمنى ئويغىتىۋەتتى. مەن شۇ كۈنى ئۇ ئادەم بىلەن بىللە بولدۇم ۋە خېلى چوڭقۇر سىرداشتىم، كېيىن كۆچ-لۈك بىر روھىي تۈرتكە بىلەن، يوك ــ تاقامنى كۆتۈرۈپ، ئۆزۈم تۇرغان يەردىن يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى قوناس داد ۇيىگە كۆچۈپ باردىم. ئۇ يەردە ئون نەچچە كۈن تۇرۇش ۋە نۇرغۇن دېھقانلار بىلەن سىردىشىش، نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرۈش ئارقى-لىق، ئۆزۈمنى گويا باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. كۆز ئالدىمدا، بىر تەرەپتىن، ئۆزۈن يىل ھۆكۈم سۈرگەن «سول»چىل لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ۋەي-رانە يېزا بىلەن كۆڭۈل ئازادىلىكىنى، شاد ــ خۇراملىقنى يوقاتقان كاج تەلەي دېھقانلارنىڭ سولغۇن قىياپىتى گەۋدىلەندى، يەنە بىر تەرەپتىن، يوقىرى ۋە تۆۋەننىڭ بىر قىسىم ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان بىر ئوچۇم قارا نىيەت، تىرىكتاپلارغا قارشى كۈ-رەش قىلىۋاتقان ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، سەممىي ــ سادىق ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ جەسۇر قىياپىتى گەۋدىلەندى. مەن

ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدىن كومپارتىيىگە، ئۆزىگە ۋە گۈزەل كېلەچەككە بولغان ئىشەنچنى كۆردۇم. گەرچە ئۇلار روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئېغىر زەخىم يېگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇمىدۋار، قەيسەر ھەم ئىرادىلىك ئىدى. ئۇلار ئۆزىنى ئەمەس، دېھقانلارنى ئويلايتتى، روناق تېپىشنى، گۈللىنىشنى قەلبىگە پۈككەنلەر ئىدى. مەن ئەنە شۇنداق كۆزىتىش، چۈشىنىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، يېڭى ـ يېڭى تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن كاللامدا ئاستا ـ ئاستا «قىيانلىق دەريا» پوۋېستىنىڭ توپ ئىدىيىسى شەكىللەندى ۋە ئاشۇنداق بىر ئەسەر يېزىش ئىستىكى قوزغالدى.

مەن نېمە ئۈچۈن يېزىدا — دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ قايناق ئىچىدە تۇرۇپ، دەسلەپكى يېزىم يىللىرىچە ھېچنېمىنى ھېس قىلالمىدىم ۋە ھېچنېمىنى يازالمىدىم؟! نېمە ئۈچۈن كېيىن مەندە بىردىنلا يېزا تۇرمۇشى توغرىسىدا كۈچلۈك قىزىقىش ۋە ھاياجان پەيدا بولۇپ قالدى؟!

ناھايىتى روشەنكى، دەسلەپ مەندە يېزا تۇرمۇشىغا، دېھقانلارغا بولغان مۇھەببەت، قىزغىنلىق كەمچىل بولغان، ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى كۆرىدىغان سەزگۈرلۈك كەم بولغان، كېيىن بولسا، ھېلىقى بىر ئېغىز گەپنىڭ يۈرەككە تېگىشى بىلەن تۇيغۇ ۋە سەزگۈمدە بىر خىل پىسخىكىلىق ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيەمنى ئۆزگەرتىۋەتكەن!

مەن بۇ ئەمەلىيەت ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، يازغۇچىنىڭ رېئاللىققا بولغان تونۇشى ۋە سېلىشتۇرۇشى قانچىكى چوڭقۇر بولسا، ئۇنىڭ ھېسسىياتى شۇنچە كۈچلۈك، مۇھەببەت ـ نەپرىتى شۇنچە ئېنىق بولىدۇ. يازغۇچىدا بۇنداق گۈزەللىك ھېسسىياتى شەكىللەنمىسە، ئۇنىڭدا ئىجادىي ھاياجانمۇ بولمايدۇ!

«ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىمۇ،

تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچەمدە ئۇزاق بىر جەرياننى ئۆتكەنىدى . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، 1951 - يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى دوتەي يامۇل (ھازىرقى ۋالىي مەھكىمىسى)نىڭ ھويلىسى بىلەن شەھەر سېپىلىدىن نۇرغۇن جەسەت قېزىۋېلىنغانىدى . كېيىن بۇ جەسەت- لەر جىنازىلارغا سېلىنىپ ، پۈتۈن شەھەر خەلقىدىن شەكىللەنگەن چوڭ ھازا قوشۇنى ئىچىدە شەھەر يېنىدىكى ھەزرەت قەبرىستانلى- قىغا ئېلىپ مېڭىلدى . شۇ چاغدا مەنمۇ باللارغا خاس قىزىقىش بىلەن ئاكامغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا چىققان ۋە يول بويى كىشىلەرنىڭ ئۇلار توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلىغا- نىدىم . ئەسلىدە ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا ، يەرلىك فېئودال - پومېشچىكلارنىڭ سىنىپىي زۇلۇ- مىغا قارشى كۈرەش قىلغانلىقى ئۈچۈن ، ئاشۇ يەرلەرگە توپ- توپى بىلەن تىرىك كۆمۈلگەن ئىنقىلابىي زىيالىيلار ئىكەن !

پۈتۈن شەھەرنى زىل - زىلىگە سالغان چوڭقۇر مۇسىبەتلىك بۇ كۆرۈنۈش مېنىڭ گۆدەك قەلبىمدە ئۆچمەس تەسىرات قالدۇر- غانىدى . كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ، بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەشقەرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى ئىشلىرىنى ھې- كايە قىلىپ بەرگەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىدىم . بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى شۇ دەۋردىكى ئىشلارنىڭ شاھىتى ۋە بەزىلىرى بىۋاسىتە ئىشتىراكچىلىرى ئىدى . كېيىن مەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ ، ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چاغلىرىمدا ، ئاشۇ خاتىرىلەر كۆڭلۈمدە ئاستا - ئاستا بىخ سۈردى ۋە پات - پات جانلىنىدىغان ، ئەسلىنىدىغان بولۇپ قالدى . يېزىقچىلىق تەجرى- بەمنىڭ كۆپىيىشى ، تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچەمنىڭ چوڭقۇرلى- شىشى بىلەن كاللامدا بارا - بارا «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» روماندى- نىڭ توپ ئىدىيىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى . كېيىنكى ئىشلار ئەلۋەتتە پېرسوناژلار تەقدىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى ۋە ئەسەر

كومپوزىتسىيىسى ئىدى . لېكىن ، مەن يازماقچى بولغان ئەسەر-نىڭ ۋەقەلىكى بىلەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى مەن كۆرمىگەن ، بىلمىگەن ئىشلار بولغاچقا ، شۇ زاماندىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى ، ئوي - خىيالى ۋە ھېسسىياتى بىلەن چوڭقۇرراق تونۇشۇشقا ، ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى . شۇ مەقسەت بىلەن ، ئەينى زاماندا ياشىغان ۋە شۇ چاغدىكى سىياسىي ، ئىجتىمائىي كۆرەشلەرگە ، قوراللىق جەڭلەرگە قاتناشقان ئادەملەرنى تېپىپ كۆپ قېتىم سۆزلەشتىم ، سىرداشتىم ، ھەتتا قەشقەردە تۇنجى قېتىم شىپىگ-راپ بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرىگە قارشى تەشۋىقات ۋەرەقى بېسىپ تارقاتقان بىر ئادەم بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ، ئىز قوغ-لاپ غۇلجىغىچە باردىم . ئۇنىڭدىن سىرت ، شۇ دەۋرنىڭ مەدەنى-يىتىگە ، ئىدىئولوگىيىسىگە ۋە تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى تېپىپ ئۆگەندىم . مۇشۇنداق ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش مېنىڭ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىشىم ئۈ-چۈن ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى .

بۇ يەردە مەن ئىككى مەسىلىنى ئالاھىدە شەرھلەپ ئۆتمەك-چى :

بىرى ، باتۇق ئوبرازى ؛ يەنە بىرى ، رومانىنىڭ ئىسمى .

باتۇق ئوبرازى — ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئوبزورچىلار تەرىپە-دىن بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبراز ، دەپ مۇئەي-يەنلەشتۈرۈلدى . مەن ئۆزۈممۇ بۇ ئوبرازدىن خېلى رازى ، چۈن-كى ، ئۇ مېنىڭ ئوبراز يارىتىشتا ئاز - تولا بۇرۇلۇش ياسىغانلى-قىمنى ، ئىنسان خاراكتېرىگە ، تۇرمۇش ھەقىقىتىگە سادىق بول-غانلىقىمنى ئىپادىلەپ بەردى . دېمىسىمۇ ، مەن بۇ ئوبرازنى شۇ خىلدىكى بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ياراتقانىدىم . مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ، قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى سورايدىغان قارا مەمەت ، شىرمەت كور دېگەندەك تۆت نوچىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ گاڭگۇڭلۇقىغا ئائىت ھېكايىلەرنى كۆپ

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغانىدىم . كېيىنرەك ئۆزۈممۇ جانان كوچىسى ، ئەنجان كوچىسى دېگەندەك كوچىلارنى سورايدىغان ۋە ئۆزئارا كۈچ كۆرسىتىپ ، تەرەپبازلىق قىلىشىدىغان كىچىك نوچىلارغا ئارىلاشتىم (ئۇلار بىزنى ئۆزلىرىنىڭ لەشكىرى قىلىۋالاتتى) . كېيىنكى ئەسلىمە ۋە تەسىراتلىرىمدىن قارىغاندا ، بۇنداق نوچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قاراملىق ، گاڭگۇڭلۇق دېگەنلەر تەڭلا مەۋجۇت ئىدى . مەن باتۇقىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا ، شۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەنە شۇنداق روشەن ئىككى ياقلىمىلىقىقا ، كۆپ قىرلىق ئالاھىدىلىكلەرگە قاتتىق دىققەت قىلدىم . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ، ئەگرى ـ توقاي ھايات سەرگۈزەشتىسى تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئاساسىدا تەسۋىرلەنسە ، پېرسوناژلار ئوبرازىغا قىلچە نۇقسان يەتمەيلا قالماستىن ، بەلكى ئوقۇرمەنلەرگە چىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ . بۇ ھەقتە لېۋ تولستوي مۇنداق دەيدۇ : «مېنىڭ ئەر ـ ئايال پېرسوناژلىرىم بەزىدە مەن خالىمايدىغان قىلىقلارنى قىلىپ قويىدۇ ، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى رېئال تۇرمۇشتا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىشلار ، ئەمما مەن ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىنى خالىمايتتىم» مانا بۇ ، تۇرمۇشنى ھاياتنىڭ ئۆزىدە بار بولغان قانۇنىيەتكە ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئاساسەن ئەكس ئەتتۈرۈشتۇر . شۇنداق بولغاندا ، پېرسوناژلار جانلىق ، يېقىملىق ۋە ئادەمگە ئوخشاش تەبىئىي بولۇپ چىقىدۇ !

ئەمدى ، رومانىنىڭ ئىسمى مەسىلىسىگە كەلسەك ، بەزىلەر ، ئاپتور «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» دېگەن گەپ بىلەن كىمگە دارىتمىلىماقچى ؟ كىمگە كىنايە قىلماقچى ؟ دېگەندەك تونۇشلاردا بولدى . مېنىڭچە ، بۇنىڭدا ھېچقانداق دارىتمىلاش ، ھېچكىمگە كىنايە قىلىش يوق . بەلكى ، ياش ئەۋلادلارغا ئەجدادلارنى ، تارىخنى ئۇنتۇپ قالماسلىق توغرىسىدا سەمىمىي دەۋەت بار . رومانغا

مۇشۇنداق بىر ئىسىمنى قويۇشتا، چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ مەلۇم بىر ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەن «تاغلاردىكى ئەستىن كۆتۈرۈلگەن كونا بۇلاقلار» توغرىسىدىكى بىر مۇلاھىزىسى ماڭا ئىلھام بولغان. دېمىسىمۇ، ئۆزۈڭغا سوزۇلغان «سول» چىل لۇشيەننىڭ كاساپىتى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر يېقىنقى زامان تارىخىمىزنى ئۇنتۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇ تارىخنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولغان ئەينى زاماننىڭ ئىلغار زىيالىيلىرىمۇ ھەرخىل يوللار بىلەن ئۇرۇپ چۇشۇرۇلدى، چەتكە قېقىلدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەگەر رومانىنىڭ ئىسمىدا مەسىلە بار دېيىلسە، بۇ دەل چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل لۇشيەنگە قارىتا چوڭقۇر خورسىنىش بىلەن ئاچچىق تەنىنىڭ ئىپادىسى، خالاس!

**ئىككىنچى، يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنى ئوبرازلىق، جانلىق، ھېسسىياتلىق تىل بىلەن يېزىشى كېرەك.**

يازغۇچىنىڭ ماھارىتى ئەسەردە ئىشلەنگەن پىششىق، پۇختا تىل ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى زىچ بىرىكتۇرۇشتە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تىلنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش كېرەك. ئۇنداقتا، تىلنى قەيەردىن، قانداق ئۆگىنىمىز؟ مېنىڭچە، بىرى تۇرمۇشتىن، يەنە بىرى، كىتابلاردىن ئۆگىنىش كېرەك. بۇنىڭدا، تۇرمۇشتىن ئۆگىنىش يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، تۇرمۇش — ئەڭ يۇكسەك، ئەڭ مول، ئەڭ جانلىق تىل مەنبەسى.

مەن سەل - پەل ئەقىل - ھوشۇمنى تاپقان ۋاقتىمدىن تارتىپ، مەدداھلارنىڭ ھېكايە - داستانلىرىنى ئاڭلاشقا باشلىغانىدىم. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىن تاكى ئەر بولۇپ يېتىشكىچە بولغان ئارىلىقتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ناھايىتى كۆپ ۋە قىزىقارلىق ئىكەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇلار ھەرخىل جەڭنامىلەرنى، مۇھەببەت قىسسىلىرىنى ئاجايىپ ناتىقلىق بىلەن شۇنداق جانلىق، ئوبرازلىق ۋە ھېسسىياتلىق سۆزلەيتتى. مەن

www.uyghurkitap.com

تىلنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى شۇلارنىڭ ماھارىتىدىن كۆرگەنىدىم . ئۇلار تەسىرلىك ، تارتىملىق تىللار بىلەن يۈزلەپ ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە ئەسىر قىلاتتى ، بەزىدە ئۇلارنى يىغلىتاتتى ، بەزىدە كۈلدۈرەتتى . كېيىن مەن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندا ، كىچىكىمدىن تارتىپ مەدداھ ئاڭلاپ ، ئۇلاردىن ئاز ـ تولا تىل ئۆگەنگەنلىكىمنىڭ بىھۇدە ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم . مەسىلەن ، «يەكچەشمە» ناملىق ھېكايە بىلەن «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىمدا بۇنىڭ پايدىسىنى كۆردۈم . مەن-دە ئەزەلدىن خاتىرە تۇتۇش ئادىتى بار . خەلق ئىچىدە — ھەرقايسى تەبىقە ، ھەرقايسى ساھەدىكى كىشىلەر ئىچىدە يۈرگەن ۋاقتىمدا ، ئۆزۈمگە يېڭى تۇيۇلغان ھەرقانداق سۆز ۋە ھەرقانداق ئالاھىدە نەرسىنى ئاڭلاپ قالسام ، دەرھال خاتىرەمگە پۈتۈۋا-لىمەن .

مەن ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپلا ، ئىككى يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشتىم . ئۇ چاغدا ، يېزىلارغا چۈشكەن كادىرلار «ئۈچتە بىللە بولۇش» پرىنسىپى بويىچە دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە ياتاتتۇق . مەن ياتقان ئۆي بىر تۇل موماينىڭ ئۆيى بولۇپ ، موماي ناھايىتى گەپدان ، قىزىقچى ، دىلكەش ئىدى ، قىش كۈنلىرى ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، مەن ئۇنى گەپكە سالاتتىم . ئۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن قىزىق ـ قىزىق ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى . سۆز ئارىسىدا شۇنداق ئوبرازلىق ، جانلىق ، ھېكمەتلىك گەپلەرنى ، مەنىلىك ماقال ـ تەمسىللەرنى ئېيتاتتى . مەن شۇ ئايالنىڭ گەپلىرىدىنلا بىر خاتىرىنى توشقۇزغانىدىم . بۇ خاتىرىدە ، جان-لىق ، ئوبرازلىق گەپ ـ سۆز ، ماقال ـ تەمسىل ، لەتىپە ـ رىۋايەت ۋە قىزىق ـ قىزىق دېتاللاردىن تارتىپ ، گۈل ـ گىياھ-لارنىڭ ، جانىۋارلارنىڭ ئىسمى ، رەڭگى ۋە خۇسۇسىيەتلىد-رىگىچە بار ئىدى . كېيىن بۇ گەپلەر ۋە ھەرخىل دېتاللار

«قىيانلىق دەريا» پوۋېستىمدا ئۆز ئورنىنى تېپىپ، ئەسەرگە كۈچ ۋە زىننەت بەخش ئەتتى. مەندە مۇنداق بىر چوڭقۇر تەسىرات بار: بەزى ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا سۆھبەتلىرىدە ئېيتىلىپ قالىدىغان جانلىق، ئوبرازلىق، ھېسسىياتلىق ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى بىز ئەسەر يازغاندا ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ ئۇنچىلىك جايىدا يېزىپ چىقالمايمىز. بۇ بىزگە تىلنى تۇرمۇشتىن ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەمدى، تىلنى كىتابتىن ئۆگىنىشتە، مۇھىمى بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن تىل ئۇستىلىرىنىڭ ۋە زامانداش يازغۇچىلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە تىلدىن پايدىلىنىپ قانداق گۈزەللىك ياراتقانلىقىنى، تىل ئىشلىتىشتىكى ماھىرلىقىنى ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. ئەدەبىيات پېشۋايىمىز ماۋدۇن ئەپەندى 120 بابلىق «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى تولۇق يادقا ئېلىۋالغان. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ تىل بايلىقىنى، ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

**ئۈچىنچى، يازغۇچى ئەسەر يازغاندا، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىشى كېرەك.**

مېنىڭچە، بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ھەرقانداق بىر يازغۇچى بۇنى ئەستايىدىل ئويلىماي قالمايدۇ. لېكىن، بىزدە ھەمىشە باشقىچە بىر خىل ئەھۋال سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئەسەردىكى ئايرىم ۋەقە ھەم پېرسوناژلارنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىپ، يازغۇچىغا بېسىم ئىشلىتىشكە ئۇرۇنۇش. بۇ جەھەتتە، مەن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە. 1988 ـ يىلى ئىسلاھات ۋە پاكلىق تېمىسىدا بىر ھېكايە يېزىۋىدىم، كۈتمىگەن يەردىن بەزىلەر ھېكايىدىكى ئايرىم ۋەقە ھەم سەلبىي پېرسوناژلارنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋالدى. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزىگە ئېلىۋېلىپ، گۇمان ھەم خۇدۇكسىرەش ئىچىدە

قالدى . نەتىجىدە ، ئۆزىگە ئۆزى ئىش تاپتى !

ھەممىگە ئايانكى ، بەدىئىي گۈزەللىك شەپىسىز ھالدا كىشى-لەر قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇلاردا ، ياكى مۇھەببەت ، ياكى نەپرەت ئويغىتىدۇ ، ئۇنى ياكى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ ، ياكى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ ، ياكى ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ ، ياكى ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ . ئەگەر سىز بىرەر ئەسەردىكى مەلۇم ئىش ، مەلۇم پېرسوناژنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى مەلۇم ئىش ، مەلۇم ئادەمگە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلسىڭىز ، بۇ پەقەت ئۇنىڭ بىرەر تەرەپ-پىنىڭلا ئوخشايدىغانلىقى ، خالاس ! ئەمما ، ئەدەبىي ئەسەرگە ھەر-گىزمۇ ئاخبارات تەلىپىنى قويۇشقا ، ئاخبارات كۆزى بىلەن قا-راشقا بولمايدۇ . كىمدە كىم ئەدەبىي ئەسەرنىڭ توقۇلما ۋە تىپ ئىكەنلىكىنى ، توقۇلما ۋە تىپنىڭ ھەقىقىي ئىش ، ھەقىقىي ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلمىسە ، ئۆزىگە ئۆزى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك تېپىۋا-لىدۇ . شۇنداقتىمۇ ، ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر تۇرمۇشتىن كەلگەچكە ، ئۇنىڭدا جەزمەن تۇرمۇشنىڭ ئەكسى ۋە تۇرمۇشنىڭ تىنىقى بولىدۇ . لۇشۈن ئەپەندى : «رومانىمۇ رەسىمگە ئوخشاش مودېلغا ئىگە» دېگەن : مېنىڭ ھەرخىل پېرسوناژلىرىم بىلەن جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ھامان ئازدۇر – كۆپتۇر ئوخشاشلىق بار . ئەگەر ، ئەسەرلىرىمدىكى پېرسوناژلار تۇرمۇشتىكى كىشىلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشاشمىسا ، ئۇ ھالدا ئۇنى ئوبرازلاشقان بەدىئىي ئەسەر دېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . مەن بۇ كۆز قاراشلىرىمنى ۋە بۇ جەھەتتىكى بىۋاسىتە تەسىراتلىرىمنى «ھايات شۇنداق» ناملىق رومانىدىكى مۇختەر ئىسىملىك بىر پېر-سوناژنىڭ ئوي – خىيالى ۋە ھېس – تۇيغۇلىرى ئارقىلىق خېلى تەپسىلىي بايان قىلغان بولساممۇ ، لېكىن شۇ رومانىدىكى ئاساس-لىق پېرسوناژلارنىڭ بىرى بولغان مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا ، يەنىلا ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلدىم . ئەسلىدە ، بۇ پېرسوناژنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ، مەنسەپ –

دەرىجىسىنى ئېنىق ۋە كونكرېت يېزىش كېرەك ئىدى . شۇنداق بولغاندا ، رومانىنىڭ چىنلىق دەرىجىسى كۆتۈرۈلەتتى ، ئوقۇرمەنلەرگە ئىشەنچلىك تۇيۇلاتتى . لېكىن مەن ئۇنى مەۋھۇم ، ئابستىراكت قىلىپ يازدىم . شۇڭا ، رومانىنى ئوقۇغان بەزى ئوقۇرمەنلەر : «مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى خۇددى رېزىنكىگە ئوخشاش بولۇپ قاپتۇ . بىر قارىساڭ ، قولى خېلى يەرلەرگە يېتىدىغان چوڭ شەخستەك ، يەنە بىر قارىساڭ ، بىرلا ئىدارىنى پىرقىرىتىپ يۈرگەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەلداردەك كۆرۈنىدىكەن» دېيىشتى . بۇ ئوبرازنىڭ ئۇلاردا ئەنە شۇنداق نائېنىق تۇيغۇ پەيدا قىلغانلىقى راست ! مەن بۇنى ئاڭلىق ھالدا شۇنداق قىلدىم . بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي : ھازىر جەمئىيەتتىمۇ ، كادىرلار ئىچىدىمۇ بىر قىسىم ئادەملەر ئەدەبىي ئەسەر بىلەن ئاخبارات ئەسىرىگە ئوخشاش كۆزدە قارايدۇ ، تۇرمۇشنى چىنلىق ۋە دادىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرگە دەرھال ئۆزىنى قوشۇۋېلىپ ، ئۆزىنىمۇ ، يازغۇچىنىمۇ بىھۇدە ئاۋارە قىلىدۇ ! بۇ ھال مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، نۆۋەتتە يازغۇچىلارنىڭ روھىدا بولۇۋاتقان بىر خىل بېسىم ! ئەسلىدە ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى . چۈنكى بەدىئىي چىنلىق بىلەن تۇرمۇش چىنلىقى زىچ باغلانغان ئەسەرلەردە چوقۇم يازغۇچىنىڭ ئەتراپىدىكى ، نەزىرى چۈشكەن دائىرىدىكى ھايات ئادەملەرنىڭ ئىزناسى بولماي قالمايدۇ ، تۇرمۇشنىڭ سۈرىتى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئاۋازى ئىپادىلەنمەي قالمايدۇ . شۇڭا ، بۇنداق ئەسەرلەر مەلۇم دەۋر ۋە مەلۇم ئورۇننىڭ روشەن ئەينىكى ھېسابلىنىدۇ ! ئەكسىچە بولسا ، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئۇنۇمى ، بەدىئىي قىممىتى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بولمايدۇ !

يۇقىرىقىلار مېنىڭ كەسىپداشلىرىم ، قەلەمداشلىرىم بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغان ئەرزىمەس پىكىرلىرىم . ئەگەر بۇنىڭ تەجرىبە سۈپىتىدە ياش ھەۋەسكارلارغا ئاز - تولا پايدىسى تەگسە ،

مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال ، لېكىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ، يەنىلا باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىگە تايىنىپ ئەمەس ، بەلكى ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ ، يېڭىلىق يارىتىش مۇھىم. يازغۇچىلىق ھەرگىزمۇ بىرەر ئادەمنى پىر - ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سىر ۋە مەخپىيەت دېگەن نەرسە يوق . بۇ ھەقتە لۇشۇن ئەپەندى ناھايىتى مېغىزلىق قىلىپ : «ئىجادىيەتنىڭ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا قۇلاققا پىچىرلاپ ئېيتىپ بېرىدىغان مەخپىيىتى يوق . ئەگەر مۇشۇنداق مەخپىيىتى بار بولسا ، ئېلان چىقىرىپ ، ئوقۇش پۇلى ئېلىپ ئۈچ كۈندە ئەدىب يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپتىن بىرنى قۇرسا بولۇۋېرىدۇ ··· بىراق ، بۇنداق قىلغانلىق ئەمەلىيەتتە ئالدامچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ . » دېگەنىدى .

ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ ، يېڭىلىق يارىتىش — جانلىق ئىزدەنگۈچىلەر بىلەن ئەستايىدىل ئۆگەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ !

1992 - يىل مارت



www.uyghurkitap.com

# ئىككى پارچە خەت

ئىنىم ئەخەت تورۇدى!

«ئۇنتۇلغان كىشىلەر»نى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئەسەر مەندە خېلىلا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى.

ئالدى بىلەن شۇنى دېگۈم كېلىدۇكى، ئەسەرنىڭ تىلى بىر-قەدەر پىششىق ئىشلەنگەن: دېئالوگلارنىڭ كۆپىنچىسى پېرسو-نازلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىگە، تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن، ئىچكى ھېسسىياتلار تەسۋىرىدە خېلىلا شېئىرىي كۆي بار. ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم يەرلىك شىۋىلەرنىڭ ئورۇنلۇق جارى قىلىنىشى ئەسەرنىڭ يەرلىك ھىدد-نى كۈچەيتكەن. ئەدەبىي تىلىمىز مۇشۇنداق ئىزدىنىشلەر ھېسا-بىغا بېيىپ بارىدۇ.

ئەسەرنىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسىمۇ خېلى قىزىقارلىق. دراما-تىك دولقۇنغا ئىگە بابلارمۇ ئاز ئەمەس.

بىرقانچە مۇھىم پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى خېلى جانلىق سىزىلغان: قۇتلۇق ئەپەندى، باتۇق، نازاكەت خېنىم، ھاپىز خوجا قاتارلىقلارنىڭ بىرقانچە دراماتىك توقۇنۇشلار جەريانىدىكى ئوي - خىيال، سۆز، ئۇسۇل، تەدبىر، ھەرىكەتلەر ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن خاراكتېرلىرى خېلىلا ئەستە قالغۇدەك ئىندىۋىدۇ-ئاللىققا ئىگە.

كىچىك بىر تارىخىي ئېپىزوت ئارقىلىقمۇ ئەھمىيىتى چوڭ تارىخىي ساۋاق ئوبرازىنى ياراتقىلى بولىدۇ. بۇنداق ئوبراز ئۆتۈ-مۈشنىڭ كارتىنىسىلا بولۇپ قالماي، كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە دەستۇرلار تەركىبىگە كىرىدۇ. شۇبھىسىزكى،

www.uyghurkitap.com

سىزنىڭ ئەسىرىڭىزمۇ مۇشۇنداق ئاملىغا ئىگە ئەسەردە (يەنى تارىختا) قۇتلۇق ئەپەندىلەر يېڭىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ روھى يەنىلا غالىب، بۇنداق روھ يېڭى دەۋرىمىزدە ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تاپتى، ئۆز ۋاقتىدا ئۆلگەن ھەمدە تىرىك قالغان ھاپىز خوجىلار لەنەت ـ نەپرەتكە كۆمۈلدى، لېكىن تارىخ يەنىلا شەكلى ئۆزگەرگەن تەكرارلىنىشلار بىلەن تولغان بولىدۇ. ئالاي-لى، قۇتلۇق ئەپەندى تىپىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يېڭى دەۋرىمۇ توغرا چۈشىنىشكە ئېرىشەلمەي خارلانغانلىقى، بۇ جەھەتتە ھاپىز خوجا تىپىدىكى شەخسلەرنىڭ نەقەدەر رەزىل روللارنى ئوينىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم پاكىتقۇ!

تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتى بىزدە بىر مەزگىل «ئۆتمۈشتىن سۆز ئېچىپ، بۈگۈنكىگە ھۇجۇم قىلىش» دېگەن بەتناملارغا قالغانىدى. شۈكرى، ھازىر بىز بۇنداق ئەبلەخ-لەرچە، ئەخمەقلەرچە بىلجىرلاش، كالتەكلەشلەرنىڭ دەردىدىن خېلىلا قۇتۇلۇپ قالدۇق. چىنلىقتا، سەنئەتكە سادىق يازغۇچى بۇنداق بىلجىرلاش، كالتەكلەشلەر ۋەھىمىسى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

لېكىن، مەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا بەزى كۆرۈنۈش-لەردىن، پېرسوناژلارنىڭ بەزى ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىدىن كۆڭ-لۈم غەش بولغان يەرلەرمۇ بولدى. مەسىلەن، چىلتەنلەر نامايە-شى قۇتلۇق ئەپەندى شۇغۇللىنىدىغان پائالىيەت بولماسلىقى كې-رەك ئىدى. چۈنكى، مۇشۇ دەۋردىكى زىيالىيلارنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئاشۇ خىل خۇراپىي ئادەتلەردىن يىرگىنچتە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا چىلتەنلەر نامايىشىنى ئۆيۈشتۇرۇش بۇ خىل ئادەملەر خاراكتېرىگە يات، زورمۇزو چاپلانغان قىلىق بولۇپ قالغان.

باتۇق ھەققانىيەت ئىزدەيدۇ، ئادالەتكە تەشنا، شۇ يولدا پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، لېكىن ئۇ نادانلىقى

سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ مۇشۇ تۇپ خۇسۇسىيىتىگە زىت ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنى ئەلۋەتتە چۈشىنىشكە بولىدۇ، لې-كىن ئەسەردە ئۇنىڭ بەزى قىلمىشلىرى (مەسىلەن، ھاپىز خوجىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ سىڭلىسىغا يىرتقۇچ-لارچە چېقىلىشى) بەك ئېشىپ كەتكەنلىك ئەمەسمىدۇ؟! بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەھرىمانلارغا ئازادلىق ئىزدىگۈ-چىلەر ئەگەشمىسە كېرەك.

مېنىڭ بۇ ئىككى مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىكى مەقسەت: ئەسەردە ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر مەنتىقىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» دە بۇ نۇقتا بىرقەدەر ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇ، قانداق؟

بۇنىڭدىن باشقا بەزى قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرى — پائالىيىتى چولتا. مەسىلەن، نازاكەت خېنىم ئوقۇرمەن تولۇق چۈشىنىشكە، جىددىي توقۇنۇشلار ئىچىدە جىقراق كۆرۈشكە تەشنا پېرسوناژ ئىدى، ئەپسۇسكى، بۇ تەشنالىق قاندۇرۇلمىغان. مەن بۇ چولتىلىق ئۇنىڭ ئوبرازىغا دەخلى يەتكۈزگەن دەپ قارايمەن.

مەن ئەدەبىي تەنقىدچى قاتارىغا كىرمەيمەن. بولۇپمۇ پروزا ئەسەرلىرى ھەققىدە كەسىپ ئەھلىگە خاس پىكىر بېرەلىشىم تېخىمۇ قىيىن، لېكىن ئەسەرنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىش جەريانىدا مەندە يۇقىرىقىدەك تەسىرات قوزغالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزمۇ مەندىن پىكىر سورىدىڭىز. شۇڭا بۇ خەتنى يازدىم. خەت ئارقىلىق «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»گە بولغان زوقۇمنى ئىزھار قىلدىم. ئەسەرنىڭ نۇقسانى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمنى تەنقىدىي مۇھاكىمە قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزگە ئىجادىيەتتە يې-ڭىدىن - يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

سالام بىلەن: تېيىپجان ئېلىيوپ

1988 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### ھۆرمەتلىك تېيىپجان ئاكا:

خېتىڭىزنى ئوقۇپ خۇشال بولدۇم، سىزگە كۆپ رەھمەت! ئالدى بىلەن، ئىشىڭىزنىڭ ئالدىراش، سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئانچە ياخشى بولمىغانلىقىغا قارىماي، تۇنجى يىرىك ئەسىرىم «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»نى ئېرىنمەي ئوقۇپ چىقىپ، تەپسىلىي تەسىرات يازغانلىقىڭىزغا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن!

كىشىلەردە: «قىزىلگۈل ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەرگىنىڭ كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا موھتاج» دېگەن بىر گەپ بار. دەرۋەقە، بەرگىنىڭ ئەجرى بىلەن قىزىلگۈلنىڭ گۈزەللىكى نامايان بولالايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئەدەبىياتىمىزمۇ پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ كېيىنكى شاگىرتلارنى يېتەكلىشى، قوللىشى ۋە ئاسرىشى بىلەن گۈللىنىدۇ، روناق تاپىدۇ.

خېتىڭىزدە رومانىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە تەئەللۇق بەزى ياخشى گەپلەرنى قىپسىز، مەن بۇنى ئەلۋەتتە كۆيۈمچان بىر ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ كىچىككىنە نەتىجىسىنى كۆرگەندە ھاياجانلىنىپ ئېيتقان ئىلھاملاندۇرۇش، روھلاندۇرۇش نىيىتىدىكى سۆزلىرى دەپ چۈشىنىمەن. مۇبادا «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»دە راستىنلا ئاز - تولا مۇۋەپپەقىيەت بار دېيىلسە، بۇ مۇۋەپپەقىيەتمۇ، ئالدى بىلەن، خەلقىمىزنىڭ باي ۋە رەڭگارەڭ تۇرمۇشى بىلەن ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشكە قاراپ يۈز تۇتۇۋاتقان ئەدەبىياتىمىزنىڭ ماڭا بولغان ئىلھامىغا مەنسۇپ، خالاس!

رومانىمنىڭ پىشمىغان، چولتا، يېتەرسىز جايلىرى توغرىسىدا بىرنەچچە ئورۇنلۇق پىكىرلەرنى بېرىپسىز. ئالدى بىلەن، بۇ پىكىرلىرىڭىزنى چىن كۆڭلۈمدىن قوبۇل قىلىمەن. بۇ پىكىرلىرىڭىزمۇ تەلەپچان بىر ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرگەندە، كۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئېچىنىش بىلەن ئېيتقان سەمىمىي سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. بۇ پىكىرلەر ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمدە ئۈنۈملۈك ساۋاق بولۇپ قالىدۇ.

باتۇقنىڭ ئوبرازى توغرىسىدىكى پىكرىڭىز ھەقىقەتەن يول-لۇق . بۇ ھەقتە يەنە بىر پىشقەدەم داڭلىق يازغۇچىمۇ بىر كۈنى ماڭا : «رومانىڭنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدىم ، ياخشى يېزىپسەن ، لېكىن باتۇقنى بىر ئاز كەپسىز قىلىپ قويدۇڭمۇ ، قانداق ؟ نەگىلا بارسا شوخلۇق قىلىپ ، ئىش تېرىپ يۈرىدىكەن … شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە كىشىگە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىكەن … » دېگەنىدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەن باتۇق ئوبرازى توغرىسىدا قايتىدىن ئويلاپ باقتىم . راستىنى ئېيتقاندا ، باتۇق رومانىدىكى ئەجرىم كۆپرەك كەتكەن ، ياخشى كۆرۈپ تەسۋىرلىگەن بىر ئوبراز . مەن ئۇنى ئامال بار جانلىقراق ، تىرىكرەك ، مۇرەككەپرەك يارىتىشقا ئۇرۇنغانىدىم . بىر چاغلاردا مەنمۇ بىر قىسىم ھېكايە ، پوۋېستلىرىمدا سىياسىي رامكا بىلەن سىياسىي ئۇقۇملاردىن خالىي بولالمىدىم ، ياراتقان ئوبرازلىرىم ئاشۇ چۈشەكلەر بىلەن بوغۇلۇپ ، جانسىز ، خۇنۇك بولۇپ قالدى . بۇ ھەقتە بىر قىسىم كەسىپداش ، قەلەمداشلىرىم-دىنمۇ ئاز - تولا پىكىرلەرنى ئاڭلىدىم . رومانىنى يېزىشقا كىرىش-كەن ۋاقتىمدا ، مانا شۇ پىكىرلەر كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى . ئۆزۈمچە رامكىلاردىن ، چۈشەكلەردىن قۇتۇلۇش نىيىتىدە ، رو-ماندىكى بەزى ئوبرازلارنى — باتۇق ، نازاكەت خېنىم ، مامۇت قۇرغۇي قاتارلىقلارنى ئادەم سۈپىتىدە جانلىق ، ھېسسىياتلىق ، ئۆزىگە خاس ئوي - پىكىرلىك ھەم كۆپ قىرلىق ئوبرازلار قىلىپ يېزىپ بېقىشقا تىرىشتىم . ئەلۋەتتە ، بۇ مەندىكى بىر ئارزۇ ئىدى ، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئارزۇيۇمغا دېگەندەك يېتەلمىگەنلىكىم ، ئەكسىچە ، بەزى يەرلەردە ھەددىدىن ئاشۇرۇ-ۋەتكەنلىكىم روشەنلەشتى . بۇمۇ خۇددى «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەك ئىش بولۇشى مۇمكىن . بۇ ئەلۋەتتە ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسەرلىرىمدە ئوبراز يارىتىشتا قو-بۇل قىلىشقا تېگىشلىك ساۋاق بولۇپ قالىدۇ .

رومانىدىكى «چىلتەنلەر نامايىشى» بابى توغرىسىدا ئېيتقان

پىكرىڭىزنىمۇ ئەستايىدىل ئويلاپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى مەن يولداشلار بىلەن بىللە مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن تەتقىق قىلىپ باقماقچى: بىرسى، ئاشۇ تارىخىي ھەم كونكرېت شارائىتتا قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ چىلتەنلەر پائالىيىتىگە ئارىلىشىشى ھەم ئۇنى تەشكىللىشى توغرىمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئىككىنچىسى، قۇتلۇق ئەپەندىدەك ئەينى ۋاقىتنىڭ زىيالىيسى ھەم ئىنقىلابچىسىنىڭ ئاشۇنداق قويۇق دىنىي تۈس ئالغان دەرۋىشلەر پائالىيىتىگە قاتنىشىشى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن كېلەمدۇ، يوق؟

بۇنىڭغا ھازىر ئۆزۈممۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. مېنىڭ ئاشۇ بابنى يازغان ۋاقىتتىكى چۈشەنچەم مۇنداق ئىدى: بىر تەرەپتىن، ئاشۇنداق مۇئەييەن بىر تارىخىي، كونكرېت شارائىتتا، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ خەلق مەنپەئىتىنى ئويلاپلا، ئۆز ئېتىقادىغا خىلاپ ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغانلىقىنى كۆرسىتىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ رەڭدارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەرخىل قاتلام ۋە تەبىقىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇشىنى سۈرەتلەش.

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى ئۇسۇلۇمنىڭ مۇۋاپىق بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى قايتىدىن ئويلىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

تېيىپجان ئاكا، خېتىڭىز مېنى ئومۇمەن ھەممە جەھەتتىن چوڭقۇر ئويغا سالدى. رومانىنىڭ نەتىجىلىك چىققان يەرلىرى توغرىسىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمدە ئۇنى قانداق جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ پىشىلدۇرۇشنى ئويلىسام، چولتا، يېتەرسىز يەرلىرى توغرىسىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمدە ئۇنى قانداق ساقاق قىلىپ، خەلققە تېخىمۇ پىشقان، شېرىن مېۋىلەرنى بېرىشنى ئويلىدىم. ھەر ئىككى ئوينى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن، جاپالىق ئۆگىنىشكە،

ئىزدىنىشكە ، ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ . بۇ جەھەتتە ئۇستازلار-
نىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىققا تىرىشىمەن !

ئىشىنىمەنكى ، قاتمۇ قات قىش - زىمىستاننى بېشىدىن كەچۈرۈپ ، بۇگۈنكى ئىللىق ، ئازادە باھار قوينىدا گۈللەپ يېتىلىۋاتقان ئەدەبىياتىمىز پېشقەدەم ئۇستازلار بىلەن ئۇزلۇكسىز زورىيىۋاتقان كېيىنكى شاگىرتلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ، ھەمكارلىقى ۋە بىر - بىرىگە بولغان كاتتا مەدەتكارلىقى بىلەن يېقىن كەلگۈسىدە دۇنياۋى شان - شۆھرەت قۇچقۇسى !

ئاخىرىدا تېنىڭىزگە ساقلىق ، تۇرمۇشىڭىزغا خاتىرجەملىك ، ئىجادىيىتىڭىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن .[1]

ھۆرمەت بىلەن قەلەمداش ئىنىڭىز : ئەخەت تۇردى

1988 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

[1] بۇ خەتلەر «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 11 - سانىدا ئېلان قىلىنغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئەجداددىن ئەۋلادقىچە

ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش — بەزىدە كىشىگە زوق بېغىشلايدۇ، روھنى ئۇرغۇتىدۇ، ئادەمنى ئۈمىدۋار، جاسارەتلىك قىلىپ قويىدۇ.

مەن «تارىم» ژۇرنىلىدا تۇنجى ھېكايەم ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتا، ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ژۇرنالدا ئىشلەپ قېلىشىمنى خىيالىمغا زادىلا كەلتۈرمىگەنىدىم. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇ يەردە ئىشلەشنى خالىمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇ يەرنىڭ مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئورنىنىڭ ئۇلۇغ ۋە يۈكسەكلىكىدىن ئىدى.

«تارىم» ژۇرنىلى مېنى ئەدەبىيات سېپىگە باشلاپ كىرگەن تۇنجى يول باشلىغۇچىم بولدى. مەندىكى ھەۋەس - ئىشتىياق ئۇنىڭ ئاشۇ رەڭگارەڭ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاشتىن پەيدا بولغان. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ مۇشتەرىسى ئىدىم، ئۇنىڭ ھەربىر يېڭى سانىنى خۇددى يىراق يەرگە كەتكەن ئاتا - ئانامنى كۈتكەندەك تەلمۈرۈپ كۈتەتتىم ۋە كەلگەن ھامان كېچە - كېچىلەپ ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالاتتىم، يېڭى - يېڭى تەسىراتلارغا چۆمەتتىم. مەن ئاتاقلىق يازغۇچى گوركىي، لۇشۈن ۋە چېخوفلار بىلەن بىرىنچى قېتىم «تارىم»نىڭ سەھىپىلىرى ئارقىلىق تونۇشقان. ھېلىمۇ ئېسىمدە، گوركىينىڭ مەشھۇر ھېكايىسى — «ماكار چۇدرا» شۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندا، بىز ئۈچ ھەۋەسكار ساۋاقداش كەچتە قارا چىراغنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ مۇھاكىمە قىلىشقانىدۇق. ھېكايىدە مۇنداق بىر ئاساسىي ۋەقە بايان قىلىنغانىدى: جاھانكەشتى ئوغرى ماكار چۇدرا ئۆزىگە

گاۋرىللا ئىسىملىك بىر ئادەمنى ياللاپ ئوغرىلىق قىلىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە ئوغرىلىغان ماللىرىنى سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇ چاغدا گاۋرىللانىڭ نىيىتى بۇزۇلىدۇ ۋە ئۇخلاپ ياتقان ماكارنى ئۇرۇپ هوشسىزلاندۇرۇپ، ھەممە پۇلنى ئېلىپ قاچىدۇ. لېكىن كېتىۋېتىپ ۋىجدانى ئازابلىنىدۇ، پۇشايمان يەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئارقىغا قايتىپ كېلىپ، پۇلنى يەنە ماكار چۇدراغا بېرىدۇ. لېكىن بۇ چاغدا ماكار چۇدرا غەزەپ بىلەن گاۋرىللانىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈرىدۇ ــ دە، ھەممە پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپ، دېڭىز تەرەپكە قاراپ كېتىدۇ...

بىز بۇ ھېكايىنى قايتا ــ قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۆزىمىزچە تەھلىل قىلدۇق، باھا بەردۇق ۋە ماكار چۇدرا ئوبرازى توغرىسىدا گوركىيغا غايىۋانە سوئاللارنى قويدۇق: «ماكار چۇدرادەك جاھان كېزىپ يۈرىدىغان بىر ئوغرى قانداقمۇ خەلقنىڭ ۋەكىلى بولالايدۇ؟ ئۇ ئۆزىمۇ بىر ئوغرى تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئوغرىلىغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى گاۋرىللاغا تاشلاپ بېرىپ كېتىدۇ؟ ...»

بۇ سوئاللارغا ئىچىمىزدىكى پاكار بويلۇق، قارىمۇتۇق بىر ساۋاقدىشىمىز ئۆزىچە مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى: «گوركىيمۇ ئوغرىلىق قىلغان، شۇڭا ئۇ ئوغرىلارغا ھېسداشلىق قىلىپ يېزىپتۇ!»

بۇ تەھلىللىرىمىز، ئەلۋەتتە، ئۆزىمىزگە ئوخشاشلا ناھايىتى ساددا ۋە گۆدەك ئىدى. بىز ئۇ چاغلاردا ئۇلۇغ يازغۇچى گوركىينىڭ ماكار چۇدرا ئوبرازىنى قانداقتۇر ئوغرىغا ھېسداشلىق قىلىش ياكى ئاشۇنداق بىر ئوغرىنىڭ ئىش ــ ئىزلىرىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ماكار چۇدرانىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي گۈزەللىكنى مەدھىيىلەپ يازغانلىقىنى چۈشەنمەيتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ، بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىمىز، ساددا مۇھاكىمىلىرىمىز بىزنى «تارىم» ژۇرنىلىدىن

ئىبارەت ئاشۇ مۇنبەر ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قايناق مۇھىتى ئىچىگە باشلاپ كىردى . بىز دەسلەپكى قىزىقىش ۋە ھەۋەستىن ئاستا ـ ئاستا تەقلىدىي مەشق باسقۇچىغا قەدەم قويدۇق ...

مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزۈم ئوچۇن يېتەكچى بولغان، ئۇستاز ۋە باغۋەنلىك رولىنى ئوينىغان ئاشۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر خادىمى بولۇپ قالدىم ، بۇ چاغدىكى ھېسسىيات ۋە تەسىراتلار ، ئەلۋەتتە ، بۇرۇنقىدىن پەرقلىنىدۇ ، لېكىن بىرلا نۇقتا پەرقلەنمەيدۇ ، ئۇ بولسىمۇ «تارىم» ژۇرنىلىغا بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت ! مەن ئەنە شۇ ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە يىگىرمە نەچچە يىل ئىشتىياق بىلەن ئىشلىدىم . بۇ جەرياندا ، «تارىم» ژۇرنىلى ماڭا يەنە ئوخشاشلا ئۇستاز ھەم يېتەكچى بولدى . مەن ئۇنىڭدىن نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەندىم ، نەزەر دائىرەم كېڭەيدى ، ئىدىيەۋى سەۋىيەم ئۆستى . ئۇزاق مەزگىل شۇغۇللانغان ، جاپالىق ، نازۇك ۋە شەرەپلىك مۇھەررىرلىك خىزمىتى مېنى خىزمەتتە پۇختا ، تەلەپچان ، ئىجادىيەتتە غايىلىك ، ئەستايىدىل قىلىپ تەربىيىلىدى . ئەگەر مەن ھازىر خىزمەتتە ۋە ئىجادىيەتتە ئاز ـ تولا نەتىجە قازاندىم دېسەم ، بۇ نەتىجە ئالدى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىغا مەنسۇپ ! چۈنكى «تارىم» ژۇرنىلى مەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپلا كىرگەن ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئەمەلىي قايىنىمى بولدى . مېنىڭ جەمئىيەتكە قويغان تۇنجى قەدىمىممۇ ، ھايات توغرىسىدىكى تۇنجى چۈشەنچىلىرىممۇ ، ئىجادىيەت ئۇستىدىكى تۇنجى ئىزدىنىشلىرىممۇ دەل ئاشۇ يەردىن باشلانغان . شۇڭا مېنىڭ خىزمەت ۋە ئىجادىيەت يولىدىكى ھەرقانداق قەدىمىم «تارىم» ژۇرنىلىدىن ئايرىلالمايدۇ .

«تارىم» ژۇرنىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى توغۇندا ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتى «تارىم»

ژۇرنىلنى دەۋر قىلغان ھالدا 40 يىلدىن بۇيان ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلدى . بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى ، گۈللىنىشى تېز ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى . «تارىم» ژۇرنىلى 1982 - يىلىنىڭ بېشىدا تۇرپاندا ئاچقان شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنىدىن تارتىپ ، 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قاراmaيىدا ئاچقان سانائەت تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىغا قەدەر بولغان بەش يىل جەريانىدا ، يەرلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ، ھەرخىل تېما ، ژانىر ھەم ئاجىز ھالقىلار بويىچە ھەرخىل شەكىل- دىكى كەسپىي يىغىنلارنى ئېچىپ ، ئىجادىيەتكە ئىلھام بەردى ، ئىجادىيەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئىجادىيەتتىكى ئۇتۇقلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، ساقلانغان مەسىلىلەرنىمۇ ۋاقتى - ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئۆستۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاۋانگارتى بولدى . مەسىلەن ، 1983 - يىلى قەشقەردە ئېچىلغان يېزا تېمى- سىدىكى ھېكايە ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى جايلاردىن كەلگەن يازغۇچىلارنى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان يېزىلارغا يۈزلىنىشكە ، يېزىلاردىكى يې- ڭى ئىش ، يېڭى ئادەملەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە چاقىرغان بولسا ، 1986 - يىلى ئاقسۇدا ئېچىلغان پوۋېست ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ياش ۋە ئاجىز ژانىر ھېسابلانغان پوۋېست ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش ، يېڭى تارىخىي دەۋردە ياز- غۇچىلىرىمىزنى دەۋرىمىزنى پوۋېست ژانىرى بىلەن تېخىمۇ كەڭ ، تېخىمۇ چوڭقۇر ، تېخىمۇ يارقىن ئېپادىلەشكە سەپەرۋەر قىلدى . 1988 - يىلى 5 - ئايدا ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان شېئىرد- يەت مۇھاكىمە يىغىنى بولسا ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يۈز بەرگەن يېڭى ھادىسىلەرنى ،

www.uyghurkitap.com

شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاقىدار بولغان رېئال مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى جانلاندۇردى ۋە بىر تۈركۈم ئۇمىدلىك ياشلارنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

قىسقىسى، «تارىم» ژۇرنىلى يېڭى دەۋرنىڭ كۆيچىسى، تەشۋىقاتچىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېتەكچىسى، ھىمايىچىسى ۋە شەپقەتچىسى بولدى. مەن مۇشۇلارنى ئەسلىگەندە، شۇ ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشالىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى شەرەپلىك، بەختلىك ھېس قىلىمەن، يىگىرمە نەچچە يىل شۇ يەردە «نامسىز قەھرىمان» بولۇپ ئىشلىگەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن!

دەرۋەقە، تەھرىرلىك تولىمۇ جاپالىق، ئۇششاق ۋە ئىنچىكە خىزمەت، تەھرىردە مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى ئاڭ - سەۋىيە، سىياسىي سەزگۈرلۈك ھەم كەسپىي ئىقتىدار بولغاندىن سىرت، تەھرىر يەنە جەزمەن ئاكتىپ ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولۇشى، خۇددى «تۇغۇت دوختۇرى»غا ئوخشاش ياخشى مەسلىھەتچى بولۇشى، «تەم تەڭشىگۈچى»، «بېزىگۈچى» بولۇشى ھەم ئۆتكۈر سىنچى بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ؛ تېما تاللاش، ياخشى ئەسەر يارىتىشتا ئاپتورغا ئوبدان مەسلىھەتچى بولالايدۇ؛ ھەربىر سان ژۇرنالنىڭ رەڭدار، سۈپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن تەم تەڭشىيەلەيدۇ؛ ئەسەرلەرنى ئوبدان، پۇختا، ئەستايىدىل تەھرىرلەپ پىششىقلاش ئارقىلىق بېزىيەلەيدۇ؛ يۈزلىگەن ئاپتور ئىچىدىن ئۇمىدلىك، ئىقتىدارلىق ياشلارنى بايقاپ، «ياخشى ئارغىماق، ئۇچقۇر تۇلپار»لارنى ئايرىپ چىقالايدۇ... لېكىن بەزى كىشىلەر تەھرىرلىكنىڭ ئەنە شۇنداق مۇھىم، ئىنچىكە،

جاپالىق ھەم شەرەپلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى كۆرمىدى . بەلكى ئۇنى قانداقتۇر ، تەھرىر دېمەك تۇمۇر قايچا ، پولات مېتىر ، بىر قۇتا سىياھ ، بىر قۇتا شىلىم ۋە بىر قەلەم دېمەكتۇر ، ئۇ سىزىدۇ ، ئۆچۈرىدۇ ، كېسىدۇ ، چاپلايدۇ ، دەپ قارايدۇ . مېنىڭچە ، تەھرىرلىك ناھايىتىمۇ ئالىيجاناب ، خالىس ۋە ھالال خىزمەت ، ئۇنى جانلىق ئۆتكۈزگۈچ ، ستېرېئولۇق ئاڭ دېيىشكە بولىدۇ . بۇ ھەقتە لۇشۇن ئەپەندى : «بىر ياخشى تەھرىر مۇشتەرىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ، ئارزۇ ـ ئىستىكىنى ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى بىلەلەيدۇ ھەم ئاپتورنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىپ ، ئاپتورنىڭ سىردىشى ۋە ئەسەرنىڭ شەپقەتچىسى بولالايدۇ ! » دېگەنىدى . مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، تەھرىردە چوقۇم بارلىقىنى خەلققە بېغىشلايدىغان ئالىيجاناب روھ بولۇشى ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان يۈكسەك جاسارەت بولۇشى ، تەھرىرلىك كەسپى بىلەن بىللە ھەرخىل پەننىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان مۇستەھكەم ئىرادە بولۇشى لازىم . شۇنداق بولغاندىلا ، ئۇ خەلققە مەنىۋى ئوزۇق بېرىدىغان ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىدىغان ژۇرنالنى ئوبدان چىقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ھەسسە قوشالايدۇ ، يىگىرمە نەچچە يىللىق خىزمەت تەجرىبەمدىن قارىغاندا ، ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئالدى بىلەن پارتىيە تەشكىلىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ، ئاندىن باش مۇھەررىرنىڭ تەشكىللەش ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش ماھارىتى ، ئۇنىڭدىن قالسا ، ژۇرنالنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ، ئالاھىدىلىكى ، تەھرىرلەرنىڭ سۈپىتىنى داۋاملىق ، ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ تۇرۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

«تارىم» ژۇرنىلى 40 يىلدىن بۇيان ، خۇددى ئۆزىگە ئىسمىداش تارىم دەرياسىدەك ، بىر يەرلەردە يوقىلىپ ، يەنە بىر يەرلەردە پەيدا بولۇپ ، گاھ ئۆركەشلەپ ، گاھ پەسىيىپ نۇرغۇنلىغان

www.uyghurkitap.com

ئەگرى ـ توقاي ھەم شانلىق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى قالدى، بىرمۇنچە پېشقەدەم يول باشلىغۇچىلىرىمىز، مۇنەۋۋەر تەھرىرلىرىمىز ئۆزىنىڭ قان ـ تەرى، ھالال ئەجرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ گۈلزارىنى سۇغاردى، كۆكلەتتى، پەرۋىش قىلدى... «تارىم» ژۇرنىلى ئەنە شۇ ئەجدادلارنىڭ، پېشقەدەم باغۋەنلەرنىڭ ئىجادكارلىق بىلەن ئەستايىدىل ئىشلىشى نەتىجىسىدە، ئەۋلاددىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ، بۈگۈنكى گۈللەنگەن قىرانلىق يېشىغا كەلدى. بىز بۈگۈن ژۇرنالنىڭ 40 يىللىق شانلىق مەرىكىسىنى قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئۇنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن، ئاجىزلىقتىن قۇدرەت تاپقۇزغان ئەجدادلارنى ئەسكە ئالماي تۇرالمايمىز، ئۇلارنىڭ ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەنلىرىگە چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن تەزىيە بىلدۈرىمىز، ئارىمىزدا ھايات ياشاۋاتقانلىرىغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۆشۈكى، كۆرەك مۇنبىرى بولغان «تارىم» ژۇرنىلىنى خۇددى ئەجدادلار بىزگە پاك ۋە ھالال ئەجرى بىلەن تاپشۇرۇپ بەرگەندەك، بىزمۇ ئەۋلاددىن ئەۋلادلارغا خۇددى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرگەن ماھىرلاردەك، قولمۇ قول تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، مەڭگۈ ئۆزۈلدۈرمەي راۋان ئاققۇزۇش ئۈچۈن، ھەممىمىزنىڭ ئورتاق تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئاخىرىدا، مەرھۇم پېشقەدەم شائىرىمىز ئەھمەد زىيائىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 300 ـ سانى چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «تارىمغا خىتاب» ناملىق شېئىرىنىڭ تۆۋەندىكى كۇپلېتى بىلەن ماقالەمنى تاماملايمەن:

ئۆمىدىمىز شۇ : مەڭگۈ ئۆزۈلمەي ،
ئاقسۇن دولقۇنلاپ بۇ ئىككى دەريا !
ئۇ ئېچىلدۇرغان گۈل ـ چېچەكلەردىن ،
تولسۇن خۇش ھىدقا مەنىۋى دۇنيا !

1900 ـ يىل نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىجادىيەت ھەققىدە قىسقىچە پاراڭ

ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇشكۇل ، نازۇك مەنىۋى پائالىيەت .
بۇنى قەلەم بىلەن ھەپىلەشكەن ھەرقانداق ئەدىب چوڭقۇر ھېس
قىلالايدۇ . لېكىن ، بۇنىڭلىق بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى سىر-
لىق ، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئىش دېيىشكە بولمايدۇ . تى-
رىشچان ، ئىرادىلىك ئادەم ئۇچۇن ئۇنىڭ ئىشكى ئوچۇق ، بىر
ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قى-
لىشىدا تەربىيە بىلەن مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن باشقا ، ئۆزىنىڭ
تىرىشىپ ئۆگىنىشى يەنىلا ئاساسىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ . ئىجادى-
يەت يولىغا قەدەم قويغان بىر ھەۋەسكاردا ئالدى بىلەن بىلىش
تەشنالىقى بولۇشى كېرەك . مەن كىچىكىمدىلا كىتاب ئوقۇشقا
خۇشتار ئىدىم . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، 6 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان
ۋاقتىم ئىدى . ئۇزۇن يىل تۇللۇقتا ئۆتكەن ھامام قاتتىق ئاغ-
رىپ يېتىپ قالدى ، ئۇ يالغۇز بولغاچقا ، تۇغقانلارنىڭ ئۇنىڭغا
كېچە ـ كۇندۇز نۆۋەت بىلەن قارىشىغا توغرا كەلدى . ۋاقىت
ئۇزارغانسېرى قارايدىغانلارمۇ ئازىيىپ قالدى . بۇ چاغدا ، مەن
پىدائىي بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتىم ، بۇ ئىشتا مېنىڭ بۇنچە تەشەب-
بۇسكار بولۇپ كېتىشىمدىكى سەۋەب قانداقتۇر كېسەلگە قاتراش
ئەمەس ، بەلكى كېسەلنىڭ بېشىدا تۇن بويى يېنىپ تۇرىدىغان
پەنەرنىڭ يورۇقى ئىدى . شۇ كۇنى مەن يېرىم كېچىگىچە يوغان
كات ساندۇقنىڭ ئۇستىگە قويۇلغان پەنەرنىڭ يورۇقىدا سەدىردىن
ئەينىنىڭ «بۇخارا» ناملىق رومانىنى ئوقۇدۇم ، كېيىن قانداق
ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقماي قاپتىمەن . تاڭ ئاتقاندا
قانداقتۇر بىر يىغا ـ زارنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم .

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ، چوڭ ئانام ، ئانام ۋە باشقا تۇغقانلار قارىلىق باغلاپ هازا ئېچىۋېتىپتۇ ، يېنىمدا ئېگىكى قوشۇلغان هاممام سوزۇلۇپ يېتىپتۇ . بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپلا تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى ، ئۆزۈمنىڭ كىچىچە سۆرلۈك بىر جەسەت بىلەن بىللە يېتىپ چىققانلىقىمنى ئويلاپ قورقۇپ كەتتىم ، شۇ كۈنلا ئاغزى - بۇرنۇمغا ئۇچۇق چىقىپ كەتتى ...

بۇنداق كىتابخۇمارلىق مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئاستا - ئاستا جىددىي ئېھتىياجغا ئايلاندى . كۈندۈزى مەكتەپتە ھەرخىل دەرسلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ ، كېچىلىرى كىتاب ئوقۇدۇم . لېكىن ئۇ چاغلاردا ئۆيدە توك بولمىغاچقا ، قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى . قارا چىراغقا ياغ ئىشلىتىلگەچكە ، ئۆيدىكىلەر ھامان ئۇنى تېجەپ ئىشلىتەتتى ، شۇ سەۋەبتىن ، مېنىڭ كىتاب ئوقۇشۇمنى كۆپ ۋاقىتلاردا چەكلەيتتى . لېكىن مەن بۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتىم ، ئۆيدىكىلەر ئۇخلاپ قالغاندا ، چىراغنى مورىنىڭ ئىچىگە يېقىپ ، ئۆزۈم ئوچاقنىڭ كۈلۈگىگە تىقىلىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتۇم . شۇ چاغلاردا ئوقۇغان گوركىينىڭ ، چېخوفنىڭ ، لۇشۇننىڭ ھېكايە ، پوۋېستلىرى ۋە مۇختار ئەۋەزوپنىڭ «ئاباي» ، سەدىردىن ئەينىنىڭ «قۇللار» ، بېردى كېربابايوفنىڭ «ھەل قىلغۇچ قەدەم» قاتارلىق رومانلىرى ھازىرغىچە ئېسىمدە . كېيىن بۇنداق ئەسەرلەرنى باش چۆكۈرۈپ ئوقۇشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىمنى ، ئوقۇش بىلەن بىللە مۇھاكىمە قىلىشنىڭمۇ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ ، ساۋاقداشلىرىم ئىچىدىكى كىتابخۇمارلاردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللىدىم ۋە ئوقۇغان كىتابلارنى ئۆزئارا مۇھاكىمە ، مۇنازىرە قىلىدىغان مۇلاھىزىلىك ئۆگىنىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردۇم . بۇنىڭ بىلەن بىلىش دائىرەم كېڭىيىپ ، ئوقۇغانلىرىم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى . كىچىكىمدىن تارتىپ ھېرىسمەنلىك بىلەن ئوقۇغان بۇ ھېكايە ، رومانلار مېنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىپ ، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش

قارىشىمنى تىكلىشىمدە ۋە كېيىنكى ۋاقىتتا ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا مېڭىشىمدا مۇھىم رول ئوينىدى.

مەن ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى ، ئىقتىدار ۋە بىلىم ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشتىن كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ، تالانتمۇ تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلى. بۇ ھەقتە لۇشۇن ئەپەندىمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ : «تالانت ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭمۇ تۇغۇلغان چاغدىكى تۇنجى يىغا ئاۋازى ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ» دېگەنىدى. دېمەك ، ئەدىب - سەنئەتكارلارنىڭ تۇنجى يىغىسىمۇ ئوخشاشلا ئادەتتىكى يىغا ، ئۇ ھەرگىزمۇ شېئىر ياكى مۇزىكا ئەمەس. ئۇنىڭ شېئىر ياكى مۇزىكا بولۇشى پۈتۈنلەي شۇ كىشىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تىرىشچانلىقىغا باغلىق.

نۇرغۇن يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق يازىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگەندە ، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ جەريانى مەسىلىسىدە ئورتاق پىكىردە بولىدۇ. مېنىڭچە ، بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىنى ماتېرىيال توپلاش ، پىكىر يۈرگۈزۈش ، پىلان تۈزۈش ، پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

ماتېرىيال توپلاش ئىجادىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. چۈنكى «خام ئەشيا» بولمىسا ، «پىششىقلاپ ئىشلەش»تىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. يىرىك ئەسەرلەرگە كۆپرەك ، ئەتراپلىقراق ماتېرىيال توپلاشقا توغرا كېلىدۇ ، كىچىك ئەسەرلەرگە ، يەنى قىسقا ھېكايىلەرگە ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن ، ئۇنى يازغۇچى تۇرمۇشتىن ئالغان چوڭقۇرراق تەسىراتى ياكى ئۆزى دۇچ كەلگەن ئالاھىدىرەك بىرەر مەسىلىنىڭ تۈرتكىسى ، ئىلھامى بىلەن يېزىۋېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن ، «مەرھابا ، باغۋەن !» ، «ئەشرەپ بوۋا» ، «يەر گۇۋاھ ، ئاسمان گۇۋاھ» قاتارلىق ھېكايىلىرىم ئەنە شۇنداق يېزىلغان. «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ، «ھايات شۇنداق» ناملىق رومانلىرىم بىلەن «قىيانلىق دەريا» ، «قاش بىلەن

كىرىپىك ئارىلىقىدا » قاتارلىق پوۋېستلىرىمدا ماتېرىيال توپلاشقا
خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىنغان . «ئۇنتۇلغان كىشىلەر » ئۇچۇن
سۆزلەشكەن ئادەملىرىم يىگىرمە نەچچىگە يېتىدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدە
ئەينى زاماننىڭ ئۆلىمالىرى ، دىنىي زاتلىرى ۋە مەدداھ ، گۇندى-
پايلارغىچە بار . شۆھرەتلىك دراما ئارتىسى مەرھۇم ئەمەت ئۆمەر-
نىڭ سەرگۈزەشتىسى رومانىنىڭ «چىلتەنلەر نامايىشى» ناملىق
بابىنى جانلىق ھەم ئوچۇقشلۇق يېزىپ چىقىشىمغا تۈرتكە بولغان .
ئەنە شۇنداق كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىش ، ماتېرىيال كۆرۈش
نەتىجىسىدە ، مەزكۇر رومان ئۈچۈن توپلىغان ھەرخىل ماتېرىيال-
لىرىم يوغان تۆت خاتىرىگە توشقان . «ھايات شۇنداق » رومانىمدى-
كى «ئۇ ۋە مەن » دېگەن بابنى يېزىش ئۈچۈنمۇ تارىخىي تاۋاپگاھ
«ئوردام » توغرىسىدىكى ھەرخىل يازما ماتېرىياللارنى ، ئەپسانە-
رىۋايەتلەرنى ئىزدەپ تاپقاندىن تاشقىرى ، ئۆزۈم تەكلىماكاننىڭ
بىر بۇرجىكىدىكى «ئوردام » خارابىسىغا بېرىپ ، بىۋاسىتە تەسى-
راتقا ئىگە بولغانىدىم . ئەلۋەتتە ، «خام ئەشيا » سۈپىتىدە توپلى-
غان ماتېرىياللار ھامان پارچە ـ پۇرات ، چۇۋالچاق ۋە خام ـ
خۇتتا بولىدۇ . ئۇنى يازغۇچى مۇكەممەل بىر ئەسەر قىلىپ يې-
زىش ئۈچۈن ، جەزمەن قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەشكە توغرا
كېلىدۇ . دېمەك ، ماتېرىيال توپلىغاندىن كېيىن مۇقەررەر ھالدا
پىكىر يۈرگۈزۈش (تەسەۋۋۇر قىلىش ) جەريانىنى بېسىشقا توغرا
كېلىدۇ . بۇ ئىجادىيەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە . تەسەۋۋۇرنى
يازغۇچىنىڭ قانىتى دېيىشكە بولىدۇ ، يازغۇچى ئۇ ئارقىلىق رې-
ئاللىقنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا شۇڭغۇپ كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ-
دىن قاڭقىسپ چىقىدۇ ، ئوقۇرمەنلىرىنى ھەم رېئاللىق ، ھەم غايە
يۇكسەكلىكىدە پەرۋاز قىلدۇرىدۇ . ئەگەر ، يازغۇچىنىڭ پىكرى
روشەن ، تەسەۋۋۇرى مول ۋە كۈچلۈك بولمىسا ، ئەسەرلىرى
ئادەتتىكىچە بولۇپ قېلىپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا
سالالمايدۇ . مېنىڭ ھەرقانداق ئەسەرلىرىمدە پىكىر يۈرگۈزۈش

www.uyghurkitap.com

جەرياني ئۇزۇنراق بولىدۇ ، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ئارتىپ
پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىگىچە ، مۇھىت تەسۋىرىدىن ئارتىپ ئوب-
-رازلارنىڭ تىلىغىچە كاللامدا پۇختا ، تەپسىلىي پىشۇرۇلمىغىچە
ھەرگىز قەلەم تەۋرەتمەيمەن . «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»نىڭ يېزى-
-لىش جەرياني تۆت ئايغا يەتمەيدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ كاللامدا ئويلى-
-نىش ، پىشۇرۇش جەرياني ئۈچ يىلغا سوزۇلغان . «ھايات شۇن-
-داق» رومانىمنىڭ يېزىلىش جەريانىمۇ ئۈچ ئايغا يەتمەيدۇ ، لې-
-كىن ئۇنىڭ كۆڭلۈمگە پۈككۈلگەن ، پېرسوناژلار بىلەن ۋەقەلىك-
-نىڭ كۆز ئالدىمدا پات - پات جانلىنىپ تۇرغان جەرياني ئىككى
يىلدىن ئارتۇق .

پىكىر يۈرگۈزۈش (تەسەۋۋۇر قىلىش) جەرياني ھەمىشە
ئىلھامدىن ئىبارەت غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇرغا موھتاج بولى-
-دۇ . ئىلھام يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇيۇقسىز پەيدا
بولۇپ ، ئۇلارنى ئىختىيارسىز ھالدا قەلەم تەۋرىتىشكە ئۈندەيدى-
-غان ، ئىجادچانلىقى كۈچلۈك بىر خىل پسىخىكىلىق ھالەت . ئۇ
كىشىگە تۇيۇقسىز پەيدا بولغاندەك تۇيۇلسىمۇ ، لېكىن ئەمەلىيەت-
-تە ، ئۇزاق ۋاقىت پىكىر يۈرگۈزۈش ، تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ
مەھسۇلى ، ئۇزاق مەزگىللىك جاپالىق روھىي ئەمگەكنىڭ جەۋ-
-ھىرى . بۇ جەھەتتە بېشىمدىن ئۇنتۇلغۇسىز ئىككى ئىش ئۆتكەن .
بىرى ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ناملىق ھېكايىنىڭ يېزىلى-
-شى . مەن 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ، مەرھۇم لۇتپۇللا مۇتەل-
-لىپنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرۇش ئىشى بىلەن ئاقسۇغا باردىم . شۇ
چاغدا كاللامدا ئايرىم رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدىكى نادانلىق ،
بىلىمسىزلىكنى ، شۇنىڭغا قارىماي ، جان - جەھلى بىلەن ئەيش-
-ئىشرەتكە بېرىلىش خاھىشلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان بىرەر نەر-
-سە يېزىش ئىستىكى بار ئىدى . بۇ جەھەتتە بەزى كادىرلار توغرى-
-سىدا ئانچە - مۇنچە كۈلكىلىك ئىشلارنى ئاڭلىغانىدىم . ئاقسۇغا
بارغاندىن كېيىنمۇ بەزى كۈلكىلىك ئىشلارنى بىۋاسىتە ئاڭلاپ ،

شۇنداق بىر نەرسە يېزىش ئارزۇيۇم تېخىمۇ كۈچەيدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بىرەر پارچە ھېكايە پۈتمەيتتى، شۇڭا كاللام ھامان ئويلىنىش، تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن بەند ئىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئاپتورنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق، كەچكىچە ئولتۇردۇق، كەچقۇرۇن شۇ قورۇدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىغا چىقتىم، ھاجەتخانىدا ئىككى ئادەم پاراڭلىشىۋاتقانىكەن، ئۇلارنىڭ پارىڭىغا ئىختىيارسىز قۇلاق سالدىم. مانا شۇ يەردە نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئويلاۋاتقان، لېكىن قانداق يېزىشنى بىر تەرەپ قىلالماي تىت - تىت بولۇپ يۈرگەن ھېكايە بىردىنلا كاللامدا ئايدىڭلىشىپ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» دۇنياغا كەلدى. ئەسلىدە ھېلىقى ئىككى ئادەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى سىناش ئۈچۈن ئېلىنغان ئىمتىھان مەيدانىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلىشىپ، بىرنەچچە كۈلكىلىك، جانلىق دېتالىنى ئېيتىشقانىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسى، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى كاللامدا روشەنلەشكەندەك بولدى. ياتاققا قايتىپ بېرىپ، زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. شۇ بىر تۈرتكە بىلەن پىكىر يوللىرىم راۋانلىشىپ، تەپەككۇرۇمنىڭ ئوبرازلىق ھالىتى جانلىنىپ كەتتى، تۇيۇقسىز كەلگەن شۇ ئىلھام بىلەن ئەتىسى ھېكايىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى قولۇمدىن چىقتى.

يەنە بىرى، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىغا تۇنجى قەلەم تەۋرەتكەندىكى ئەھۋال. ئېھتىمال ئىلھام دېگەن «كۈتۈلمىگەن مېھمان»نىڭ تۇيۇقسىز بۆسۈپ كىرىشىدىن بولسا كېرەك، بۇ رومانغا 1986 - يىلى قۇربان ھېيتنىڭ ناماز كۈنى قەلەم تەۋرەتتىم. ئەسلىدە ھېيت كۈنى بىر نەرسە يازىمەن دەپ ئولتۇرۇش غەلىتە ئىش ئىدى، لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر ئەتىگەندە تۇرۇپلا يازغۇم كېلىپ كەتتى، ھەرقانچە قىلسامۇ ئۆزۈمنى بېسىۋالالمىدىم، بۇ بەلكىم ئۇزاق ۋاقىت توپلانغان، قايغان سۇنىڭ ئاستا - ئاستا بېسىمى كۈچىيىپ، تۇغاننى بىردىنلا بۆسۈپ چىققىنىغا

ئوخشاش بىر ئىش بولسا كېرەك . ئاخىر بىر تەرەپتىن مېھمان كۈتۈپ ، بىر تەرەپتىن پەتلەپ يۈرۈپ ، ئۈچ كۈن ئىچىدە روماننىڭ ئۆزۈم ئۈچۈن قىيىن تۇيۇلغان بىرىنچى بابى «سەيلىگاھتىكى جۇدالىق»نى يېزىپ تۈگەتتىم . مەن بۇنى ئۆزۈن ۋاقىت پىكىر يۈرگۈزۈش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئىلھامنىڭ كۈچ - قۇدرىتى دەپ قارايمەن . چۈنكى يازغۇچى ئىلھام ئىلكىدە تۇرغاندا ، پىكىر يوللىرى راۋانلىشىپ ، تەسەۋۋۇرى جانلىنىپ كېتىدۇ . بىز بەزىدە ئايرىم يازغۇچى ، ھەۋەسكارلارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى ئۈستىدە سۆزلىگەندە ، پالانى ئەسەرنى يېزىپ كېتىۋېتىپ يېرىم يولدا توختاپ قالدىم ياكى ئاخىرىنى چىقىرالماي قىينىلىپ كەتتىم دېگەندەك گەپلىرىنى ئاڭلايمىز . مېنىڭچە ، بۇ ئاساسەن «پىكىر يۈرگۈزۈش» جەريانىنىڭ تولۇق بولمىغانلىقىنىڭ ، پىكىرنىڭ كاللىدا ياخشى پىشمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى . ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ نەدىن باشلىنىپ ، نەدە تۈگىشىنى ، نەدە كۆتۈرۈلۈپ ، نەدە پەسىيىشىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالمىغان .

ئىجادىيەتنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى پىلان ياكى تىزىس تۈزەش جەريانى . يىرىك ئەسەرلەردە بۇ باسقۇچ ناھايىتى زۆرۈر . بۇ يازغۇچىنى ئەسەردە ۋەقەلىكنىڭ بىھۇدە شاخلىنىپ كېتىشىدىن ، باب ، ئېپىزوتلارنىڭ بىر - بىرىگە باغلانماي قېلىشىدىن ، پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلاشماي قېلىشىدىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . مەن رومان يېزىشتا قەلەم تەۋرىتىشتىن ئىلگىرى يازما پىلان تۈزىمەن ، ھەربىر بابنىڭ مەزمۇنىنى ئىخچام قىلىپ ، بىر - ئىككى بەت يېزىپ چىقىمەن . پوۋېست - ھېكايىلەردە شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق پىلان تۈزۈۋالىمەن . دەرۋەقە ، بەزىدە ۋەقەلىكلەر ئالدىن تۈزگەن پىلاندىن چەتنەپ ، كېيىنكى تۇرمۇشنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى ماتېرىياللارنى قوبۇل قىلىدۇ ، بەزى ئوبرازلارنىڭ تەقدىرىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . بۇ خۇددى چېخوفنىڭ پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشىنى مەن يازىمەن ، ئاخىرىنى پېرسوناژلار ئۆزى يازىدۇ ، دېگىنىدەك بىر ئىش .

شۇڭا ، ئىجادىيەتنىڭ بۇ باسقۇچىدا ، يەنى پىلاننى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇش جەريانىدىكى يېزىقچىلىق باسقۇچىدا ھامان نامۇۋاپىق لايىھىلەردىن ۋاز كېچىپ ، مۇۋاپىق لايىھىلەرنى ساقلاپ قېلىشتەك شاللاش ۋە تاللاش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ . «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىمدىكى نازاكەت خېنىم ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ئەسلىي پىلانىمدا ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ئۆلۈم ئەمەس ئىدى ، لېكىن يېزىش جەريانىدا ئۇ ئۆلدى . ئەگەر ئۇ ئۆلمىسە ، بىر تەرەپتىن ، ئوقۇرمەنلەرنى باتۇرنىڭ كېيىنكى شەخسىي قەھرىمانلىقلىرىغا ئىشەندۈرۈش تەس بولۇپ قالاتتى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەرگە زېمىن ھازىرلىغىلى بولمايتتى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، ھاپىز خوجىنىڭ ھەم قانخور ، ۋەھشىي تەبىئىتىنى ھەم ناھايىتى زەئىپ بولسىمۇ ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەم ئۈچۈن ساقلانغان ئىنسانىي خىسلىتىنى كۆرسەتكىلى بولمايتتى . شۇڭا ، نازاكەت خېنىم ئوبرازى يېزىش جەريانىدا ئەسلىدىكى پىلاندىكىدىن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى . «ھايات شۇنداق» رومانىدىكى ھامۇت كەنجى ئوبرازىمۇ كېيىن پەيدا بولغان ئوبراز ، ئەسلىي پىلاندا ئۇنداق ئوبراز يوق ئىدى . مەن رومانىنى يېزىپ مەلۇم يەرگە كەلگەندە ، مۇشۇنداق ئوبرازنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى . چۈنكى ھايات شۇنداق ئىدى ، ئۇنىڭدا مەرۇپ ئاقساقالدەك بىلىمسىز ، شۆھرەتپەرەس ، ناپاك ئەمەلدارمۇ ، ماموت كەنجىدەك ئىرىشچان ، كەمتەر ، سەمىمىي ـ سادىق ، پاك ئەمەلدارمۇ مەۋجۇت ئىدى . شۇڭا ، رومانىنىڭ يېزىلىش جەريانىدا تۇرمۇشنىڭ ئۆز مەنتىقىسى بويىچە ھامۇت كەنجى ئوبرازى يارىتىلدى . بۇ يازغۇچىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھايات ھەقىقىتىنىڭ مەھسۇلى .

1992 ـ يىل ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سىرىنگۇللۇك ھويلىدىكى سىغىنىش

مۇقەددىمە

ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان يەنئەن يولىدىكى 44 ـ نومۇرلۇق قورۇنى كىشىلەر «يازغۇچىلار قورۇسى» دېيىشىدۇ. راست، بۇ يەردە ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق، شۆھرەتلىك يازغۇچى، شائىرلار ئۆتكەن. بۇ قورۇ ئەنە شۇ مۆتىۋەرلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغاچقا، ھېلىغىچە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ھۆرمەتلىنىدۇ، يادلىنىدۇ!

بۇ قورۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا 12 يىللىق تارىخىدا، ئۈچ ئەۋلاد يازغۇچى، شائىرلارنىڭ كەچمىشىگە شاھىت بولدى. بىرىنچى ئەۋلادتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئارقا ـ ئارقىدىن تولىمۇ تۇيۇقسىز، بىمەھەل كېتىپ قالدى. شۇڭا بۇ قورۇ چوڭقۇر سېغىنىشقا، نادامەتكە ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرگە تولغان!...

## قېنى ئۇ گۈزەل مىسرا، شوخ كۈلكىلەر؟!

تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆز ۋاپاتى بىلەن بىللە، ئوتلۇق قەلبىدىن ياڭراپ تۇرىدىغان گۈزەل مىسرالار بىلەن ئويناق كۈلكىلەرنى مەڭگۈگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىغا ئادەملەر تۈگۈل، شېئىرلارمۇ ھازا تۇتتى:

يەنە بىر يۇلتۇز ئۆچتى، بۇرجىدىن كۆچتى،
كۆچتى سامادىن مۇزدەك لەھەتكە.

قالدى چاقنغان نۇرلىرى ، لېكىن
تۇگىمەس ناخشىدا بەلكى ئەبەدكە .
— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

تالانتلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ بىرنەچچە يىلدىن بېرى يېزىقچىلىق ئۈستىلىدە يېتىم قالغان هارماس قەلىمى بىلەن قىرىق يىلدىن ئارتۇق ئۆز خەلقىگە ، ئۆز يۇرتىغا خىزمەت قىلدى . ئۇنى جەلپ قىلغان ، سۆيۈندۈرگەن ، يېتىلەپ ۋايىغا يەتكۈزگەن مىللىي ئەدەبىيات خەزىنىسىگە مۇناسىپ ئۈنچە ـ مارجانلارنى قوشتى .

ئۇ تۇغۇلۇپ ، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىگە يېتىپلا ، جۇشقۇن ، جەڭگىۋار هايات قۇچىقىدا ، ئاددىي جاپاكەش مېھنەت ئەهلى ئارىسىدا دۇنيانى ، ئادەملەرنى تونۇدى . شۇڭا كېيىنكى پۈتۈن ئۆمرىدە ئەنە شۇ جۇشقۇن هاياتنىڭ مەپتۇنى ، شۇ ئاددىي ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ كۈيچىسى بولۇپ قالدى . كىتابخۇمار ، شېئىرىيەتكە ئامراق خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بۇ چىقىشقاق ، خۇش پېئىل شائىرىنى چىن دىلىدىن سۆيۈپ قالدى ، شائىرمۇ خەلقىنى سۆيدى . خەلق ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ناخشا قىلىپ ، غەزەل قىلىپ ئېيتماقتا ، ئۇمۇ خەلققە ناخشا ـ غەزەل قىلىپ ئېيتقۇدەك يۈرەك سۆزلىرىنى قالدۇرغان !

«......................
كايىما بوۋاي ،
سەنمۇ بىر چاغدا
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان .
سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن ،
شۇنداق ناخشا بۇ —
تۈگىمەيدىغان !»

كىشىلەرنىڭ دۇتار، تەمبۇرلىرىدا ناخشا ـ غەزەلگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ھاياجانلانماي تۇرالامدۇ؟ بۇ شېئىر مېنى ھەمىشە ياشلىق كۈچلىرىنى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە تولغان ئوت ـ ئاتەش چاغلارغا يېتىلەپ كېتىدۇ، ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ شېرىن ھېسلارنى ئويغىتىدۇ. يۈرىكىمدە ئاجايىپ لەززەت پەيدا قىلىدۇ. بۇ شېئىر تۆرەلگەندىن ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە قانچىلىغان گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن بەخت ۋە شادلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. مەن مانا شۇ گۈزەل تۇيغۇلارنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە چوڭقۇر بىر ھاياجان بىلەن بۇ مىسرالارنى قايتا يېزىۋاتىمەن! كېيىنكى يىللاردا، مەن تېيىپجان ئاكا بىلەن بىر قورۇدا ياشىدىم. ئۇ، قورۇيىمىزدىكى كىچىككىنە باغچىنىڭ غەمخور باغۋىنى ئىدى. ھەمىشە گۈل ـ گىياھلارنى پەرۋىش قىلاتتى، دەل ـ دەرەخلەرنى سۇغىراتتى.

1987 ـ يىلىدىكى بىر باھار ئەتىگەنلىكى مەن قورۇغا چىقسام، شائىر غۇچچىدە ئېچىلغان سىرىنگۈللەرنىڭ ئارىسىدا يەر يۇمشىتىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ، باراقسان ئۆسكەن سىرىنگۈللەر ناھايىتى چىرايلىق ئېچىلىپ، پۈتۈن قورۇنى خۇشبۇي سىرىن ھىدى قاپلىغانىدى. بۇ سىرىنگۈللەرمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ شائىرنىڭ قولى بىلەن تىكىلگەن. مەن يىراقتىنلا شائىرنىڭ 1955 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندا يازغان «سىرىن تۈۋىدە» ناملىق باللادىسىنىڭ تولا ئوقۇپ يادقا بولۇپ كەتكەن بىر كۇپلېتىنى ئوقۇغاچ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم:

«كۆرۈپ قالدىم بالىنى لېۋىدە،
يازنىڭ سالقىن ئايدىڭ تۈنىدە.
كىم بىلەن كىمدۇر پىچىرلىشىدۇ،
گۈپۈلدەپ تۇرغان سىرىن تۈۋىدە.»

— سىزنىڭمۇ سىرىن تۇۋىدە پىچىرلاشقىڭىز كېلىۋاتامدۇ ـ نېمە؟ — دېدى شائىر قولىدىكى كەتمەننى قويۇپ خۇشخۇيلۇق بىلەن، — ئەپسۇسكى، ھازىر كۇندۇز ـ دە!

بىز بىرئاز چاقچاقلاشتۇق، ئاندىن مەنمۇ شائىرغا قوشۇلۇپ ئىشلەپ كەتتىم.

يۇقىرىقى مىسرالارنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ئىشق ئوتىدا كۆيگەن يىگىتلىك تاڭلىرىنى، ۋىسال دەردىدە ئۆرتەنگەن تىنچ-سىز دەملىرىنى، بەخت ـ سائادەت باغرىغا چاقىرغان ئىنتىزار كېچىلەرنى كۆرگەندەك بولىدۇ.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ھەقىقەتەنمۇ سۆيگۈ، ساداقەت ۋە ياشلىق كۈيچىسى ئىدى!...

مەن تېيىپجان ئاكىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ۋاقىتلاردا كۆرگەن، بىلگەن ئىشلار توغرىسىدا بىر ئەسلىمە يې-زىپ ئېلان قىلغانىدىم. بۇ خاتىرىدە يەنە شۇ ئىشلارنى تەكرارلاپ ئولتۇرماقچى ئەمەسمەن. بۇ يەردە پەقەت كېيىنكى كۈنلەردىكى سېغىنىش، ئەسلەش ۋە ياد ئېتىشتىن پەيدا بولغان بەزى ئىشلارنى كەسپداشلىرىم ۋە ئوقۇرمەنلىرىمگە يەتكۈزۈپ، ئۇلار بىلەن تەڭ بەھرىلەنمەكچىمەن:

تېيىپجان ئېلىيوپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىل-لىق 1 ـ سانىدا «قەلەندەر غەزەللىرىدىن» دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ يەنە بىر لىرىك شائىرنى كىشىلەرگە تونۇتتى. ئۇ كىرىش سۆزىدە: «قەلەندەر شېئىرلىرى گەرچە ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمران ئىدىيىۋى ئېقىم بولغان دىنىي خۇراپىي ئەقىدىلەردىن خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن مۇھەببەت ھەق-قىدە نۇرغۇنلىغان ئالىيجاناب، نازۇك ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە تەسىرلىك لىرىك كۈيگە ئىگە قىممەتلىك، بەدىئىي مىراستۇر» دەپ يۇكسەك باھا بەردى. ئۇنداقتا شائىر بۇ قىممەتلىك مىراسنى

قاچان ، قەيەردىن تاپتى ؟

ئۇ 1978 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ، رەپىقىسى بىلەن بىللە قەشقەرگە بارغاندا ، شائىرغا غايىۋانە چوقۇنىدىغان ئابلىمىت ئىسمايىل ئۇنى بىرنەچچە كىشىلەر بىلەن بىللە ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى . شۇ چاغدا تېيىپجان ئېلىيوپ بىر رومكا ھاراقنى كۆتۈرۈپ ، سورۇندىكىلەرگە ئۆزىنىڭ قەشقەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشەندۈردى :

— مەن بۇ قېتىم قەشقەرگە بىرىنچىدىن ، ئۇزۇن يىل كۆرۈشەلمىگەن سەپداشلار ، كەسىپداشلار بىلەن دىدارلىشىش ؛ ئىككىنچىدىن ، يېڭى ھاۋادىن نەپەسلىنىپ ، ئەدەبىي ھاياتىمىز توغرىسىدىكى يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەر تېپىش ؛ ئۈچىنچىدىن ، كلاسسىك ئەسەرلەرنى يىغىش ـ رەتلەش ئىشخانىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جايلاردا ساقلىنىۋاتقان كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزگە دائىر ماتېرىياللارنى ئىزدەپ كۆرۈش مەقسىتىدە كەلدىم …

سورۇندىكىلەر ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى ۋە بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ مۇڭداشقانلىقى ئۈچۈن خۇشاللىقلىرىنى ، رەھمەت ـ تەشەككۈرلىرىنى بىلدۈرۈپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە رومكىدىن ھاراق ئىچىشتى . ئولتۇرۇش قىزىپ ئۆزئارا تارتىنىش ، ئەيمىنىش دېگەنلەر ئاستا ـ ئاستا يوقالدى . شۇ چاغدا بىرنەچچەيلەن تېيىپجان ئېلىيوپنى يېڭى يازغان شېئىرىدىن بىرەرنى ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى . شائىر ئاخىر يېڭى يېزىپ تېخى ئېلان قىلىنمىغان «چال ئوغلۇم» دېگەن شېئىرىنى يادقىلا ئوقۇدى :

«……………………
ياڭرىتىپ داقا ـ دۇمباق ،
ئېلىپ چىقتى
مېنىمۇ ‹ياچېيكا› دەپ سازايىغا .



www.uyghurkitap.com

كۆرسىلە، سۇنايچىسى ئوغلۇم ئىكەن،
تونۇدۇم بىر قاراپلا چىرايىغا.
ئۆزۈمنى تۇتالماستىن كۈلۈپ كېتىپ،
دەپتىمەن:
«نىمە ئىش بۇ؟ توۋا - توۋا ...
چال ئوغلۇم،
ئاتا - ئانائىنىڭ تويىدىمۇ
مۇنچىلىك قىزىمىغان نەغمە - ناۋا»
.................. »

روھلۇق، يۇمۇرلۇق ئىنتوناتسىيىدە ئوقۇلغان بۇ شېئىر كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» توغرىسىدا دەرد - شىكايەت ۋە لەتىپە - يۇمۇر ئېيتىشىشلار كەينى - كەينىدىن باشلىنىپ كەتتى. ئولتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ قىزىدى. كۈلكە - چاقچاق، ناخشا - غەزەل بىلەن جانلىق، تېتىك بىر كەيپىيات شەكىللەندى. ئارىدا كۈلكە - چاقچاقلار سەل پەسىيىپ، سورۇن جىمىغان بىر چاغدا ساھىبخانا ئابلىمىت ئىسمايىل تېيىپجان ئاكىغا يېڭى بىر ئۇچۇرنى يەتكۈزدى:

— مۇشۇ مەھەللىدە ئابلىكىم دېگەن بىر بالا بار. ئۇنىڭ قولىدا دادىسىدىن قالغان خېلى كۆپ كونا كىتابلارنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭدىن «قەلەندەر» ئىسىملىك بىرسىنىڭ قول - يازمىسىنى ئېلىپ كۆرۈپ، بىر غەزەلنى كۆچۈرۈۋالغانىدىم ...

— شۇ غەزەل بارمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى تېيىپجان ئېلىيوپ.

— بار، مەن ھازىر تېپىپ چىقاي.

ئابلىمىت ئىسمايىل ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ چىقتى ۋە تۆۋەندىكى غەزەلنى ئوقۇدى:

www.uyghurkitap.com

«تا خوتەننىڭ شەھىرىدىن قىلدىڭ سەپەر
ئەي گۇلئۇزار ،
نالە ئۇ — ئەپغان قىلۇرمەن بۇلبۇل ئوخشە
زار - زار .
...........
ئىلتىپات ئەيلەپ بىرەر سورغىل قەلەندەر
ھالىنى ،
تا يۈزۈڭنى كۆرمىسە بىردەم ئاڭا يوقتۇر
قەرار .»

تېيىپجان ئېلىيوپ غەزەلنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندى ۋە ئابلەمىت ئىسمايىلنىڭ قولىدىكى خاتىرىنى ئىتتىك ئېلىپ ، قايتا - قايتا كۆز يۈگۈرتكەچ :

— بۇ بىر يېڭىلىق ، بىز يەنە بىر كلاسسىك خەزىنىگە ئىگە بولىدىغان بولدۇق . سىز ئەتە شۇ كىتابنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىڭ ! — دېدى سەممىي ئۆتۈنۈش بىلەن .

شائىر شۇ كۈنى ئاشۇ كىتابنى قولىغا كىرگۈزۈش مەقسىتىدە مېھمانخانىغا قايتماي ، ئابلىمىت ئىسمايىلنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابلىمىت ئىسمايىل ھېلىقى ئابلىكىم دېگەن بالىنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى . لېكىن ئابلىكىم كىتابنى بەرگىلى ئۇنىماي :

— بۇ مېنىڭ ئاتا مىراسىم ، مەن بۇنى دائىم ئوقۇيمەن ، كېيىنچە ئۆزۈم ئىشلەپ ، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىمەن . كىشىنىڭ قولىغا چۈشسە يوقاپ كېتىدۇ ! — دەپ جاھىللىق قىلدى .

لېكىن ، ئابلىمىت ئىسمايىلمۇ چىڭ تۇرۇپ :

— ئاداش ، تېيىپجان ئاكام شۇنداقلا بىر كۆرۈپ باقماقچى ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بېرىپ تۇرغىن ، بۇگۈنلا قايتۇرۇپ

ئەكېلىپ بېرىمەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئابلىمىت ئىسمايىل كىتابنى بىر سائەتلىك مۆھلەت بىلەن ئەكەلدى. تېيىپجان ئېلىيوپ كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئاۋايلاپ قارىدى. كىتاب قارا كۆن تاشلىق، خوتەننىڭ پاتلىق قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن قارا سىياھتا يېزىلغان، غەزەل، مۇخەممەس دېگەن ماۋزۇلار بولسا قىزىل سىياھتا يېزىلغاندى. شائىر ئۇنىڭ بېشىدىكى بىرىنچى غەزەلنى ئوقۇپلا، ئابلىمىت ئىسمايىل بىلەن ئايالىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ:

«ئۆزۈم خالىي بىر ئولتۇرۇپ كۆرۈپ باقاي» دەپ ئۆيگە بېكىنىۋالدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن، ئابلىمىت ئىسمايىلنى چاقىرىپ:

— ئابلىمىت، بۇ تېپىلماس بىر گۆھەر ئىكەن، بىز ناتونۇش بولغان داڭلىق بىر شائىرغا ئىگە بولدۇق. مەن بۇ قېتىم قەشقەرگە كەلگەنلىكىمگە مىڭ مەرتىۋە رازى بولدۇم، بارلىق يول هارغىنلىقلىرىم چىقىپ كەتتى. ئەمدىكى گەپ، بۇ كىتابنى قولغا كەلتۈرەيلى! — دەپ ناهايىتى هاياجانلاندى. شۇ چاغدا ئايالى خەلچەم چاقچاق قىلىپ:

— مەن بىلەن توي قىلغاندىمۇ بۇنچە هاياجانلىنىپ كەتمىگەندىڭىز، راستتىنلا بىر گۆھەرگە ئىگە بولدىڭىزمۇ، نېمە؟ — دېدى.

تېيىپجان ئاكا بۇ گەپلەرگە ئېرەن قىلماي، ئابلىمىت ئىسمايىلدىن:

— ئابلىكىم دېگەن بالا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— هازىر تامچىلىق قىلىدۇ، بۇرۇن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، 1961 ـ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي قايتىپ كەلگەن. ئۇمۇ شېئىر يازىدۇ، دادىسى قۇربان ئىمام كونا كىتابپۇرۇش ئىدى...

www.uyghurkitap.com

تېيىپجان ئېلىيوپ كىتابنى كاستۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ مۇنداق دېدى :

— ئۇنىڭ قولىدا تۇرسا بۇ كىتاب يورۇقلۇققا چىقالمايدۇ ، سىز ماۋۇ يىگىرمە يۈەننى ئاپىرىپ بېرىپ ئابلىكىمگە دەڭ ، كىتاب مەندە قالدى !

بۇ گەپتىن كېيىن تەڭقىسلىقتا قالغان ئابلىمىت ئىسمايىل ئىلاجسىز ئابلىكىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئەھۋالنى چىرايلىقچە چۈشەندۈردى . لېكىن ، ئابلىكىم قاتتىق چىچاڭشىپ :

— ھېلىقى يىگىرمە يۈەن ئىكەن ، ئىككى يۈز يۈەن بەرسىمۇ ساتمايمەن ! بۇ ماڭا دادامدىن قالغان تەۋەررۇك ، كېيىن ئۆزۈم ئىشلەيمەن ، دەرھال كىتابنى ئەكېلىپ بەر ! — دەپ ئابلىمىت ئىسمايىلدىن رەنجىدى .

ئابلىمىت ئىسمايىل يەنە ئامالسىز ئۆيىگە قايتىپ ، تېيىپجان ئاكىغا ئەھۋالنى ئېيتتى . بۇ چاغدا ، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن قايتىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىدى . تېيىپجان ئېلىيوپ دەرھال يولنى ئۆزگەرتىپ :

— يۈرۈڭ ، قېنى ، ئابلىكىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىڭ ! — دەپ ئابلىمىت ئىسمايىلغا ئەگىشىپ ئابلىكىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى .

ھويلىسىدا ۋېلىسىپىت ئوڭشاۋاتقان ئابلىكىم تېيىپجان ئېلىيوپنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى ۋە ھاياجاندىن نېمە قىلىشنى بىلمەي پايپېتەك بولۇپ ، ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى . لېكىن تېيىپجان ئېلىيوپ ھويلىدىلا ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ :

— ئۇكام ، سىز ناھايىتى خاسىيەتلىك بىر ئىش قىلدىڭىز ، مەن سىزدىن ئاتايىن مۇشۇ بىر كىتابنى سورىغىلى كەلدىم ، — دەپ يېنىدىن يەنە ئەللىك يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ، — بۇنى ئېلىڭ ، لېكىن بۇنى كىتابنىڭ باھاسى دەپ چۈشىنىپ قالماڭ ،

بۇ بىر باھاسىز كىتاب. بۇ پەقەت سىزنىڭ بۇ كىتابنى ساقلىغان ئەجرىڭىز. مەن بۇ كىتابنى كېيىن يەنە ئۆز پېتى سىزگە قايتۇ- رۇپ بېرىمەن. بۇنىڭغا ئابلىمىت گۇۋاھ بولسۇن! — دېدى ئالاھىدە ئۆتۈنۈش بىلەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئابلىكىم كاتتا شائىرنىڭ ئالدىدا زادى- لا ئېغىز ئاچالماي قالدى ۋە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننى ئۇزىتىپ قويدى. ئەمما ئۇلار كەتكەندىن كېيىن دەردىنى ئابلىمىت ئىسمايىلدىن ئالدى:

— ھەممىنى قىلغان سەن، سەن دېمىگەن بولساڭ ئۇ ئادەم نەدىن بىلەتتى؟ سەن مېنى ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمدىن ئايرىۋەت- تىڭ!...

ئابلىمىت ئىسمايىل ئۇنىڭغا يەنە سىلىق - سىپايىلىك بىلەن چۈشەندۈردى:

— ئاداش، ئۇنچە چېچىلما. تېيىپجان ئاكا داڭلىق شائىر، بۇ كىتابنى پەقەت شۇ ئادەملا يورۇقلۇققا چىقىرالايدۇ. بۇ كىتاب يورۇقلۇققا چىقسا، بۇ ئەمەلىيەتتە سېنىڭ جەمئىيەتكە، مىللەت- كە، ئەدەبىياتقا قوشقان تۆھپەڭ بولىدۇ. بۇنى ساندۇقتا ساقلى- غاندىن تېزرەك كىشىلەرگە تونۇتقان ياخشى!...

شائىرنىڭ يۈزى، ساۋاقدىشىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئاب- لىكىم ھەر ھالدا قايىل بولۇپ قالدى. مانا شۇ كىتاب ئۇزۇن ئۆتمەي تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ رەتلىشى، ئىزاھلىشى ۋە يۈكسەك باھاسى بىلەن يورۇقلۇققا چىقتى.

ھەربىر ئىنساننىڭ ئەجدادلاردىن قالغان مىراسقا، ئۆز خەل- قى تارىخىغا بولغان مۇناسىۋىتى ۋە قىزىقىشى — ئۇنىڭ كونىلىققا ئامراقلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاددىي ئىنسانىي تۇيغۇ- سى، ئاتا - بوۋىلار قېنى ھەم تەرى تۆكۈلگەن تۇپراق ۋە شۇ تۇپراقتا كۆكلىگەن يېشىل دەرەخ يىلتىزلىرىغا سۇ ئىچۈرۈش بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك. قەدىمىي يادىكارلىقلار بىز ئۈچۈن

خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي تەپەككۇرىنى، ئۇنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى، ئىجادكارلىق روھىنى نامايان ئەتكۈچىدۇر. قەدىمكى ئابىدە، كونا قولىيازما ۋە خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادى بىز ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال خەلقىمىز تارىخىنىڭ زۇلمەتىنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى چىراغلاردۇر. ھەر خىل خەلق مىراسلىرىنى ئاشۇ خەلقنىڭ ئانىسى دېسەك خاتا بولمايدۇ. خەلق مانا شۇ ئانا ئېتىكىنى تۇتۇپ چوڭ بولغان. شۇڭا، مىراسلارغا بولغان مۇناسىۋىتىمىز — ئانىمىزغا بولغان مۇناسىۋىتىمىزدەك مۇقەددەس تۇيغۇ بىلەن يۇغۇرۇلۇشى كېرەك!

مانا شۇ ھەقىقەتنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشەنگەن ۋە شۇنداق ئەقىدە بىلەن ئىشلىگەن شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ نەمۇنىلەردىن «نەۋائىي غەزەللىرى»، «نىزارى داستانلىرى»، «گۇمنام»، «قەلەندەر» قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلىدى ھەم 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن يىرىك كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدى.

شېئىر — يۈرەكنىڭ پاكلىنىش ۋاستىسى. ئۇ ئىنساننى ئىدراك ئېتىش ۋە ھېس قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى كېڭەيتىدۇ، ئىنساندىكى ئېستېتىك قاراشلارنى تەربىيىلەيدۇ. تېيىپجان ئاكا ئۆز تەبىئىتىدىن ئالغاندا خۇددى شېئىرلىرىدەك لىرىك، قۇۋناق ھەم چاقچاقچى ئادەم. بىز بۇ پەزىلەتلەرنى ئۇنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنمىغان، كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە، ئاغزىدا ۋە لەتىپە ـ چاقچاقلىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم قىزىق، جەلپكار، دوستانە شېئىرلىرىدا ئوچۇق كۆرەلەيمىز.

1979 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى ۋاقتىدا، بىر كۈنى كەچكى زىياپەتتىن كېيىن ئاتاقلىق بىر مۇزىكانت تېيىپجان ئېلىيوپتىن

ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ياتىقىدا قوندۇرۇپ قالىدۇ . ئۇلار بىردەم چاقچاقلىشىپ ، پاراڭلىشىپ ياتقاندىن كېيىن مۇزىكانت تېزلا ئۇيقۇغا كېتىدۇ ۋە نەرە تارتقاندەك ساز خورەكنى باشلايدۇ . تېيىپجان ئېلىيوپ خورەك دەستىدىن زادىلا ئۇخلىيالمايدۇ ۋە كىچىچە شېئىر يېزىپ چىقىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە مۇزىكانتنىڭ خورىكى ھەققىدە مۇنداق بىر شېئىرمۇ پۈتىدۇ :

ئى خۇدايا خورەكنى ، ياراتقانسەن نېمىشقا ؟
خورەك تارتقان بەندەڭنى ، يولاتمىغىن بېھىشقا .
‹ئېكس › تارتسا خورەكنى ، مەن قاپتىمەن ئازابقا ،
ئەخمەق بولۇپ كىرەمدىمەن ، ‹ئېكس › ياتقان ياتاققا .
ئاخشىمى بوش تارتىدۇ ، كېچىسى قوش تارتىدۇ ،
ئۆزى تارتقان خورەكنى ، باشقىلارغا ئارتىدۇ .
بۇرۇن دېگەن ئۇلۇغ نېمە ، يەل ماڭمىسا قۇرۇق نېمە ،
يەل ماڭمىغان بۇرۇننى ، چىرايلىق بۇرۇن دېمە .
قاملاشمىغان ئۇسسۇلدىن ، قاملاشقان ساما ياخشى .
يەل ماڭمىغان تۆشۈكتىن ، مىخ ئۆتكەن كامار ياخشى
ئازگالمىكىن دەپتىمەن ، «ئېكس » چۈشكەن ئورەكنى ،[1]
كۆرمەپتىمەن ئۆمرۈمدە ، بۇنداق مۇدھىش خورەكنى .
دەيدۇ ھەركىم ئاڭلىسا ، بۇ تېيىپنىڭ قوشىقى ،
ئوڭلانسىلا بولاتتى ، بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكى ! »

قاراڭلار ، بۇ ھەزىل شېئىرنى ئوقۇغان ئادەم نېمىدېگەن راھەتلىنىپ كۈلىدۇ ـ ھە ! ؟ بۇنداق كۈلكىلەردىن روھىي كۈچ ـ قۇۋۋەت تۇغۇلىدۇ !

1975 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تېيىپجان ئېلىيوپ بېيجىڭغا

---

[1] «ئېكس» 1979 ـ يىلى غۇلجىدا بىر ئورەككە چۈشۈپ كەتكەن .

بارغاندا بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ناخشا ـ مۇزىكا كۆرىكىگە قاتنىشىۋاتقان ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇقادىر ئابدۇللا، تالانتلىق مۇزىكانت مەرھۇم ئابلا ھامۇتلارمۇ تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن بىر مېھمانخانىدا ياتقان. بىر كۈنى ئابدۇقادىر ئابدۇللا بىلەن ئابلا ھامۇت قىزىقچىلىق قىلىپ بىر پارچە شېئىر يازىدۇ، ئاندىن ئابدۇقادىر ئابدۇللا قوشنا ياتاقتىكى تېيىپجان ئېلىيوپقا تېلېفون بېرىپ: «ئۇستاز تېيىپجان ئاكا، مەن مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، بىر شېئىر يازغانىدىم. سىزنى ئاڭلاپ تۈزىتىپ بېرەرمىكىن، دەپ تېلېفون بېرىشىم ···، — دەيدۇ ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ ۋە تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇيدۇ:

باشلىرىدا مۈڭگۈزى بار،
تۆت پۇتى ئالا.
تىللىرىنى ئۇزۇن چىقىرىپ،
بۇرنىنى يالا.
بىر كۆشەك سامانىنى يەپ،
يولدىنمۇ قالا.
كۇشۇلدايدۇ، پۇشۇلدايدۇ،
ئۆزى بىر كالا.[1]»

تېيىپجان ئېلىيوپ بۇنى ئاڭلاپ بىرئاز تېڭىرقايدۇ، كىملىكىنى تازا بىلمەي: «كىم بولسىز هوي، چارۋىچىمۇ سىز، نېمە؟» دەپ چاقچاق ئارىلاش سورايدۇ. شۇ چاغدا ئابدۇقادىر ئابدۇللا ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ سالىدۇ. شائىر بۇنى بىلىۋېلىپ ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەي ئابدۇقادىر ئابدۇللاغا تېلېفون بېرىدۇ ۋە: «ھېلىقى شېئىرىڭىزنى تـۈزىتىپ قويـدۇم، ئاڭلاپ بېقىڭ، — دەپ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى ئوقۇيدۇ:

① كالا — مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ لەقىمى.

ئەلۋىدايى رەھمەتلىك ،
ئاق ماتاغا يۆگەكلىك .
خۇدايىم بەرسۇن جەننەتتىن ،
يەتتە تاختىنا زەدەكلىك ![1]

ئەتىسى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ تاماق شىرەسىگە بىرمۇنچە ئارتىسلار ئولىشىۋالىدۇ ، ئۇلاردىن بىرسى ئابدۇقادىر ئابدۇللانى چاقىرىدۇ . ئۇ كەلگەندە تېيىپجان ئېلىيوپ مۇنداق دەيدۇ : «ھېلىقى تېلېفوندا ئوقۇغان شېئىرىم تازا ياخشى بولماپتىكەن ، سىزگە ئاتاپ يەنە بىر شېئىر يازدىم . مانا ئاڭلاپ بېقىڭ :

ئەتىيازدا كۆيە چۈشكەن جۇۋاسەن ،
چارشەنبىدە جىنلار بىللەن بىللە سەن .
خۇدايىم ئاتا قىپتۇ قوش سۆپەت ،
ئۇ بولسىمۇ : ھەم ساراڭ ، ھەم تۆگىسەن ! »[2]

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ ، شۇ چاغدا ئابدۇقادىر ئابدۇللا : «توغرا ، ئۆزۈمنى چاغلىماي ، چوڭ شائىر بىلەن شېئىر يېزىشقاندىكىن ، ساراڭ بولماي نېمە مەن !» دەيدۇ .

1981 ـ يىلى تېيىپجان ئېلىيوپ شاڭخەيدە داۋالىنىۋاتقان ۋارىسجان تۇردىغا دوستلۇق خېتى يېزىپ ، ناھايىتى چىرايلىق مىسرالارنى تۈزىدۇ ھەم بۇنى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ

① ئابدۇقادىر ئابدۇللانىڭ لەقىمى تۆگە .
② ئابدۇقادىر ئابدۇللانىڭ قوش لەقىمى .

بىغىدىكى بىر دەرەخ كۆتىكىدە ئولتۇرۇپ ، بىرنەچچە ئارتىسلارغا ئوقۇپ بېرىدۇ . شۇ چاغدا بۇ يەرگە ھۇسەنجان جامى كېلىپ قالىدۇ ۋە تېيىپجان ئېلىيوپقا : «ئاداش ، ۋارىسجانغا مەندىنمۇ سالام ئېيتىپ قويۇڭلار !» دەيدۇ . شۇ گەپ بىلەن تەڭ تېيىپجان ئېلىيوپ خەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئاق قالغان بىرنەچچە قۇرغا دەقىقە ئىچىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ :

«يازار گېپىم يوق ئىدى ،
تۇگەپ قالدى بۇ بەتمۇ .
سالام ئېيتتى ۋارىسجان ،
ھۇسەن جامى دېگەن سەتمۇ .»

تېيىپجان ئاكا ھەمىشە خۇشال ھەم ئويۇن - كۈلكە بىلەن يۈرەتتى ، تولىمۇ چىرايلىق ھەم مەنىلىك كۈلەتتى . ئۇ قاتناشقان چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا لەتىپە ئېيتىش ، كۈلكە - چاقچاق ، ناخشا - مۇزىكا دېگەنلەر ئەۋجىگە چىقاتتى . كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن كۈن بويى ئولتۇرسىمۇ زېرىكىش ھېس قىلمايتتى . مانا بۇ ، خۇشال ئادەمگە پۈتۈن ئالەم خۇشال كۆرۈنىدۇ دېگەن ھېكمەت ئىدى !

بىز تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدىن ، جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يۇقىرىقى شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتكە بەكمۇ يېقىنلىقىنى ، ئۇلاردىكى رەڭدار ئوخشىتىش (مەجاز)لارنىڭ كىشى ئۆزىدە گويا گۈزەل سۈرەتلەردەك نامايان بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدىكى يەنە بىر ئۇلۇغ پەزىلەت : ساددىلىق ، چوڭقۇر ھېس - ھاياجان ۋە ئوي - پىكىرلەرنىڭ ناھايىتى ئاددىي

سۆزلەرگە سىڭدۇرۇلگەنلىكىدىن ئىبارەت.

بۇ ھەقتە خوتەنلىك شائىر «روزى گاداي»[1]مۇ ئۆزىنىڭ مەرسىيىسىدە، شائىرنىڭ ئىنسانىي خىسلىتى ۋە شېئىرىي خىسلىتى توغرىسىدا ناھايىتى مېغىزلىق قىلىپ مۇنداق يازغاندى:

«خىسلەت دېسە شۇنى دېگۈلۈك:
سىڭەليىتى ئاۋام كۆڭلىگە
يۇمۇرغا باي چۇچۇك گەپ بىلەن.
ئاددىيغىنە تىل،
يېنىك ۋەزىندە
چوڭ تېمىنى ئاچالايتتى ئۇ،
ئازلا كۆپلىت — ئازلا گەپ بىلەن.»

شائىر ئۆزىمۇ بىر قېتىم شېئىرىي تىل توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى: «چوڭ ۋە مۇرەككەپ نەرسىلەرنى ئاددىي ـ ساددا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. قەلبنى لەرزىگە سالغان ھېس ـ تۇيغۇلارنى، چوڭقۇر لىرىزمنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن دەبدەبىلىك، ئاجايىپ ـ غارايىپ سۆزلەر شەرت ئەمەس...»

ئۇ، پۇتكۇل شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ سۆزىگە ئەمەل قىلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى راۋان، يەڭگىل، خەلق كۆڭلىگە يېقىن بولدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىي، ئۆلمەس مىراسلىرى خەلقىمىز يۈرىكىدە قانغا ئوخشاش تىنىمسىز ئايلىنىپ،

---

① تېيىپجان ئېلىيوپ ھەمىشە روزى سايىت بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆزىگە يېقىن كۆرۈپ شۇنداق دەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ناخشا ـ غەزەل بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە ! ...

## ئەزرائىل بىلەن ئېلىشقان شائىر

ئابدۇكېرىم خوجا ھايات بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى ئۆلۈم بىلەنمۇ ئېلىشقان ئىرادىلىك ، ئۈمىدۋار شائىر ئىدى .

ئۇ 60 يېشىدا غۇۋغالىق بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى . بۇ چاغ ئۇنىڭ پىكرى ئۆتكۈرلىشىپ ، شېئىرىيەتتە تازا ۋايىغا يەتكەن ۋاقتى ئىدى . ئەپسۇسكى ، رەھىمسىز ئەجەل ئۇنىڭ يەنىمۇ كۆپ ، ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىشىغا يول قويمىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ بىزگە بەش پارچە گۆھەر كىتاب قالدۇرۇپ كەتتى : «ئون باھار » ، «باھار ناخشىسى » ، «تۇپراق ، باھار ۋە مەن » ، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار » ، «باھار يامغۇرى » ...

مۇشۇ ماۋزۇلاردىنلا بىز شائىرنىڭ باھارغا نەقەدەر تەشنا بولغانلىقىنى ، ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى ، باھارنىڭ مەپتۇنى ، ئاشىقى ۋە كۈيچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز !

دەرۋەقە شۇنداق ، ئۇنىڭ 60 يىللىق ھاياتى ، 40 يىللىق ئىجادىيىتى تولىمۇ ئېغىر قىسمەتلەر ئىچىدە ئۆتتى . ئۇنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا باھاردىن زىمىستانى كۆپرەك ، خۇشاللىقىدىن قايغۇسى ئۈستۈنرەك بولدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك ، چېكىتتىن سوئال بەلگىسى كۆپ ئىدى . بۇنىڭغا شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كەسكىنلىك ، ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق سەۋەب بولغانىدى ...

شۇ سەۋەبتىن ئۇ ، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئاخىرلاشقان 1976 ـ يىلى ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ ، ئون يىللىق روھىي ۋە جىسمانىي جاراھەتلىرىنى ساقايتىش ئورنىغا ، خۇددى سۈرگۈن قىلىنغاندەك بېيجىڭ مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسىگە يۆتكىۋېتىلدى . مەن شۇ چاغدا شائىرنىڭ بېيىمىگىدىكى بىر يېرىم

ئېغىزلىق ۋەيرانە ئۆيگە يوقلاپ بارغىنىمدا ئۇ ناھايىتى مەيۈس ۋە چۈشكۈن قىياپەتتە : «يەنە ئايرىلىپ كېتىدىغان بولدۇق ئۇ-كام . ئەسلىدە ئون يىللىق دەرد ـ ئەلەم ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ ، شىنجاڭنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقتا قالغان ئەدە-بىيات ـ سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن راسا بىر ئىشلەش نىيىتىم بار ئىدى . لېكىن ئۇلار مېنى يامان كۆرۈپ قالدى ، مەنمىغۇ كاللامنى بۇرۇنراق ئازاد قىلىپ ، كۆپرەك سۆزلەپ قويدۇم . بۇمۇ ئۆزۈمنىڭ شورى ! ... ،— دېدى ـ دە ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى كىچىككىنە يېزىق ئۈستىلىدىن بىر ۋاراق قەغەز-نى ئېلىپ ، — تۈنۈگۈندىن بېرى بىرنەچچە پارچە شېئىر ۋە رۇبائىي يازدىم . ئوقۇپ باقاي ، ئاڭلاپ بېقىڭ ، — دەپ تۆۋەندى-كى قىسقا بىر شېئىر بىلەن رۇبائىيسىنى ئوقۇدى :

«تۇۋا دەيمەن ئاشۇ ئون يىلغا بۈگۈن ،
كۈيمۈكۈندۈز ھەممىنى باستى قارا .
ئاچمىز دەپ يولنى جەننەتكە ئۇدۇل ،
تاسلا قالدۇق كەتكىلى دوزاخ ئارا .
شۇ نادان ۋە تەلۋە ئون يىلدا ، تاڭەي ،
بار ئىكەن كىم بولمىغان قەلبى يارا .
كەتكىنى كەتتى پىغان ـ ھەسرەت چېكىپ ،
قالغىنى قالدى بولۇپ يىلغا گۇۋاھ . »

«شۇكۇر ، ئېشەك بولماپتىكەن مۇڭگۈزلۈك ،
بولسا ئىدى ، قويلار نە كۈن كۆرگۈلۈك ! ؟
تاۋاردىن تون ، زەردىن كۈلاھ كىيسىمۇ ،
ئۇنىڭ ئېتى يەنە ئېشەك مەڭگۈلۈك ! »

www.uyghurkitap.com

بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ روھىي ھالىتى — رەنجىش، ئۆكۈنۈش، چۇقان ۋە ئاچچىق كىنايىسى ئىپادىلەنگەندى.

شائىر مانا شۇ كەتكەنچە 1980 - يىلى بېيجىڭدىن قايتا شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلدى ۋە شۇ يىلى 10 - ئايدا ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى ۋە قوشۇمچە «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى.

مەن شائىر ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىمدىلا تونۇشقان. مەن ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن 1964 - يىلى 8 - ئايدا بۇ ئادەم تەشكىلگە ۋاكالىتەن مەكتەپكە كېلىپ مېنى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە تەقسىم قىلىپ بېرىشنى سۆزلەشكەن. چۈنكى، بۇ چاغدا مېنىڭ بىرنەچچە پارچە ھېكايەم ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، مەن پېشقەدەملەرنىڭ نەزىرىدە «باقسا سەمرىيدىغان قوي» دەپ ھېسابلانغان. شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئاكا مەن بىلەن سۆزلىشىپ: «سىزنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئاپىرىشتىكى مەقسىتىمىز شۇ يەردە خىزمەت قىلدۇرۇش ئەمەس، بەلكى سىزنى يىراق يېزا - قىشلاقلارغا چۈشۈرۈپ، ئۇزاق مەزگىل شۇ يەردە چېنىقتۇرۇپ تەربىيىلەش» دېگەنىدى. بۇ چاغدا مەن بەكمۇ خۇشال بولغانىدىم. چۈنكى، مېنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ تەربىيىلەش — ئەمەلىيەتتە مېنىڭ يازغۇچى بولۇشۇمغا بىلدۈرۈلگەن ئىشەنچ، ئىستىقبالىمغا بولغان غەمخورلۇق، ئىجادىي پائالىيىتىمگە نىسبەتەن تۈرتكە ھەم ئىلھام ئىدى. ئەپسۇسكى، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ مېنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئاپىرىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ تەربىيىلەش مۇددىئاسى ئەمەلگە ئاشمىدى. چۈنكى، مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنغان ئورۇنغا

بارمايلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇ-شى بىلەن «سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە» خىزمىتىنى ئىش-لەش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىغا چۈشۈپ كەتتىم. مەن بۇ خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئىدارىگە كەلگەن ۋاقتىمدا بولسا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، ئابدۇكېرىم خوجىمۇ «قارا يىپ» بولۇپ تارتىپ چىقىرىلغانىدى.

كېيىن، 1983 - يىلى مېنىڭ «قىيانلىق دەريا» ناملىق پوۋېستىم كىتاب بولۇپ چىققاندا، شائىر دوختۇرخانىدا يېتىپ ئوقۇپتۇ. بىر كۈنى مەن يوقلاپ چىقسام، ئۇ مېنىڭ قولۇمنى مېھرىبانلىق بىلەن قىسىپ تۇرۇپ:

— كىتابىڭىزنى ئوقۇپ، بۇرۇنقى پىلانلىرىمىزنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم. شۇغىنىسى، ئۇ پىلانلىرىمىز ئىشقا ئاشمىدى، سىزنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ تەربىيە-لىيەلمىدۇق، تەھرىر بۆلۈمىگە بەند بولۇپ قالدىڭىز. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدىلا مەقسىتىمىز ئىشقا ئاشقان بولسا، تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئەسەرلەرنى يازغان بولاتتىڭىز. ھېلىمۇ ياخشى، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى يېزىپسىز. بۇنى ئابلىز نازىرىمۇ ئوقۇدى، ئۇنىڭ پىكرىمۇ ماڭا ئوخشاش. ھازىرچە ئىشلەپ تۇرۇڭ، ياخشى كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى پىلان-لىرىمىز كېچىكىپ بولسىمۇ ئەمەلگە ئېشىپ قالار...

دېگەندەك، شائىرنىڭ ياخشى مۇددىئاسى كېچىكىپ بولسىمۇ ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. 1988 - يىلى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىن 15 ئادەمنى (تۆت مىللەت) كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقىرىش تەستىقلاندى. شۇ قاتاردا مەنمۇ كەسپىي يازغۇچى بولۇپ، «تا-رىم» ژۇرنىلىدىكى ۋەزىپەمدىن ئايرىلدىم. ئەپسۇسكى، بۇ خۇ-شاللىق كۈنلەردىن شائىر بىز بىلەن بىللە بەھرىمەن بولالمىدى. مىللىي ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئۆزۈن يىل كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ - ئىستىكىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمىدى . لېكىن ئۇ ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاغرىق يانقان ۋاقىتلىرىدىمۇ بۇ ئىشنى ئېسىدىن چىقارماي مۇنا- سىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن داۋاملىق سۆزلىشىپ ، مۇشۇنداق بىر كەسپىي قوشۇننىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشتى !

شائىر بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەت ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ :

1988 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا ، ساۋاقدىشىم ئابلىمىت ئىسمايىل بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا چىقىپ ، ئابدۇكېرىم خوجىـ نى يوقلىدۇق . شۇ چاغدا پروفېسسور ئابلىمىت ئىسمايىل «ھا- زىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىلىرى» دېگەن كىتابىنى ئىشلەۋاتقان- دى . ئۇ شۇ كۈنى ئابدۇكېرىم خوجا توغرىسىدا تەييارلىغان ماتېرىياللىرىنى شائىرغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ چىققانىدى . بىز قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سوراشتۇق . بۇ كۈنلەردە شائىرنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قالغاچقا ، تېنى ئاجىز ، چىرا- يى سولغۇن ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەنىلا بىر خىل ئۈمىدۋارلىق چىقىپ تۇراتتى . ئۇ ئابلىمىت ئىسمايىل بەرگەن ماتېرىيالنى قولىغا ئېلىپ ، مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتتى ۋە يەنە ئابلى- مىت ئىسمايىلغا قايتۇرۇپ بېرىپ :

— ئوكام ، بۇنى ئۆزىڭىز ئوقۇپ بېرىڭە ، مېنىڭ دېمىم سىقىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ ، — دېدى .

شۇنىڭ بىلەن ئابلىمىت ئىسمايىل ئون نەچچە بەت ماتېرىيال- نى ئالدىرىماي ، دانە ـ دانە قىلىپ ئوقۇپ بەردى . ئابدۇكېرىم خوجا ئاڭلاپ خۇشال بولدى ، ھاياجاندىن تاتىراڭغۇ يۈزىگە نېپىز قىزىللىق تاردى . ئۇ بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن مۇنداق دېدى :

— مەن دەسلەپ بۇنى ئادەتتىكى تەرجىمىھال چېغى دەپ چۈشەنگەنىدىم . لېكىن ھازىر قارىسام ، بۇ ئادەتتىكى تەرجىمىھال ئەمەسكەن . سىز ئەسەرلىرىمگە خېلى ئەتراپلىق باھا بېرىپسىز ، بەزى يەرلەردە ئاشۇرۇۋەتكەندەكمۇ قىلىپسىز ... لېكىن مەن

ئومۇمەن رازى بولدۇم ... ھازىرغىچە مەن ئۆز ھاياتىم ۋە ئىجادىم ھەققىدە مۇشۇنچىلىك باھا بېرىپ باققان نەرسىنى كۆرۈپ باققان ئەمەس ... باشقىلارنىڭمۇ مۇشۇ شەكىلدە يېزىلدىمۇ؟

— ھەئە، ھەممىسى مۇشۇ شەكىلدە يېزىلدى، — دېدى ئابلىمىت ئىسمايىل.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ ...، — شائىر ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سۆزلەيتتى، — سىز باشقىلارغىمۇ كۆرسەتتىڭىزمۇ؟

— ئۇرۇمچىدە كۆرۈشەلىگەن ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆر-سەتتىم، — دېدى ئابلىمىت ئىسمايىل چۈشەندۈرۈپ، — مەن كۆرسىتەلمىگەنلەرگە نەشرىياتتىكىلەر كۆرسەتتى. بەزى يولداش-لار پىكىر بەردى، پىكرى بويىچە ئۆزگەرتتىم. بەزى يولداشلار ماتېرىيالنى تولۇقلاپ بەردى. مەن بۈگۈن سىلىنىڭمۇ پىكىرلىد-رىنى ئاڭلاپ باقماقچى، تولۇقلايدىغان جايلىرى بولسا تولۇقلاپ بەرسىلىرى.

شائىرنىڭ جاۋابى يەنىلا كەمتەر، سەمىمىي ئىدى:

— مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق، مەن رازى بولدۇم ... پەقەت سىزدىن بىرلا ئۆتۈنۈشۈم بار ... سىز «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىد-شىشى» دېگەن شېئىرىمنى ئوقۇغانمۇ؟ «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1986 - يىللىق 11 - ئۆكتەبىر سانىغا بېسىلغان ...

— مەن شۇ چاغدىلا ئوقۇغان ئابدۇكېرىم ئاكا، — دېدى ئابلىمىت ئىسمايىل تەسىرلىك قىياپەتتە، — ھەتتا شېئىرنى گېزىتتىن قىيىۋېلىپ ھازىرغىچە ساقلاۋاتىمەن.

— مېنىڭ سىزدىن ئۆتۈنۈشۈم: باشقا شېئىرلىرىم ھەققىدە كۆپ گەپ قىلمىسىڭىزمۇ مەيلى، — دېدى شائىر بىر خىل ئىلتىجالىق ھەم پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن، — لېكىن مۇشۇ شېئىرىم ھەققىدە تولۇقراق پىكىر قىلىپ، ئادىل باھا بېرىپ باقسىڭىز ... چۈنكى، بۇ شېئىر مېنىڭ ئۆمۈر تارىخىمنىڭ بىر

www.uyghurkitap.com

خاتىرىسى. مەن 1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىچكىرىدىن قومۇلغا قايتىپ كەلدىم. 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. مەن شۇ چاغدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە تەرجىمان بولۇپ قاتنىشىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن ھەم بېيىمىڭ مەيدانىدا مىللىي ئارمىيە بىلەن ئۇچراشقان. مەن شۇ كۈنى ئىككى ئارمىيىنىڭ ھەيۋەتلىك ئۇچرىشىش مۇراسىمىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. مەن بۇنىڭ تىرىك شاھىتى. ئەپسۇسكى، كېيىنكى چاغدا دەل ئاشۇ بېيىمىڭ مەيدانىدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ سىمۋولى بولغان بىر ھەيكەل ئورنىتىلدى. ئەسلىدە تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ ھەيكەل جۈپ بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى مەن ئىككى ئارمىيىنىڭ ئۇچرىشىشىنى دەل شۇ يەردە كۆرگەنىدىم. بۇ شېئىر ئەنە شۇنداق تارىخىي چىنلىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ يېزىلغاندى. شۇڭا، بۇ شېئىرنى ئوبدانراق تەھلىل قىلىپ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز ...

شائىرنىڭ قېيىنىلىپ، چىڭقىلىپ تۇرۇپ ئېيتقان بۇ يۈرەك سۆزلىرى مەندىمۇ، ئابلىمىت ئىسمايىلدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. مەن بۇ سۆزلەردىن ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتتە خېلى چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىپ، غۇلغۇلا قوزغىغان «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» ناملىق ئېسىل شېئىرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانىدىكى ئازابلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم! ...

ھەقىقىي شائىرنىڭ ئىستىكى ۋە تەلەپلىرى ھەمىشە خەلقنىڭ ئىستەك ۋە تەلەپلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولىدۇ!

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ يۇقىرىقى شېئىرى ۋە 80 ـ يىللارنىڭ باش ـ ئوتتۇرىسىدا يازغان بىر تۈركۈم سىياسىي لىرىكىلىرى ئەنە شۇنداق خەلقنىڭ ئىستەك ـ تەلەپلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كەتكەن شېئىرلاردۇر.

«يەنە ماڭساق ئەتىگە ھەيدەپ ساپان ،
ئىشلە ـ ئىشلە ئاشمىسا تىزدىن چاپان .
جەڭ قىلىپ قانلار كېچىپ ، قۇربان بېرىپ ،
كۆزلىگەن سوتسىيالىزم گۈللەر قاچان ! ؟ »

بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ روھى رامكا ـ كىشەنلەردىن خالىي بول-دى ، ئىدىيىسى ئازاد ، ھەرخىل ئەمرىمەرۇپلاردىن يىراق ئىدى . ئۇ يېڭى دەۋرنى يېڭى سادا ، يېڭى ھېسسىيات ۋە يېڭى تىل بىلەن كۈيلىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ شېئىرلىرى يالغۇز ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭلا ئەمەس ، بەلكى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭمۇ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى . مەسى-لەن ، 1980 ـ يىلى يازدا ، جۇڭگو «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بېيجىڭدا ئۇيۇشتۇرغان دېكلاماتسىيە كېچىلى-كىدە ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ شېئىر ئوقۇدى . ئەسلىدە بۇ كاتتا سورۇندا بىر شائىرغا بىرلا شېئىر ئوقۇش پۇرسىتى بېرىلگەنى-دى . لېكىن ئۇ نەچچە يۈزلىگەن شائىر ۋە شېئىر خۇشتارلىرى جەم بولغان بۇ داغدۇغىلىق مەيداندا :

«— يارىشىپتۇ دوپپىڭىز سىزگە قەۋەت ،
نە سەۋەبتىن كەلدىڭىز كىيمەي پەقەت ؟
— بولمىسا ئۇ چاغدا باش ئەسلا بىكار ،
دوپپىغا نەدىن نېسىپ بولسۇن نۆۋەت ! »

دېگەن پارچىنى ئوقۇپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى . شائىر مەدەنى-يەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت پاجىئەلىك دەۋرنىڭ پۈتۈن كارتىنى-سىنى ئەنە شۇ بىر كۇپلېت شېئىر بىلەن جانلىق ، سىمۋوللۇق ۋە يۇمۇرلۇق قىلىپ ئىپادىلەپ بېرەلىگەچكە ، پايتەخت مۇنبىرىدە ھەممىدىن كۆپ ئالقىشقا سازاۋەر بولغانىدى .

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرىيىتى سىرلىق مۆجىزىلەرگە باي ، تەسۋىرى جەلپكار ، ھېسسىياتقا تويۇنغان قوشاقچۇر ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ئوتلۇق يۈرەك كەچمىشلىرىنىڭ يادنامىسىدۇر . ئۇ ئەزەلدىن يالىڭاچ ، ھېس ـ ھاياجانسىز شېئىرلارغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن . شۇڭا ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك ياشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى شېئىرلىرىنى سەمىمىي قوللاپ قۇۋۋەتلىدى . ياشلارنىڭ پىكرى چوڭقۇر ، شەكلى رەڭدار ، خۇددى ئاي شولىسىدەك نۇر-لۇق ھېسلار يوشۇرۇنغان شېئىرلىرىغا ئىلھام بەردى ، مەدەت-كار بولدى .

شۇ چاغلاردا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان بىر قېتىملىق «شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئۇ مۇنداق دېگەنىدى : «ئەگەر ، سىز قۇياش يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ، يۇپقا تۇمان قاپلىغان تاغ مەنزىرىسىگە قارىسىڭىز ، ئۇنىڭ ئاجا-يىپ گۈزەل ۋە سىرلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالىسىز ! شېئىرمۇ خۇددى ئاشۇنداق بولۇشى كېرەك ! ...»

بۇ ئوبرازلىق سۆزگە شائىرنىڭ شېئىر توغرىسىدىكى بارلىق ئوي ـ خىياللىرى مۇجەسسەملەنگەنىدى .

ئابدۇكېرىم خوجا تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماي ، بەلكى يەنە يېتىلگەن ئەدەبىي تەرجىمان ئىدى . ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىد-ىنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ، بۇ جەھەتتە يول ئاچقۇچىلارنىڭ بىرى بولدى . ئۇ يەنە بىر قىسىم خەنزۇ كلاسسىكلىرىدىن گېنىرىخ گېينى ، ئىلزابىت باررېت قاتار-لىقلارنىڭ مەشھۇر شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ماھارەت بىلەن تونۇشتۇردى . بىز بۇ تەرجىمە شېئىرلارنى ئوقۇپ باقساق ، ئۇنىڭ تەرجىمە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالىمىز . مېنىڭ خا-تىرە دەپتىرىمدە لى بەينىڭ ئابدۇكېرىم خوجا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان مۇنۇ پارچىلىرى ھازىرغىچە كۆچۈرۈكلۈك تۇرىدۇ :

«ئۆنچە پەردە ئىچىدە سەنەمنى كۆردۈم ،
قوشۇمىسى ئۈستىدە ئەلەمنى كۆردۈم .
كىمدۇر ئۇنىڭ قەلبىگە خەنجەر ئۇرۇپتۇ ،
كىرپىكلىرى ئۈستىدە شەبنەمنى كۆردۈم .»

«جام قولۇمدا ، تۇرىمەن گۈلگە قاراپ ،
ئۆلپىتىم يوق ، ئۆتمىدى گالدىن شاراب .
ئايغا مەي تۇتسام قېشىمغا كەلدى ئاي ،
ياندى سايەم ، قالمىدىم يېتىمسىراپ .»

بۇ شېئىرلار ھەقىقەتەنمۇ يۇقىرى ماھارەت ۋە ئەجىر بىلەن تەرجىمە قىلىنغان . كېيىنكى پارچىنى مەن ھەمىشە ھاراق سورۇنلىرىدا ئوقۇپ ، ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشقا تاس قالغان . سەۋەب ، بۇ شېئىرلار تىلغىمۇ ، دىلغىمۇ شۇنداق يېقىن . بۇنى تەرجىماننىڭ ماھارىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ .

شائىر 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشتى . شۇ كۈنلەردە ئۇ ماڭا مۇنداق بىر قىزىق ئىشنى ئېيتىپ بەرگەنىدى :

بىر كۈن ئۇ بىر خەنزۇ بۇرادىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئەھۋاللىشىپتۇ . بۇرادىرى ئۇنىڭدىن : «نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز ؟ » دەپ سوراپتىكەن ، ئابدۇكېرىم خوجا : «قىزىل راۋاقتىكى چۈشنى تەرجىمە قىلىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى خەنزۇ ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ : «ھوي ، ئۇيغۇر تىلى ئاشۇ بۈيۈك ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا يەتتىمۇ ؟ ! » دەپ سوراپتۇ . ئۇنىڭ بۇ سوئالى بىھۇدە ئەمەسكەن ، چۈنكى ئۇلار «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى خەنزۇ تىلىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە خەزىنىسى دەپ ھېسابلايدىكەن .

«يەتتىمۇ دېگىنىڭىز نېمىسى ؟ — دەپتۇ ئابدۇكېرىم خوجا

ئاغىنىسىگە چاقچاق ئارىلاش جىددىي تەلەپپۇزدا: — ئۇيغۇر تىلى ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش›نى تەرجىمە قىلىشقا يېتىپتۇ، يەنە ئىككى ئامبار ئېشىپ قالدى. ئۇ تېخى ‹سۇ بويىدا›، بىلەن ‹ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە›نى تەرجىمە قىلىشقىمۇ يېتىدۇ! ...»

گېزى كەلگەندە شۇ ئېيتىش كېرەككى، شائىر ئابدۇكېرىم خوجا كىچىكىدىنلا خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇپ، خەنزۇلار رايونىدا چوڭ بولغاچقا، دەسلەپكى شېئىرلىرىنى پۈتۈنلەي خەنزۇچە يازغان. كېيىن ئۇ شىنجاڭغا چىققاندىن كېيىن، ئانا تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. دېمىسىمۇ، بۇ دۇنيادا ئانا تىلىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئىككىنچى تىل يوق. ئۆز ئانا تىلىنى بىلمىگەن ئادەمنى شۇ مىللەتنىڭ ئەزاسى دېيىش تەس. چۈنكى ئۇ، بۇ تىلدا كۈيلىيەلمەيدۇ، ئويلىيالمايدۇ، سۆزلىيەلمەيدۇ. ھەرقانداق ئادەم «ئانا تىلىم — ئۇلۇغ تىلىم!» دەپ ئېيتىشتىن ئىپتىخار بىلەن ۋارقىراشقا ھەقلىق!

مانا شۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن شائىر 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئانا تىلىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىدى. خەلق مەشرەپلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ مەكتەپ بولدى. ئاددىي خەلق ياراتقان مەنىۋى بايلىقلارنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەسلىكى، مەزمۇنىنىڭ مول، چوڭقۇرلۇقى، شەكلىنىڭ رەڭمۇرەڭ، كۆپ خىللىقى ئۇنىڭ قەلبىنى ئويغىتىپ، غۇرۇرىنى ئاشۇردى. مۇھەببىتىنى كۈچەيتىپ، بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇ ئاتلاپ زېرىكمەيتى، يېزىپ ھارمايتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىدىن بىرى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغان گۈزەل، پاساھەتلىك ئانا تىلىنى ناھايىتى تېز ۋە پىششىق ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شېئىرلىرىنى ئىككى خىل تىلدا يازىدىغان ھەم ئىككى خىل تىلدا تەرجىمە قىلىدىغان يۇقىرى

سەۋيىگە يەتتى . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەرجىمە ئەسەرلەر ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق جاپالىق ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە ئانا تىل - يېزىقىقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى...

شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا، «ئەزرائىل ۋە مەن» ناملىق لىرىك داستاننى يېزىشقا كىرىشتى. بەلكىم ئۇ، ئۈچ - تۆت يۈز گۈزەل مىسرالارنى كۆڭلىگە پۈككەن بولغىيدى. ئەپسۇسكى، 202 مىسرانى يېزىپ، 203 - مىسراغا كەلگەندە، شائىرنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ، هارماس قەلىمى شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئويچان، غەمكىن كۆزلىرى مەڭگۈ يۇمۇلدى. ھەمىشە پەرۋاز قىلىپ تۇرىدىغان ئەركىن تەپەككۇر قۇشلىرىمۇ كەلمەسكە كەتتى!...

شائىرنىڭ بۇ داستانىغا ئۇنىڭ ھاياتى، تۇرمۇش قىسمەتلىرى سىڭىپ كەتكەن:

«قىينىسا ئاغرىق ساڭا جەبرە سېلىپ،
بولسا ئالدىڭدا ئايان قەبرە كېلىپ.
تۇرسا ئەزرائىل كۆزۈڭدە مىخ بولۇپ،
ناتىۋان جېنىڭغا نەشتەر — زىخ بولۇپ.
شۇندا تونارسەن ئۆزۈڭنى باشقىدىن،
كەڭ ئېچىپ ھەققە كۆزۈڭنى باشقىدىن.
ھەق - ناھەقنىڭمۇ بىلۇرسەن پەرقىنى،
ئۆزگىنى قويۇپ، ئۆزۈڭنىڭ نەرقىنى.
نىمە چاچتىڭ، نىمە تەردىڭ يەرگە سەن،
نىمە ئالدىڭ، نىمە بەردىڭ ئەلگە سەن.
كۆرىسەن بىر - بىر سېلىپ تارازىغا،
خەيرىيەت، چىقماي تۇرۇپ جىنازىغا.»

مانا بۇ مىسرالار شائىرنىڭ قەلبىنى ئۆرتىگەن، ئۇنىڭغا

ئىلھام بەرگەن ھەقىقىي ھايات تەسۋىرى ! بۇ مىسرالار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلسىمۇ، لېكىن گۈزەللىك بەخش ئەتكەن، مۇڭلۇق بىلىنسىمۇ، لېكىن شادلىق ھېس قىلدۇرغان، مۇسىبەتكە تولغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەمگە قۇۋۋەت ۋە ئۈمىد بېغىشلايدىغان ھەقىقىي ھايات مەنزىرىسىدۇر ! ...

«كەلسە ئىككىنچى باھارىم ئەمدىلا،
مەنىلىك ياشاش خۇمارىم ئەمدىلا،
كۆلسە بېغىمدا گۈلۈمىمۇ ئەمدىلا،
چاچسا نۇر قارا كۆنۈمىمۇ ئەمدىلا،
يەتسە توقاچقا قولۇمىمۇ ئەمدىلا،
كېڭىيىپ ماڭغان يولۇمىمۇ ئەمدىلا،
يايرىسا مۇڭلۇق دىلىمىمۇ ئەمدىلا،
سايرىسا مەھكۇم تىلىمىمۇ ئەمدىلا،
ئون گۈلۈمنىڭ بىر گۈلى ئاچماي چېچەك،
گۈل بېغىمنىڭ تېمىغا قويماي كېسەك،
مەن تېخىچە قانغۇدەك كەتمەي ياشاپ،
كەلدى ئەزرائىل يەنە تىمىسقىلاپ.»

ئەستايىدىل ئويلاپ باقساق، بۇ داستاننىڭ ھەربىر مىسراسى تۇغۇلغىچە كېسەلچان شائىر قانچىلىغان قاراڭغۇ كېچىلەرنى يورۇق تاڭلارغا ئۇلىغان بولغىيتى ؟ ! ئۆزى يارىتقان لىرىك قەھرىمانى بىلەن قانچە قېتىم ئۆلۈپ - تىرىلگەن بولغىيتى ؟ ! ...

رەھىمسىز ئەجەل قولى بىلەن يېرىم يولدا توختاپ قالغان بۇ لىرىك داستان شائىرنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر يادنامىسى، ھەممىمىز قايغۇ ئىچىدە ئوقۇيدىغان ۋە قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلايدىغان قىممەتلىك بىر تەۋەررۇكى بولۇپ قالدى !

كىشىلەرنىڭ «شائىر ئۆلمەيدۇ» دېگىنى راست ! ئابدۇكېرىم خوجا گەرچە جىسمانىي جەھەتتە ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن

ئۇنىڭ روھى بىزنىڭ روھىمىز بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ شېئىرلىرى ئارقىلىق بىزگە ھاياتنى، دۇنيانى سۆيۈشنى، ئۇنىڭ پاكلىقى، گۈزەللىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈردى، بىز ئۇنىڭدىن تارتقا، ئانا يۇرتقا ۋە خەلقىمىزگە بولغان مۇھەببەتنى ئۆگەندۇق. شۇڭا ئۇ، بىزنىڭ قەلبىمىزدە، روھىمىزدا ۋە جەمئىيەت ئىچىدە مەڭگۈ ياشايدۇ!...

## خاتىمە

ئارىمىزدىن بىمەھەل كەتكەن بۇ ئىككى زاتنىڭ ھەسرەت - پىراقىنى يۈرىكىمىزگە سىغدۇرالماي، سېغىنىش ئوتىدا ئۆرتىنىپ يۈرگەن ۋاقتىمىزدا، خۇددى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئارىمىزدىن يەنە ئۈچ نەپەر سۆيۈملۈك ئادىمىمىز تولىمۇ تۇيۇقسىز كېتىپ قالدى. ئۇلار ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم ۋە قاھار جېلىللار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن كەتكەن قاھار جېلىل ھەممىدىن ياش ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ناھايىتى كۆپ شېرىن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ناھايىتى چىرايلىق ئىجادىيەت پىلانلىرىنى ئېلىپ كەتتى!...

شۇنداق، ئۆلگۈچىنىڭ ئېلىپ كېتىدىغىنى ناھايىتى كۆپ، قالدۇرىدىغىنى ھەسرەت ئىكەن!

ئابلىز نازىرى مېنىڭ قەلبىمدە ئاق كۆڭۈل سەممىيلىكى، تەمەسىز، كىبىرسىز، غەرەزسىز پاك خىسلەتلىرى بىلەن يىمىرىلمەس بىر مۇنار تىكلىگەن ئالىيجاناب ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بىلىشنى، ئۆزىنى سوراشنى بىلەتتى. بولمىسا ئۇنىڭ قولىدىنمۇ يېزىش كېلەتتى، بەلكى ئىخلاس قىلسا، ناھايىتى ياخشى يازالايتتى. لېكىن، ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كەمتەرلىك قىلدى، تەھرىر، گېزىتچى، ژۇرنالىست دېگەن شەرەپلىك ناملارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئىجادىيەتنى قۇربان قىلدى، باشقىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن ھالاللىق بىلەن ئايىماي قان - تەر

تۆكتى ، مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ، چىۋەر تەشكىلاتچانلىق قىلدى ...

مەن ھەمىشە ئۆزۈمنى يەنئەن يولىدىكى مۇشۇ 44 ـ قورۇغا ئاشۇلارنىڭ قولى بىلەن تىكىلىپ ، پەرۋىش قىلىنغان ۋە ھازىرمۇ يەنە ئاشۇلارنىڭ غايىۋانە مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بىر كۆچەتتەك ھېس قىلىمەن . مەن ئۇلاردىن يالغۇز ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بەزى «سىر»لىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي ، بەلكى ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى — بۇ دۇنياغا پاك كېلىپ ، پاك پېتىچە كېتىدىغان ، بېشى كۆككە يەتسىمۇ غادايمايدىغان ئاددى ـ ساددا ۋە كەمتەرلىكنى ؛ ئىنساننى چوڭقۇر سۆيىدىغان ، ئازاب ئىچىدىن راھەت تاپالايدىغان ، بۇ دۇنياغا كۈلۈپ كېلىپ ، كۈلۈپ كېتىدىغان خۇشخۇيلۇقنى ؛ ھەرقانداق ۋاقىتتا غۇرۇر ۋە ۋىجدان بىلەن ياشايدىغان ، زۇلمەت ئىچىدىن يورۇقلۇقنى كۆرەلەيدىغان ، ناھەقچىلىق ، ساختىلىق ئالدىدا قىلچە مۇجمەللەشمەي ، كۆكرەك كېرىپ چىقالايدىغان ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى ؛ ئۆمۈر بويى ھالال ئىشلەپ ، ھالال ياشايدىغان ، كىبىردىن ، تەمەدىن ، غەرەزدىن خالىي ئالىيجاناب روھنى ئۆگىنىشكە تىرىشتىم .

ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ روناق تېپىشى ، گۈللىنىشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھارماي ئىشلىدى . بۇ جەرياندا ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى يەتكۈچە تېتىدى ، بەزى ۋاقىتلاردا قاتتىق يىقىلسىمۇ ، يەنە ئورنىدىن تىرەجەپ تۇرۇپ ، توپا ـ چاڭلىرىنى قېقىۋېتىپ ، ھالاللىق ، قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزلىرىگە ھەيكەل تۇرغۇزدى . ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان شاگىرتلىرى شۇ ھەيكەللەرنىڭ پەلەمپەيلىرىگە رەڭمۇرەڭ گۈللەردىن گۈل چەمبىرەكلەر قويۇشىمىز كېرەك ! شۇندىلا بىزنىڭ ئۇزاق ، شانلىق مەدەنىيەت تارىخىمىز مەڭگۈ ئۇزۇلمەي ، ئەۋلاددىن ئەۋلادقا گۈللەپ ياشنىيالايدۇ ! ...

1997 ـ يىل مارت ، ئۈرۈمچى

# ھەج سەپىرىدە تۇغۇلغان ئويلار

— «سەرسان روھ» رومانىنىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا

مەن 1991 - يىلى ئىيۇندا، تەكلىپكە بىنائەن، تۈركىيە ئارقىلىق ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج پائالىيىتىگە قاتناشتىم. ھەممىگە مەلۇمكى، يىلدا بىر قېتىم — قۇربان ھېيت مەزگىلىدە مەككە ۋە مەدىنىدە بولىدىغان ھەج پائالىيىتى كۆلىمى زور، داغدۇغىسى ھەيۋەتلىك كاتتا مەرىكە ھېسابلىنىدۇ. «ئۇممول قورا» دەپ ئاتالغان قەدىمىي شەھەر مەككىنى، ئاللانىڭ ئۇلۇغ بەيتىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن سانسىز كىشىلەر تۆت تەرىپى كۆيۈك تاغ بىلەن قاپلانغان بۇ ئوت - ئاتەش شەھەرنى قايناپ - تاشقىنلىققا چۆمدۈرىدۇ. بۇ مۇقەددەس زېمىندا دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار دوستلۇق روھى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ تىلى، رەڭگىرويى ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئاللاغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ كىتابى «قۇرئان» كەرىمگە بولغان ئېتىقاد بىر يەرگە جەم قىلغان ھەم بىر - بىرى بىلەن ئېچىللاشتۇرغان.

مەنمۇ ئاشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە، ئون نەچچە كۈنگە سوزۇلغان ھەج پائالىيىتىنى جىددىيلىك، قىزغىنلىق ۋە ھاياجان ئىچىدە تاماملىدىم. بۇ جەرياندا، نۇرغۇن يۇرتداش - ۋەتەنداشلار بىلەن تونۇشتۇم، سىرداشتىم. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ھەرخىل كۈتۈلمىگەن سەۋەبلەر بىلەن ئەرەبىستاننىڭ مەككە، مەدىنە، جىددە، تائىف ۋە رىياد قاتارلىق شەھەرلىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئىدى. ئۇلار

ھەج مەزگىلىدە، ئۆزىنىڭ ھۈنەر - كەسپى، تىجارەت ئىشلىرىنى مەككە بىلەن مەدىنىگە يۆتكەپ سودا - سېتىق قىلاتتى. قاينام - تاشقىنلىق ھەج پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تونۇش - بىلىشلەر ئارىسىدا ئۇلپەتچىلىك باشلىنىپ كەتتى. ھەر كۈنى دىگۈدەك بىرنەچچە يەرگە پەتە ئوقۇش، مېھمانغا بېرىش بىلەن يەنە ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. بۇنداق مول، دوستانە داستىخانلار پەقەت بىزنىڭ ئۇلار بىلەن يۇرتداش - ۋەتەنداش بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا سېلىنىۋاتاتتى. شۇڭا، بۇنداق داستىخان ئۈستىدە بولىدىغان گەپ - سۆزلەرمۇ تەبىئىي ھالدا يۇرت ھەم ۋەتەن توغرىسىدا بولاتتى. بىز يۇرتىمىزنىڭ بۈگۈنكى قىياپىتى ۋە ئەتىكى ئىستىقبالى توغرىسىدا سۆزلىگىنىمىزدە، ساھىبخانىلارنىڭ كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ، چىرايى ئۇمچەرەيتتى، ھەتتا بەزىلەر ئۆزىنى تۇتالماي كۆز يېشى قىلاتتى. مەن دەسلەپ ئۇلاردىكى بۇنداق ھەسرەتلىك روھىي ھالەتلەرنى ئادەتتىكى تەسىراتلار قاتارىدا كۆرۈپ، ھەرقانداق بىر مۇساپىردا بولىدىغان تىگىشلىك «ئانا يۇرتقا بولغان ئەقەللىي سېغىنىش ۋە تەلپۈنۈش» دەپ قارىدىم. شۇڭا، بۇ چاغلاردا مېنىڭ كاللامدا ئۇلار توغرىسىدا بىرەر نەرسە يېزىش خىيالى تۇغۇلمىغانىدى. مەن پەقەت ئۇلاردىن ئاڭلىغان بىرمۇنچە قىزىقارلىق ھېكايە، ئەسلىمە ۋە تەسىراتلارنى ئېلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم.

لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي، مەن ئۆز ۋاقتىدا ئادەتتىكى تەسىرات دەپ ئېتىبارسىز قارىغان نەرسىلەر ئاستا - ئاستا مېنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىمدا قايتا جانلىنىپ، كاللامدا ئويغىنىش پەيدا قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەندە بەكرەك ئويلىنىش پەيدا قىلغىنى، مەككىدە ئاڭلىغان ئىككى ھېكايە بولدى. بۇنىڭ بىرسى، خوتەنلىك مۇساپىر ئەنبىراجىم توغرىسىدىكى ھېكايە ئىدى:

ئەنبىراجى توختىنىياز ئوغلى 1933 - يىلى ھىندىستان

ئارقىلىق ئەرەبىستانغا كېلىپ ھەج قىلغان. 1934 ـ يىلى
كىشىلەردىن مىسىرغا بېرىپ، جامئۇل ئەزھەرگە[1] تالىپ بولدـ
ـمەن دەپ تىزىمغا ئالدۇرسا، ھەقسىز تاماق، ياتاق بېرىدۇ،
قانچىلىك ئوقۇيمەن دېسە، شۇنچىلىك ئوقۇيدۇ، دېگەن گەپلەرنى
ئاڭلاپ قاھىرەگە بارغان، لېكىن جامئۇل ئەزھەرگە كىرىپ
ئوقۇيالمىغان، كوچىلاردا بىر زامان سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن،
كېيىن جان ساقلاش ئۈچۈن، تۇل قالغان بىر ئەرەب ئايالغا
ئۆيلەنگەن، ئۇنىڭدىن ئىككى پەرزەنتلىك بولغان، لېكىن بۇ
جەرياندا، بېشىدىن نۇرغۇن خورلۇق، مۇساپىرلىق ۋە غېرىبلىق
ئۆتكەن. 1963 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئادەم قايتا ئەرەبىستانغا
كېلىپ، ۋەتەنداشلارنىڭ ئالدىدا: «ئانا يۇرتۇمنى بىر كۆرۈپ
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى ...» دەپ يىغلاپ ھەسرەت
چەككەن ۋە يۇرتقا قايتىش ئۈچۈن، تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن
سۆزلەشكەن. ئەمما ئۇلار جاۋاب بەرمىگەن. ئاخىر بۇ ئادەم ئۆزى
يول تېپىپ ۋەتەنگە قايتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يىغقان پۇللىرىنى
بېلىگە تۈگۈپ، پامىر، ھىندىقۇش تاغلىرى ئارقىلىق ۋەتەن چېگـ
ـرىسىغا ئۆتمەكچى بولۇپ، ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھىرىگە كەلـ
ـگەن ۋە ئۇ يەردىن خەيبەر دېگەن چېگرا رايونغا كېلىپ، پامىر
بىلەن ھىندىقۇش تېغىنىڭ تۇتاشقان يېرىدىكى قەدىمىي يول بەـ
ـدەخشان داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ۋەتەن زېمىنى تاشقورغانغا ياكى قاغىدـ
ـلىققا چۈشۈپ كەتمەكچى بولغان. لېكىن بۇ ئادەم بەختكە قارشى
چېگرا ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالغان ۋە چوڭ گۇمان
بىلەن كابۇل تۈرمىسىگە قامالغان. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ساقـ
ـچى تەرەپ تەرجىمان تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن. ئۇ شۇ
يەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ قىيا تاغلاردىن ئۆتۈپ ۋەتەنگە قايتماقچى
بولغانلىقىنى، ۋەتەن تۇپرىقىغا دەسسەپلا ئۆلۈپ كەتسە رازى
ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ساقچى تەرەپ

---

① جامئۇل ئەزھەر — ھازىرقى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن : «ھازىر سىنىڭ ئالدىڭدا ئىككى يول بار : بىرى ، شىياڭگاڭغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن جەنۇبىي جۇڭگو ئارقىلىق يۇرتۇڭغا قايتىش ؛ يەنە بىرى ، موسكۋا ئارقىلىق بېيجىڭغا ياكى ئۇلانباتورغا بېرىپ ، شۇ يەردىن يۇرتۇڭغا قايتىش . لېكىن بۇ يوللاردىن ماشىنا ، پاراخوت ، ئايروپىلانلار بىلەن ماڭسەن ، كىراغا نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ .» ئەنىبراجىم يېنىدىكى پۇللارنى ھېسابلاپ ، بۇ يولنىڭ يىرىمىغىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەن ۋە ئاخىر نائۇمىد ئەرەبىستانغا قايتا كېلىپ ، ئۇزۇنغا قالماي ، دەرد - ھەسرەتتە ئۆلۈپ كەتكەن ...

مانا بۇ — ئانا يۇرت ، ئانا تۇپراق ، ۋەتەن سۆيگۈسى ، جۇدالىق دەردى ۋە مۇساپىر ئىنسان قىسمىتى توغرىسىدىكى يۈرەكنى ئېزىدىغان يالقۇنلۇق بىر ھېكايە !

دېمىسىمۇ ، دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك نەرسە — ۋەتەن ! چۈنكى ، ئىنسان ۋەتەنسىز يارىتىلمىغان ، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ يەر شارىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ۋەتىنى بولىدۇ ، ئۇ ئەنە شۇ ۋەتىنىنى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ ، بۇ سۆيگۈ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق سۆيگۈدىن نەچچە ھەسسە بۈيۈك بولىدۇ . ئىنساننىڭ تىلى ھەمىشە ۋەتەن دەپ سۆزلەيدۇ ، يۈرىكى ۋەتەن دەپ سوقىدۇ . شۇڭا ، ھەرقانداق ئادەم ئۆز ۋەتىنى ، ئۆز ئەھلى ئىچىدە ئەزىز !

ئىككىنچى ھېكايە مۇنداق ئىدى : ئاقسۇلۇق ساۋۇر ھاجىم ئىسىملىك بىر مۇھاجىر ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن ، مەككىدە بىر ئەرەبنىڭ ۋەيرانە بىر پارچە يېرىنى سېتىۋېلىپ ، ئۇ يەرگە ھەشەمەتلىك قورۇ - جاي سالىدۇ . بىر كۈنى ئۇ كىشى تىجارەت بىلەن تۈركىيەدىن كەلگەن بىر مېھماننى باشلاپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلسە ، بىر ئەرەب موزدۇزنىڭ دەرۋازىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا دۇكان قورۇپ ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ ، ساۋۇر ھاجىم ئۇنى نېرى كېتىشكە بۇيرۇغاندا ، ئەرەب

مۇزدوز تەرىنى تۇرۇپ، زەردە بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «نېرى كېتىدىغىنى مەن ئەمەس، بەلكى سەن كەلگىنىدى! بۇ يەردە سېنىڭ ھېچقانداق ھەققىڭ يوق! بۇ زېمىن، بۇ يەر بىزنىڭ! سەن بولساڭ بىزنى ئالداپ تاپقان پۇللار بىلەن بۇ يەرگە جاي سېلىۋالدىڭ! شۇڭا، سەن كېتىشىڭ كېرەك! ...»

بۇ سۆزلەر ساۋۇر ھاجىمنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، پۇت - قوللىرى تىترەپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالىدۇ، ئەمما ئۇ، مېھماننىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، مۇزدوزغا نۇرغۇن پۇل بېرىپ، ناھايىتى تەسلىكتە ئۆز ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىۋالىدۇ! ...

مانا بۇ — ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلسا مۇساپىر بولىدىغانلىقىنى، خورلىنىپ كۆڭلى سۇنىدىغانلىقىنى، قەدرى چۈشۈپ غېرىب بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئاچچىق پاكىت!

ئۇ يەردىكى مۇھاجىرلار ھازىر يۇرتىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا كۆزىگە خىيالىي ئېلىنىپ قالغان كارتىنىلىرىنى يۈرىكىنىڭ ئەڭ تۆرىدە ساقلاپ، ئەسلەپ كېلىۋېتىپتۇ. كۆپلىرى تېخى ئۆزلىرى بىلمىگەن، تۇغۇلۇپ ئۆسمىگەن، ئەمما ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يۇرتى ھېسابلانمىش تۇپراقنى ۋەتەن دەپ، ئىپتىخار بىلەن سۆزلەپ يۈرۈپتۇ. بۇ يۇرت تۇپرىقىنى كۆزلىرىگە سۈرتمەك، ئۇنىڭ ئېرىقىدىن بىر ئوچۇم سۇ ئىچمەك، داستىخىنىدىن بىر توغرام نان يېمەك ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى.

بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئەركىن - ئازادە ياشايدۇ، موھتاجلىقنى بىلمەيدۇ، سەزمەيدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا سىز بىلەن مەن دەرھال سېزىۋالمايدىغان ناھايىتى ئېغىر بىر موھتاجلىق باركى، بۇ موھتاجلىق ھەممە مۇكەممەللىكنى، ھەممە پاراۋانلىقنى ئەستىن چىقىرىپ، موھتاجلار جىسمىنى يالغۇزلۇق، غېرىبلىققا يېتەكلەيدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار توقلۇقتىن

بىئارام بولىدۇ، خۇشال ـ خۇرام چاغلىرىدىمۇ ئۇنىسىز پەرياد ۋۇجۇدلىرىغا تىنچلىق بەرمىگەنلىكى سەۋەبلىك قاتتىق ئازابلىنىدۇ . بۇ ئازاب دۇنيادا ھەممىدىن ئەزىز بولغان ۋەتەننى سېغىنىش ئازابىدۇر ! ...

بۇ ھەقتە كلاسسىك شائىرىمىز زەلىلى ناھايىتى جانلىق ھەم ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق دېگەن : «باشقا يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ يۇرۇپ پادىشاھلىقنى قولغا كەلتۇرسەڭمۇ ، ھامان دىلى سۇنۇق بۇلبۇلدەك غۇربەتچىلىكتە ئۆتىسەن ، ئۆز يۇرتۇڭنىڭ پىراقىدا ئۆرتىنىسەن ! ئۆزگە يۇرتتا پادىشاھنىڭ نېمەت بىلەن تولغان داستىخىنىدىن ئالغان ھەربىر تال قەنت ـ گېزەك سەن ئۇچۇن زەنجىر ـ كىشەن بولىدۇ ! »

كېيىنكى كۇنلەردە ، ھەج سەپىرىدە ئاڭلىغان ئەنە شۇنداق قىسقا ، تەسىرلىك ھېكايىلەر مېنىڭ قەلبىمدە قايتىدىن باش كۆتۇرۇپ ، مەندە بىر خىل قىزغىن ئىجادىي ھاياجاننى قوزغاشقا باشلىدى . لېكىن تاسادىپىي ئەھۋالدا ئاڭلاپ قالغان مۇنداق بىر-نەچچە قىسقا ھېكايە يۇزەكى تەسىراتلارغا تايىنىپ ، بىرەر يىرىك ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، مەن 1994 ـ يىلى ئەرەبىستاندىكى تونۇشلارغا خەت يېزىپ ، ئۇ يەردىكى ۋەتەنداشلارنىڭ ھاياتى توغرىسىدا بىرەر پارچە ئەسەر يېزىش مۇددىئايىمنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇردۇم ۋە مېنى يەنە بىر قېتىم ئەرەبىستانغا تەكلىپ قىلىپ ، تېخىمۇ چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق تۇرمۇش ئۆگىنىشىمگە ياردەم قىلىشىنى ئۆتۇندۇم . نىيىتىمگە يارىشا ، 1995 ـ يىلى يانۋاردا زىيارەت چاقىرىقنامىسى كەلدى ، مەن دەرھال تەييارلىق قىلىپ ، فېۋرالدا پاكىستان ئارقىلىق ئەرەبىستانغا بېرىپ قىرىق نەچچە كۇن تۇردۇم . بۇ جەرياندا ، بۇرۇن بارمىغان بەزى شەھەرلەرگە باردىم ، بەزى كىشىلەرنى نۇقتىلىق زىيارەت قىلىپ ، نۇرغۇن خاتىرە قالدۇردۇم . ئەرەبىستان تارىخىنى ، ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەرنى ئۆگەندىم .

شۇنداق قىلىپ ، كاللامدا بىر ئەسەرنىڭ سۇژىت لىنىيىسى بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازى ئاستا - ئاستا شەكىللىنىشكە باشلىدى .

يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ . ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياجىنى ئىجتىمائىي رېئاللىق قوزغىغان ھېسسىيات دولقۇنىنىڭ قايسى نىشانغا قاراپ ئۆركەشلىشىگە باغلىق . ئەرەبىستاندا مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن نەرسە قاقدىقتۇر بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ تارىختىن بۇيان ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ، جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايەۋەقەلىكلىرى ئەمەس ، بەلكى ئۇ يەردە ناھايىتى باياشات ، ئەركىن - ئازادە ياشاۋاتقان ۋەتەنداشلارنىڭ ئانا يۇرت ، زېمىن سۆيگۈسى ، جۇدالىق دەردى ، ۋىسال ئۈمىدى ۋە مۇساپىرچىلىق يولىدا چېكىۋاتقان قاتتىق روھىي ئازابى ئىدى . شۇڭا ، «سەرسان روھ» دىكى مەركىزىي ئىدىيە مانا شۇنداق ھېسسىيات يالقۇنىنىڭ لاۋۇلدىشىدىن پەيدا بولدى .

ئەينى چاغدا ، كۆپ قىسىم نادان ئەرەبلەردە : «ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم بىزنىڭ تىلىمىزدا چۈشكەن ، پەيغەمبەرمۇ بىز ئەرەبلەردىن كەلگەن» دېگەن قاراش بولغاچقا ، ئۇلاردا تەلۋىلەرچە ماختىنىش ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي چەتكە قېقىش خاھىشى ئېغىر ئىدى. بۇ ھال باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ ، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى (بەزىلەر تىجارەت ئۈچۈن ، بەزىلەر تۈيۇقسىز قازا قىلغان ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئۈچۈن ، كۆپ قىسىملار بولسا قايتىش يولىنىڭ تاقالغانلىقى ئۈچۈن ) ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارنىڭ ئازابىغا ئازاب قوشۇپ ، ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ قىسىۋەتكەنىدى . شۇنداقتىمۇ ، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشاشلىقى سەۋەبىدىن ، مۇساپىر - مۇھاجىرلارنى ئۆز كۆرىدىغان ، دىنىي قېرىنداش دەپ قاراپ ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ، ھالقىلىق پەيتلەردە ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان ياخشى نىيەتلىك ، ئالىيجاناب ئەرەبلەرمۇ بار ئىدى . ئەگەر ئۇنداق بولمى-

www.uyghurkitap.com

غان بولسا، ئۇلار 50 — 60 يىلدىن بېرى ئۇ يەردە يىلتىز تارتىپ، ئىگىلىك تىكلەپ، جاھانسازلىق قىلالمىغان بولاتتى. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە، مۇساپىر ـ مۇھاجىرلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەش، ۋىجدانلىق، ھالال ياشاش روھىمۇ ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ھەم باشقىلارنىڭ قايىللىقىنى قوزغاشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان. ئۇلار ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ئۇلار ئىچىدىن بىرمۇ ئادەم ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق دېگەندەك ئىجتىمائىي جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلىنىپ، قانۇنىنىڭ، شەرىئەتنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ باقمىغان. بۇ ھال ئۇلارنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى ئىززەت ـ ھۆرمىتى، قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە مۇساپىرلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە ھىممەت ـ ساخاۋىتى بىلەن مەككە شەھىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەم ئىسلام مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان. مەسىلەن، مەككىدىكى كاتتا ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىشىكى بىلەن كەبىنىڭ يوپۇقىدىكى كۆركەم، گۈزەل ئايەتلەرنى قاغىلىقلىق ئابدۇرېھىم ئىمىن دېگەن كىشى ئالتۇن سۈيى بىلەن نەقىشلەپ يازغان؛ 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئەرەبىستانغا كەلگەن داۋۇت بەگ دېگەن كىشى بەيتۇللا ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ سۇدىن قىينالغانلىقىنى كۆرۈپ، نۇرغۇن ئىقتىساد بىلەن ھەرەمنىڭ يېنىغا بىر قۇدۇق قازدۇرغان. قۇدۇقتىن ناھايىتى تاتلىق، مول سۇ چىققان، كېيىن بۇ قۇدۇقنى چۆرگىلىتىپ ئىككى قەۋەتلىك شىپاڭ شەكىللىك مەدرىسە سالدۇرغان. ھەر مىللەت تالىپلىرى بۇ يەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەم ناھايىتى ئوبدان سەگىدىگەن. كېيىنكى كۈنلەردە، ئەرەبلەر بۇ يەرنى داۋۇت بەگنىڭ نامىنى يادقا قىلىپ «داۋۇدىيە» دەپ ئاتىغان. دېمەك، ئۇيغۇر مۇساپىرلار ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ ھالال تەرى، پاك، جاپالىق ئەجرى بىلەن ئۆزىنىڭ

قەدىر ـ قىممىتىنى تىكلەپ ، ئەرەبلەرنىڭ ، ھەتتا ئۇلارنىڭ 60 ـ يىللاردىكى پادىشاھى فايسالنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان .
مېنىڭ ئەرەبىستاندا ئىككىنچى قېتىم ئېلىپ بارغان قىرىق نەچچە كۈنلۈك زىيارىتىم ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھەم ئۈنۈملۈك بولدى . مەن بۇ جەرياندا نۇرغۇن خام ماتېرىيال خاتىرىسىگە ، تۇرمۇش جۇغلانمىسىغا ، قىممەتلىك ئەسلىمىلەرگە ھەم چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم . چىخوف : «مەن پەقەت خاتىرە ۋە ئەسلىمىلەرگە تايىنىپلا يېزىقچىلىق قىلىمەن » دېگەنىدى . مانا بۇ ، تۇرمۇشقا سادىق بولۇش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈ-رۈش بولىدۇ . ھەقىقىي سەنئەتنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشتىن كېلىد-دۇ ، پېرسوناژلارنىڭ قىممىتىمۇ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ چىنلىقىدا .
مېنىڭچە ، يازغۇچىنىڭ ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ چىن ياكى چىن ئەمەسلىكىنى سىنايدىغان ئاددىي بىر ئۇسۇلى ئۆز ـ ئۆزىگە : «مەن ئۇنى يازغاندا ، زادى قانچىلىك راست ئادەمنى ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى قىلدىم ؟» دەپ سوئال قويۇشتىن ئىبارەت .
مەيلى ئىجابىي ، مەيلى سەلبىي ئوبراز بولسۇن ، مۇھىمى ئەسەردە تىرىك ئادەملەر ئەكس ئېتىشى كېرەك . پېرسوناژلارنىڭ پۈتى يەردىن ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ، ئوقۇرمەنلەر ئۇنى كۆرۈپ ، سۆھبەتلىشىپ يۈرگەن قەدىردانلىرى قاتارىدا ھېس قىلىشى كې-رەك .
مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، مەن يازماقچى بولغان پېرسوناژ-لىرىم ئۈچۈن بۇ يەردىن خېلى كۆپ ئارقا تىرەكلەرنى ، يەنى تىرىك ئادەملەرنى تاپقانىدىم . لېكىن ، ئىش بۇنىڭ بىلەنلا پۈت-مەيتتى . چۈنكى روماندا دەۋرنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى ، خىلمۇ خىل زىددىيەتلىرى ، پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ كەچۈرمىشلىد-رى ، چوڭقۇر ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ۋە مەنىۋى ئۆزگىرىشلىرى ئەكس ئېتىشى كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ھەر تەرەپلىمە ماتېرىيال توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش لازىم ئىدى . شۇڭا مەن

www.uyghurkitap.com

ئەرەبىستاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ماتېرىيال توپلاش ، ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزە قىلىشنى بىر كۈنمۇ توختاتماي قويماي- دىم . قەشقەر ، خوتەن ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ، ئازاد- لىقتىن بۇرۇن ھەجگە بېرىپ قايتىپ كەلگەنلەرنى ئىزدىدىم . قەشقەردىن نىزامىدىن قاراجىم قاتارلىق ئۈچ ئادەمنى تېپىپ بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشتىم ، مارالۋېشىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزد- سىدىن ھېلىم ھاجىم ئىسىملىك بىر دىنىي ئۆلىمانى تاپتىم ، كۈچادىن ئەينى ۋاقىتتا ئاتچىلىق قىلىپ پاكىستانغا بىرنەچچە قېتىم بارغان بىر كارۋان بېشىنى تاپتىم . ئۇلار مېنى نۇرغۇنلىد- غان جانلىق ، تەسىرلىك ھەم ئېچىنىشلىق ھايات سەرگۈزەشتىلىد- رى بىلەن تەمىنلىدى . ئۇلار ئەينى چاغدا ھەج ئىشقىنى دىلىغا پۈكۈپ سەپەرگە چىققاندا ، ئالدى يىگىرمە ياش ، كەينى ئون بەش ياشلىق ئۆسمۈر باللار ئىكەن . مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە سوزۇلغان جاپالىق ، خەتەرلىك سەپەر ئۈستىدە بېشىدىن ئۆتكەن ئاجايىپ مۈشكۈلاتلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇلارنىڭ جاسارىتىگە ، ئىرادىسىگە ۋە چىدام غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم . «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دېگەن سۆز شۇ چاغلاردىن يادنامە بولۇپ قالغان ھېكمەت بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ قالدىم .

دېمەك ، ھەرقانداق ئەسەردە تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنىڭ ئىز- ناسى ، ئاۋازى ، تىنىقى ۋە سەرگۈزەشتىسى بولىدۇ ، ئۇ ھەرگىز- مۇ ئاسماندىن چۈشكەن خىيالىي نەرسە ئەمەس . ئۇنىڭغا قوشۇلد- دىغىنى ، پەقەت يازغۇچىنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇرى . تەسەۋۋۇرنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى ، ئادەم قەلبىنىڭ ئەركىن پەرۋازىدىن ئىبا- رەت !

يازغۇچىنىڭ رېئاللىققا بولغان تونۇشى قانچىكى چوڭقۇر بولسا ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى شۇنچە كۈچلۈك ، مۇھەببەت - نەپرىتى شۇنچە ئېنىق بولىدۇ . نەتىجىدە ، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئومۇملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ . مەن

ئۇزۇن مەزگىل ئىگىلىگەن خام ماتېرىياللارنى تېپىكلەشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزۈمنىڭ ئىستېتىك غايىسىگە ئاساسەن، پېرسوناژ، ۋەقە، مەنزىرە ۋە شارائىت قاتارلىق كىشىلىك تۇرمۇش مەنزىرىسىنى يارىتىشقا كىرىشتىم. بۇ چاغدا، مەندە رەڭمۇ رەڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق شەكىللەنگەن گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭ تۇرتكىسىدە پەيدا بولغان قىزغىن ئىجادىي ھاياجان يېتەرلىك ئىدى. شۇڭا، ئەسەر ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلىشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئىجادىيەت جەريانىدا يولۇققان بەزى كونكرېت مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئىدى. مەن بۇ يەردە نۇقتىلىق ئىككى مەسىلە ئۈستىدىلا توختىلىمەن: بىرسى، ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرى بولغان ئەكبەرنىڭ مۇھەببەتلىك شەخسىي تۇرمۇشى مەسىلىسى؛ يەنە بىرى، رومانىنىڭ ئىسمىنى قانداق قويۇش مەسىلىسى.

بىرىنچى مەسىلە ئىجادىيەت جەريانىدا مېنى خېلى چوڭقۇر ئويلاندۇرغان مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، ئەرەبىستاندەك ئەركىن نىكاھ، ئەركىن مۇھەببەت دەپ قىلىنغان، فېئوداللىق ئەخلاق قارىشى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئاشۇنداق بىر زېمىندا ئەكبەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلىپ، بىر ئەرەب قىزىغا ئاشكارا مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىقىنى يېزىش ھەقىقەتەن تەس ھەم مۇشكۇل ئىش ئىدى. ئەگەر، بۇنىڭدا سەللا بىپەرۋالىق قىلىنسا، چوڭ كۆڭۈلسىزلىككە، غوۋغاغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مەن مەككە ـ مەدىنىدە تۇرمۇش ئۆگىنىپ يۈرگەندە، زىيارەت قىلغان ئادەملىرىمنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك ئەركىن نىكاھ ۋە ئەركىن مۇھەببەتكە دائىر ئىشلارنى — مەيلى ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ياكى باشقىلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بولسۇن — كوچىلاپ سورىغانىدىم. مەقسىتىم، بۇ ئىش توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ مۇددىئاسىغا يېقىنلىشىدىغان بىرەر ئەمەلىي

مىسالنى تېپىش ئىدى . لېكىن ھېچكىم بۇنىڭغا مەن قانائەتلەنگۇ-
دەك جاۋاب بەرمىدى ، ئۇلار ئەتەي ئۆزىنى قاچۇردىمۇ ياكى ئەمە-
لىي ئەھۋال راست شۇنداقمۇ بىلەلمىدىم . قانداق قىلىش كېرەك؟
ئەسەردە ئەركىن نىكاھ ، ئەركىن مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئىشق-
مۇھەببەت سەھىپىلىرىنى يېزىش كېرەكمۇ ياكى يازماسلىق كې-
رەكمۇ ؟ يازاي دېسەم ، مۇبادا ئەسىرىم كىيىنكى كۈنلەردە ھەر-
خىل يوللار بىلەن ئەرەبىستان تەرەپلەرگە چىقىپ قالسا ، ئۇلار-
نىڭ ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشى بىلەن شەرىئەت ۋە جەمئىيەت
نىزاملىرىغا مۇخالىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، بىرەر پېشكەللىككە
يولۇقسا قانداق قىلغۇلۇق ؟ يازماي دېسەم ، ئەكبەردەك يەتتە ئەزا-
يى پۈتۈن ، ھېسسىياتى ساغلام ، تۇرمۇشتا قىزغىن ، ئىنتىلىش-
چان بىر ياشنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى مۇنداق نازۇك ، مۇقەررەر
بىر ئۆتكەلدىن ئۆتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس . ئەگەر ئۇ ، بۇ
ئۆتكەلدىن ئۆتمەي ئەتەي ياندap كەتسە ، گويا ئەسەردە بىر كەم-
تۈكلۈك ، قەستەن قالدۇرۇلغان بىر بوشلۇق پەيدا بولۇپ قالىدى-
غاندەك ھېس قىلاتتىم . دېمىسىمۇ ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە تۇرمۇش-
نىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە قەھرىمانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش
جەريانى تەسۋىرلەنمىسە ، ئۇ كەمتۈك ، سۈنئىي بولۇپ قالىدۇ ،
گەرچە ئۇنىڭدا بەزى كەمچىلىك ، سەۋەنلىكلەر سادىر بولسىمۇ ،
لېكىن ئۇ كىشىلەرگە يەنىلا سۆيۈملۈك بولۇپ قېلىۋېرىدۇ .
ئاخىر ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا ، ئۆزۈمنىڭ ئېستېتىك غايىسىگە
ئاساسەن ، ئەكبەرنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى توغرىسىدا ئىككى
بابنى تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن توقۇپ چىقتىم . چۈنكى ، مېنىڭ
نەزىرىمدە ، ئىنسان بالىسىنىڭ ، بولۇپمۇ بالاغەتكە يەتكەن ياشلار-
نىڭ يات جىنسلارغا ، ئەركىن سۆيگۈ ــ مۇھەببەتكە ئىنتىلىشى
مۇقەددەس ھەم مۇقەررەر نەرسە . بۇنى قانداقتۇر دىنىي ئەخلاق ،
شەرىئەت ئەھكامى ، دۆلەت چېگرىسى ۋە جەمئىيەت نىزامى دېگەن-
دەك نەرسىلەر بىلەن توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ . مۇبادا ، ئۇنى



www.uyghurkitap.com

ئاشكارا چەكلىسە ، ئۇ يوشۇرۇن ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋې-
رىدۇ . شۇڭا ، مەن بۇ مەسىلىنى ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ قارىشىغا
ئاساسەن ، رومانىنىڭ «ئىشق سەۋداسى» ، «غايىب بولغان مە-
شۇق» دېگەن ئىككى بابىدا خېلى تەپسىلىي يازدىم . گەرچە ،
ئەكبەر بىلەن ئەرەب قىزى ھەبىزەنىڭ تۇنجى سەبىي مۇھەببىتى
پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشسىمۇ ، لېكىن ئىككى ياشنىڭ قەلبىدىكى
پاك مۇھەببەت ھامان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆز مۇقەددەسلىكى
بىلەن ئۇلۇغلىنىپ قېلىۋېرىدۇ . ئەكبەرمۇ ئۆزىنىڭ بۇ تۇنجى
مۇھەببەت پاجىئەسىدىن پۈتۈنلەي ئۇمىدسىزلىنىپ ، ئۆزىنى يو-
قىتىپ قويمايدۇ . بەلكى ھاياتنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ ،
مۇرەككەپ ، ئەگرى - توقاي تۇرمۇش يوللىرىدا تېخىمۇ پىشىپ
يېتىلىدۇ . بۇ بىزگە ئادەمنىڭ غايىسى تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇ-
شەققەتلىرىگە قانچە يېقىن يەردىن تۇغۇلسا ، ئۇ شۇنچە مۇستەھ-
كەم ، كۈچلۈك ۋە ھاياتىي بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .
ئىككىنچى مەسىلە — رومانىنىڭ ئىسمىنى قانداق قويۇش
مەسىلىسىمۇ مېنى خېلى كۆپ ئويلاندۇرغان مەسىلە بولدى .
ھەممىگە ئايانكى ، بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىسمى چوقۇم
ئۆزىگە يارىشا بولۇشى ، يەنى ئەدەبىي ، ئىخچام ، تارتىملىق بولۇ-
شى كېرەك . بۇ جەھەتتە ئۇستاز يازغۇچىلار بىزگە كۆپ ئۈلگە-
لەرنى يارىتقان . بالزاك تەكلىپكە بىنائەن «پارىژ ژۇرنىلى»نىڭ
تۇنجى سانىغا بىر پوۋېست يازغان ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى قانداق
قويۇش مەسىلىسىدە كۆپ باش قاتۇرغان . ئۇنىڭ ئاغىنىسى گور-
لاننىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ : بالزاكنىڭ ئىسىم تاللاش-
تىكى تەلىپى يۇقىرى ئىدى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ، ئەسەرنىڭ ئىسمى
خۇددى چىش يىلتىزى چىشقا ، چاچ يىلتىزى چاچقا ، تىرناق
گۆشكە توغرا كەلگەندەك توغرا كېلىشى كېرەك ئىدى .
بالزاك يۇقىرىدا ئېيتىلغان پوۋېستىغا ئىسىم تاللاش ئۈچۈن

گورلاننى ياردەمگە تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇلار ئىككىسى پارىژ كوچىلىرىنى ئالا قويماي ئايلىنىشقا باشلىغان، كوچىلاردىكى نۇرغۇن ۋىۋىسكىلارنى كۆرگەن، ئۇلار مىڭدەك ۋىۋىسكىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما بالزاكقا يارىغۇدەك ئىسىم چىقمىغان. ئۇلار يەنە ئايلانغان، پارىژدىكى رەستە - كوچىلارنىڭ يېرىمىنى دېگۇدەك پىيادە كەزگەن، گورلان ئەپەندى ھېرىپ زېرىككەن، كەتمەكچى بولغان، لېكىن بالزاكنىڭ يالۋۇرۇشى بىلەن يەنە ئىككى كوچىنى ئايلانغان، ئاخىرىدا، تار، قاراڭغۇ بىر كوچىدىكى قىڭغىر - سىڭغىر بىر ۋىۋىسكا بالزاكنىڭ دىققىتىنى تارتقان، بالزاك ھاياجانلانغان، خۇشاللانغان. ئۇ يەردىن «ماكا» دېگەن بىر ئىسىمنى تاپقان. لېكىن گورلانغا بۇ ئىسىم يارىمىغان، بالزاك بولسا: «بۇ ئىسىمنى ئىشلىتىمەن، قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن جاراڭلىق، شۆھرەتلىك ئىسىم! بۇ ئىسىم ماڭا بىر پەيلاسوپنى، بىر ئۇلۇغ سىياسىئوننى، بىر شائىرنى نامايان قىلغاندەك بولۇۋاتىدۇ، ھېكايەمنىڭ باش قەھرىمانىمۇ ھەم ئىسمىمۇ ‹ماكا› بولسۇن!» دېگەن. كېيىن، گورلان سۈرۈشتە قىلسا، بۇ ئىسىمنىڭ ئىگىسى ئاددىي بىر كىيىم تىككۈچى ئىكەن. بۇ چاغدىمۇ بالزاك: «كېرەك يوق، مەن ئۇنى شۆھرەتلىك، ئۆلمەس قىلىۋېتىمەن!» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بالزاك پوۋېستىنىڭ ئىسمىنى «Z. ماكا» دەپ قويغان.

بىز بۇ كىچىككىنە قىستۇرمىدىن ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتكە بولغان قىزغىن، ئەستايىدىل پوزىتسىيىسىنى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مەن رومانىنىڭ ئىسمىنى قويۇشتا گەرچە يۇقىرىقىدەك جاپالىق ئىزدەنمىسەممۇ، ھەر ھالدا قېتىرقىنىپ باش قاتۇردۇم. مېنىڭ نەزىرىمدىمۇ، رومانىنىڭ ئىسمى چوقۇم ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولۇشى، بىر قاراشتىلا كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشى

كېرەك. شۇڭا، دەسلەپ قويۇلغان «قۇتلۇق سەپەر»، «يۇرت سۆيگۈسى»، «قەشقەردىن مەككىگىچە» دېگەن نامزات ئىسىملار بىرمۇ بىر نەزىرىمدىن ساقىت بولۇپ كەتتى. ئاخىرىدا، مەن پۈتكۈل رومانىنىڭ ئاساسىي روھىنى بىرمۇ بىر كاللامدىن ئۆتكۈزدۈم ھەم ئىككى قېتىملىق ئەرەبىستان سەپىرىدە مەن زىيارەت قىلغان بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ھايات كەچمىشىنى، روھىي ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. مانا شۇ چاغدا مېنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىمدا، گەرچە جىسمى باياشاتچىلىقتا ئەركىن - ئازادە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن روھىي غۇربەتچىلىكتە سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۈرمىڭ ئادەملەرنىڭ مىسكىن، بىچارە ھالىتى نامايان بولغاندەك بولدى. بۇ نامايانلىق مېنىڭ پىكىر يوللىرىمنى ۋاللىدە ئېچىپ، «سەرسان روھ» دېگەن ئىسىمنى تەۋەللۇت قىلدى.

مېنىڭچە، بۇ ئىسىم خۇددى بالزاك ئېيتقاندەك: «ئەسەرگە قويۇلىدىغان ئىسىم جەزمەن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، خۇددى بىر زەمبىرەك يىراقتىنلا ئۆزىنى ‹مەن زەمبىرەك› دەپ تونۇشتۇرالىغاندەك تونۇشتۇرۇپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك» دېگەن تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەپ قارايمەن.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ «سەرسان روھ» رومانىنى يېزىش جەريانىدىكى ئىزدىنىش ۋە ئوي - پىكىرلىرىم. بۇنىڭ ياش ئەدىبلەر بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە كىچىككىنە بەدىئىي دىت سۈپىتىدە پايدىسى تەگسە، مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال.

2001 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سىز قويغان قەلەمنى مىڭلار قولىغا ئالىدۇ

«ھەممە سۆزىدىن ئالدۇق نەپ ـ مەنپەئەت،
ئېيتىدۇ يەر ـ جاھان ئۇنىڭغا رەھمەت.
تارىختىن، ئۆزگە تەئەللۇق نەرسە —
تارقالدى كەڭ ئاۋام ئىچىگە ئەبەد.
ئۇ گويا نۇرلىنىپ ئاققان بىر يۇلتۇز،
ھە، بۇ نۇر چاقنايدۇ، ئۆچمەيدۇ ئەبەد.»

— گېيۇتېنىڭ شېللېر ۋاپاتىدا ئوقۇغان مەرسىيىسى

ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى. ئۇ خۇددى تۇيۇقسىز ئاققان ئاقار يۇلتۇزدەك ئارىمىزدىن بىمەھەل كەتتى.

ئۇ راستىنلا ئارىمىزدىن مەڭگۈ كەتتىمۇ؟! ياق، ئۇنىڭ 45 يىللىق ئىجادقا تولغان يالقۇنلۇق ھاياتى، كۆز ئالدىمىزدا چاقناپ تۇرغان شۆھرەتلىك شېئىرلىرى، مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسى ھەرگىزمۇ ئارىمىزدىن كەتكىنى يوق، مەڭگۈ كەتمەيدۇ.

ئۆزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنى «ئۆلۈم» دېگەن ئاشۇ شۇم سۆز بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئۇ ھامان «تۈگىمەس ناخشا»نى يازغان ۋاقىتتىكى جۇشقۇنلۇق تېيىپجان ياكى «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»نى يازغاندىكى مەردانە

تېيىپجان ۋە ياكى «ئەزرائىل ئالدىدا»نى يازغان ۋاقىتتىكى ئۆل-مەس تېيىپجان ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۆلۈم ئاخىر ئۇنى ئېلىپ كەتتى. بۇ رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ بارلىق سەپداشلىرىنى، تونۇش - بىلىشلىرىنى، شاگىرت ۋە ئىخلاسمەنلىرىنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى. ھەممەيلەن ئەمدى ئۇنىڭ مەردانە، خۇش چاقچاق ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى، راۋان، ھېسسىياتلىق يېڭى شېئىرلىرىنى ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ بىر نەرسىنى يوقاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

بۇگۈنكى ئاشۇ قايغۇلۇق، مۇسىبەتلىك كۈنلەردە، ئۇستاز شائىر توغرىسىدىكى بەزى ئەسلىمە، خاتىرىلەر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا قايتىدىن بىرمۇ بىر نامايان بولۇشقا باشلىدى...

مەن شائىر تېيىپجان بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئوقۇشلۇقلارغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى ئارقىلىق تونۇشقانىدىم. بالىلىق ۋاقىتتىكى تەسىرات ناھايىتى چوڭقۇر ھەمدە ئۇنتۇلغۇسىز بولىدۇ. شۇ چاغلاردا شائىرنىڭ «كۆز ئاخشىمى»، «ناخشاڭ بىلەن»، «كۆكلەم جىلۋىسى» قاتارلىق جۇشقۇن، يەڭگىل شېئىرلىرى بىلەن «تېيىپجان ئېلىيوپ» دېگەن يېقىملىق نامى ئاۋۋال تىلىمىزغا، ئاندىن دىلىمىزغا ئورناپ قالغانىدى.

تىل — دىلنىڭ ئەينىكى، دىل — روھنىڭ ئەينىكى دېگەن گەپ بار. مەن ئەنە شۇنداق ئەينەك ئارقىلىق شائىرنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭغا بىر خىل غايىبانە ئېتىقاد باغلىغان.

يىللار ئۆتتى، كېيىن مەن ئوقۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. بۇ چاغدا شائىرنىڭ بېشىغا «كۈن» چۈشۈپ، تۇرپانغا پالانغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كۆرۈش ۋە ئاددىي ھەۋەسكار سۈپىتىدە ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىدى. لېكىن، كېيىنكى تەقدىرىمدە كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىش بولدى. ئوقۇشنى تۈگىتىپ شائىر ئىشلىگەن ئىدارىغا خىزمەتكە كەلدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش، سۆزلىشىش ئىمكانـ
يىتى تۇغۇلدى. ئەپسۇسكى، مەن بۇ ئىدارىغا كېلىپلا يېزىغا –
سوتسيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە كەتتىم. مەن يېزىدىن قايـ
تىپ ئۇزاق ئۆتمەي، «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» پارتلىدى. شائىرمۇ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىـ
دىكى ئوقۇشىنى يېرىم يولدا توختىتىپ، ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ
كېلىندى. مەن شۇ چاغدا قەلبىمدىكى بۇ مەشھۇر ئادەم بىلەن
ھەقىقىي كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. لېكىن، مېنىڭ
بۇ تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشۈم تولىمۇ غەلىتە بولدى، يەنى
«ئىنقىلابىي ئامما»نىڭ «قارا گېزەندە» بىلەن كۆرۈشۈشى بولـ
دى. ...

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ھەممىگە مەلۇم. شائىرنىڭ بېـ
شىدىكى قالپاقلار بارغانسېرى كۆپەيدى، سىنىپىي چەك – چېگرا
ئېنىق ئايرىلدى. شائىر «سىنىپىي دۈشمەن» قاتارىدا قوشۇندىن
قوغلاپ چىقىرىلدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە يۈز بەرگەن ئەڭ
پاجىئەلىك ئىشلار ئىدى. ئەلۋەتتە، شائىر بىلەن گەپلىشىش،
بىر يەردە تۇرۇش قەتئىي مەنئى قىلىنغانىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە،
1970 – يىلىنىڭ بېشىدا ئىدارىمىزغا ئىشچىلار تەشۋىقات دۈيى
بىلەن ھەربىيلەر تەشۋىقات دۈيى كېلىپ، «كۈرەش قىلىش،
پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. بارـ
لىق ئىشچى – خىزمەتچىلەر ئىدارىغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. بىر
قىسىم ئىشخانىلار ياتاق قىلىندى. شۇ چاغدا، مەن تەقسىمات
بويىچە بىر نەچچەيلەن بىلەن بىللە تېيىپجان ئېلىيوپ ياتقان
ياتاقتا ياتتىم. بۇ چاغدا شائىر پۈتۈن ھەرىكەتنىڭ نۇقتىسى بوـ
لۇپ، كېچە – كۈندۈز مەسىلە تاپشۇراتتى، تەقىب ئاستىدا ياـ
شايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا خۇش چاقچاق، ئۈمىدۋار ئىدى.
كەچقۇرۇنلىرى ياتاقنىڭ جىمجىت كەيپىياتىنى بۇزۇش ئۈچۈن

ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتى. قىزىق ـ قىزىق لەتىپىلەرنى ئېيتاتتى، بەزىلىرىمىز ئىختىيارسىز كۈلەتتۇق، تەبىئىي ھالدا چاقچاقلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتۇق. كېيىن بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمغا بالا بولدى. ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى مەزگىلىدە، بىر قىسىم ياشلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلماقچى بولدى. مەنمۇ ئىلتىماس يازغانلارنىڭ بىرسى ئىدىم. لېكىن مەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىنمىدىم، بۇنىڭدا بىرلا سەۋەب بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ «سىنىپىي مەيدانى مۇستەھكەم ئەمەس» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ شۇ چاغدىكى «قارا يىپ»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» تېيىپجان ئېلىيوپتىن چەك ـ چېگرىنى ئايرىماي، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز ھەم چاقچاقلىرىغا ئارىلىشىپ قالغانلىقىمدىن بولدى. شۇ ئىشتىن كېيىن روھىم چۈشۈپ كەتتى. بۇنى تېيىپجان ئېلىيوپ سەزدى بولغاي، بىر كۈنى كەچقۇرۇن: «نېمە بولدىڭىز، بوغۇنۇقۇپ يۈرىسىزغۇ؟» دەپ سورىدى. مەن قىسقىلا قىلىپ: «تەشكىلىي مەسىلەم ھەل بولمىدى!» دەپ، ھەل بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتتىم. ئۇ ئادەم كۆتمىگەن يەردىن ماڭا: «مېنىڭچە سىز پارتىيىگە ئەركىنلەيدىكەنسىز، بۇنىڭغا دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، سىز تېخى ياش، ئۆزىڭىزگە قاتتىقراق تەلەپ قويۇڭ!» دېدى. بۇ گەپ ماڭا، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، تېخىمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. ئىچىمدە ئاچچىقلاندىم. كۆڭلۈمدە: «مەن قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسكەن بىر ياش، پارتىيىگە ئەركىلىمەي كىمگە ئەركىلەيتتىم» دەپ ئويلىدىم...

مانا شۇ ئىشلار بولۇپ، ئارىدىن توپتوغرا 14 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تېيىپجان ئاكا ئۆزى مېنى پارتىيىگە تونۇشتۇرۇردى ھەمدە مەنمۇ ھەممە جەھەتتىن خېلى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولغان بىر پارتىيە ئەزاسىغا ئايلاندىم.

شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە سۆرەلمە، تەلۋە يىللار ئۆتۈپ

كەتتى . شائىر بىلەن 1974 ـ يىلى قىشتا ، تۇرپان سەپىرىدە يەنە بىر قېتىم ھەمسۆھبەت بولدۇم . مەرھۇم پەتتارجان مۇھەم-مىدى بىزنى تويىغا تەكلىپ قىلغانىدى . بۇ چاغدا تېيىپجان ئاكا سۇرگۇندىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن مەسىلىسى تېخى ئۇزۇل ـ كېسىل بىر تەرەپ بولماي ئۆيىدە دەم ئېلىپ تۇرغانىدى . بىز — تېيىپجان ئاكا ، رەپىقىسى خەلچەم ۋە مەن كەچلىك پويىز بىلەن مېڭىپ ، تاڭغا يېقىن تارلاڭ بېكىتىگە يېتىپ بار-دۇق . ئۇ يەردە بىزنى بىر ئېشەك ھارۋىسى كۈتۈپ تۇرغانىكەن . بىز تۇرپان ۋادىسىغا قاراپ خۇددى كۆمۈش لېنتىدەك سوزۇلۇپ ياتقان تارلاڭ ئۆستىڭىنى ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتۇق . سۇبھى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەنىدى ، ھاۋا سوغۇق ، تاغ تەرەپتىن ئاچچىق تاغ شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى . بىز جۇۋا ، كۆرپىلەرگە يۆگىنىۋالغانىدۇق . ھارۋىنىڭ يېنىك تەۋرىنىشى بىلەن مېنى شېرىن ئۇيقۇ باستى ، خەلچەممۇ مۈگدەپ قالغانىدى . شائىر بىزنى ئويغىتىپ :

— قاراڭلار سىلەرنى ، جاھاننىڭ كۆزى ئەمدى ئېچىلىۋاتسا ، سىلەر كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋالغىنىڭلار نېمىسى ؟ ! تەبىئەتنىڭ سەھەردىكى بۇ گۈزەللىكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ ؟ ئوبدان كۆرۈڭلار ، ئادەمنىڭ يۈرىكى يايراپ قالىدۇ ، — دېدى .

تېيىپجان ئاكىنىڭ يىراقلارغا تىكىلگەن كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۇپۇقتا قىزىرىپ كۆتۈرۈلگەن كۆركەم تاڭ شەپىقىگە ، چەكسىز سوزۇلۇپ ياتقان مۇنبەت ۋادىغا ، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئېسىل نامايەندىسى بولغان كارىزلارغا شائىرانە نەزەر ، شائىرانە تەپەككۇر ، شائىرانە ھاياجان بىلەن تويماي قارايتتى ، بىر ئازدىن كېيىن ، شائىر خۇددى تەبىئەتكە خىتاب قىلغاندەك ، مەردانە ، يېقىملىق ئاۋازدا تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى :

«يەتمەكلىك ئىبرۇر مۇشكۇل ، مەقسەتكە يېتەر كىم بار ،
كۆن خىرەيۇ ، تۈن تىرەن ، ئات ئاقساق ، يول تايغاق . »

شائىر چوڭقۇر بىر خۇرسىنىپ جىم بولدى . مەن قىزىقىپ سورىدىم :

— ئەتىگەندىلا ئىلھام كەپتۇ - دە ! ھازىرلا كۆڭلىڭىزدە يازدىڭىزغۇ دەيمەن ، داۋامى باردۇ ؟

ئۇ ئاستا بېشىنى چايقىدى :

— ياق ، بۇ مېنىڭ ئەمەس ، نەۋائىينىڭ غەزىلى .

مەن شۇ ھامان غەزەلنى كىچىككىنە خاتىرە دەپتىرىمگە يېزىۋالدىم . بۇ قىسقىلا ئىككى مىسرا غەزەلدە شائىرنىڭ شۇ چاغدىكى ھەسرىتى ، ناتىۋانلىقى ۋە رېئاللىققا بولغان نارازىلىقى مۇجەسسەملەنگەندى .

بىر تۇرپاندا بىرنەچچە كۈن تۇردۇق ، بۇ جەرياندا شائىرنىڭ مەندە قالدۇرغان ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتى — ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان چوڭقۇر ، يۈكسەك مۇھەببىتى ئىدى . راستىنى ئېيتسام ، مەندە ئۇ چاغلاردا پىشقەدەم يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بىھۇدە كۈلپەتلەرنى كۆرۈش نەتىجىسىدە ئەدەبىياتتىن سوۋۇش ، ئىجادىيەتتىن يالتىيىش خاھىشى تۇغۇلغانىدى . لېكىن ، مەن ئەدەبىيات ئۈچۈنلا شۇنچە بالايىئاپەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھېچقانداق چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكلەرنى كۆرمىدىم . ئۇ ئازغىنە ۋاقتىنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمەي ئوقۇيتتى ، ئويلايتتى . مۇلاھىزە قىلاتتى . شۇ كۈنلەردە بولغان بىر ئىش ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ :

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ناھايىتى يېقىملىق ، خۇش نەپەس بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم . ئاستا كۆزۈمنى ئاچسام ، تېيىپجان ئاكا ياتقان ئورنىدا يوتقاننى دۈمبىسىگە ئارتىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئىككى ياققا يېنىك تەۋرەنگىنىچە بىر نەرسىلەرنى

ئوقۇۋېتىپتۇ . مەن خىيالىمدا : «بۇ ئادەمنى كىشىلەر تىپىپ قارى دەيدىكەن ، بەلكىم ئۇ قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم . لېكىن ئوبدانراق زەن سېلىپ ، ئوقۇۋاتقان نەرسىلەر-نىڭ ئايەت ئەمەس ، شېئىر ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتىم . بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ، ياستۇق ئۈستىدە كونا بىر كىتاب ئېچىقلىق تۇرۇپتۇ . شائىر ئوقۇشتىن توختىغاندا ، مەن تەئەججۈپ بىلەن سورىدىم :

— شۇ كۈنلەردىمۇ بۇ نەرسىلەر كۆڭلىڭىزگە سىغامدۇ ؟
ئۇ كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ :

— شائىرنىڭ كۆڭلى دەريادەك كەڭ بولۇشى كېرەك . شا-ئىرنىڭ كۆڭلىگە ھەممە نەرسە سىغىسا بولمايدۇ . پەقەت بىرلا نەرسە — ساختىلىق ، يالغانچىلىق سىغماسلىقى كېرەك ! — دېدى ۋە بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۇ ئىش ماڭا خۇمار ، ئوقۇمىسام ، يازمىسام تۇرالمايمەن . لېكىن ھازىر نېمى-نى يازىمەن ؟ بېشىمنى قىمىرلاتسام تورۇسقا تېگىدۇ ، قولۇمنى مىدىرلاتسام تامغا تېگىدۇ . شۇڭا ، ئەڭ ياخشىسى ، ھازىرچە ئوقۇپ تۇراي ، ھامان يازىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ . شۇڭغىچە ئوقۇپ ، مۇتالىئە قىلىپ تۇراي ، ياخشى كىتاب ئادەمگە قانات بېغىشلايدۇ ، بۇمۇ خۇددى پىچاقنى بىلەپ تۇرغاندەكلا ئىش !

بۇ سۆز خۇددى ماڭىلا قارىتىپ ئېيتىلغاندەك ، ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى . مەن يازغۇچى بولىمەن دەپ يۈرگەن بىر ھەۋەسكار بولساممۇ ، لېكىن ئەدەبىياتقا ، ھاياتقا ، ئۆگىنىشكە بولغان مۇ-ھەببىتىمنىڭ ئۇنچىلىك كۈچلۈك ، مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى ئويلاپ ، ئىچىمدە قاتتىق خىجىل بولدۇم . خىجىللىقىمنى يوشۇ-رۇش ئۈچۈن ، نەزىرىمنى شائىرنىڭ قولىدىكى كىتابقا ئاغدۇر-دۇم :

— بۇ قايسى كىتاب ؟ كونا كىتابتەك قىلىدىغۇ ؟

— ھەئە ، كونا كىتاب ، نەۋائىينىڭ «خەزائىنۇل مەئان»

دېگەن دىۋانىنىڭ «غەرايىبۇس ـ سىغار» («ياشلىق ھۈنەرلىد-
ىرى» ناملىق بىرىنچى كىتابى، — دېدى شائىر ۋە بىردىنلا
جانلىنىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — بۇنىڭدىكى غەزەللەر ناھا-
يىتى چىرايلىق، لىرىك يېزىلغان. شەكلىمۇ خىلمۇ خىل. مۇشۇ
بىر دىۋاندىلا ئارۇز ۋەزنىنىڭ «ھەرەج بەھرى»، «رەجەز بەھ-
رى»، «رەمەل بەھرى» قاتارلىق توققۇز بەھرى قوللىنىلغان.
ئاڭلاپ بېقىڭ، مەن سىزگە بىرىنچى غەزەلنى ئوقۇپ بېرەي:

ئەشرەقەتمەن، ئەكسى شەمسىل، كەئىسى ئەنۋارۇل ھۇدا،
يارى ئەكسىن مەيدە كۆردەپ، جامىدىن چىقتى سادا.

بۇنى نەسر بويىچە يەشسەك مۇنداق بولىدۇ:
ھىدايەتنىڭ نۇرى قەدەھ ئىچىدە قۇياشتەك ئەكس ئېتىپ
چىقتى. يارىڭنىڭ جامالىنى مۇشۇ يەردە كۆرگىن دەپ جامدىن
سادا چىقتى!
بىز كىچىك چاغلاردا موللامىلار ئۆگەتكەن بۇ غەزەلنى بالىلار
بىلەن ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ مۇنداق يادلايتتۇق:

ئەشرە قەتمەن، ئەسكى كەتمەن، پالتا ـ گۈرجەك، لاخشىگىر،
ئالتە تىيىنغا تاڭگا ئالدىم، يەتتە تىيىنغا مۇشگىر.

ھەر ئىككىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. شائىر بالىلىق چاغلىرى-
نى ئەسلەپ ناھايىتى ھوزۇرلانغانىدى. ئۇ يەنە ئارقىدىنلا مۇنداق
دېدى:
— ئۇ چاغدا بەزى تالىپلار نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىنى قارى-
سىغا يادلاۋېرىپ، شېئىرلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي، زېرىك-
كەنلىكىدىن نەۋائىي توغرىسىدا مۇنداق بېيىتلارنى توقۇشقان:

ئەي نەۋائىي خام قاپاق ، قايماق سىتىپ جىنىڭنى باق ،
بىر بېيىتنى ئوقۇيالماي ، كۆزلىرىڭ بولدى چاپاق .

شائىر يەنە ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى ، ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭغا دىلكەشلىك ، ئازادىلىك ۋە ئاراملىق بېغىشلىغانىدى . ئۇ كىيىملىرىنى كىيىۋېتىپ ، يەنە شېئىرىيەت توغرىسىدا سۆز باشلىدى :

— كلاسسىك شېئىرىيىتىمىز شەكىلگە بەكمۇ باي ، بىز تېخى ئۇنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنىمۇ ئۆگىنىپ بولالمىدۇق . مەدرىسىدىكى تالىپلار ئارىسىدا «مۇئەمما» كەڭ تارقالغان . بۇ شېئىرىيىتىمىزدىكى تېپىشماق شەكلى بولۇپ ، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش ، تىلنى راۋانلاشتۇرۇشتا بەك مۇھىم . مەن سىزگە بىرنى ئوقۇپ بېرەي ، تېپىپ بېقىڭ :

مولىنىڭ بېشىنى كەس ، مامات بولسۇن ،
قەبرى ئارا كۆمگىن ئۇنى ، ھايات بولسۇن .
……

مېنىڭ بۇنداق شەكىلدىكى شېئىرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى ، شۇڭا دەماللىققا ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلمىدىم . ئاخىر تېپىپچان ئاكا ئۆزى يېشىپ بەردى :

— بۇ ئىككى مىسرا بېيىتتىن «قەمبەر» دېگەن ئىسىم چىقىدۇ . بۇ كونىچە «قمبر» دەپ يېزىلىدۇ .

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئورۇندىن قوپقۇچە بولغان ئارىلىقتا بولغان قىسقىچە سۆھبىتىمىز مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى . بېشىدىن شۇنچە ئېغىر قىسمەتلەر ئۆتكۈزگەن ۋە شۇ كۈنلەردىمۇ قاتمۇ قات روھىي كىشەنلەردىن تېخى تولۇق قۇتۇلمىغان شائىرنىڭ شۇنچە جۇشقۇن ، ئۈمىدۋار ھەم خۇش چاقچاقلىقى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى . مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ پاجىئەلىك

تەقدىرنى كۈلكە بىلەن كۈتۈۋالالايدىغان، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يو-رۇقلۇقنى كۆرەلەيدىغان، بەختسىزلىك ئىچىدىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت تاپالايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدىم.

تۈرپاندا بولغان بىرنەچچە كۈن ئىچىدە شائىر ئۇ يەرنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنىغا ئايلاندى. ئوقۇتقۇچىلار، ئارتىسلار، ھەۋەسكارلار ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. شائىرنىڭ ئۇ يەردىكى ئىجتىمائىي، ئاممىۋى ئاساسى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالغۇدەك چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ زىيالىيلار ئىچىدىلا ئەمەس، ئاددىي پۇقرالار ئىچىدىمۇ ئابرۇيى چوڭ ئىدى. دېھقانلاردىن سىرداش ئۇلپەتلىرى بار ئىدى.

* *

سەمىمىيلىك — دۇنيادىكى يۇزلىگەن، مىڭلىغان مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئادەمگىلا خاس مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئادەملەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى تۈز، ئوچۇق - يورۇق ئىدى، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى ئېيتىۋېرەتتى ھەم باشقىلاردىنمۇ شۇنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىدا ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

1985 ـ يىلى شائىر تەھرىر بۆلۈمىگە بىر تۈركۈم شېئىر بەردى. شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىدىكى تەھرىرلەر قولمۇ قول كۆرۈپ، ئاخىرىدا مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا سۇندى. قارىسام بەزى شېئىرلارغا تەھرىرلەرنىڭ پىكىرلىرى باردەك قىلاتتى. مەنمۇ قايتا ـ قايتا ئوقۇپ سىلىشتۇرۇپ باقتىم. ئىككى پارچە شېئىر ماڭىمۇ سەل بوشراق تۇيۇلدى. ئەتىسى شائىر تۇيۇقسىز بىر ئىش بىلەن ئىشخانامغا كىرىپ قالدى. مەن شۇ ھامان شېئىرلار توغرىسىدا سۆز ئېچىپ:

— تېيىپجان ئاكا ، شېئىرلىرىڭىزنى ھەممىمىز قىزىقىپ كۆردۇق . لېكىن ئىككى پارچە شېئىرىڭىزنى بويىڭىز بىلەن ئۆلچىسەك ، سەل ـ پەل پاكاردەك قىلىدۇ ، قانداق قىلساق بولار ؟ — دېدىم.

— قانداق قىلاتتىڭىز ، — دېدى ئۇ ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن ، — بويۇم بىلەن تەڭ كەلگىنىنى بېرىسىز ، پاكار بولۇپ قالغانلىرى قېلىۋەرمەمدۇ ! تەھرىرلەرگە ئېيتىپ قويۇڭ ، نامـدارلارنىڭ شېئىرلىرى كەلسە ئۇنچە قورۇنۇپ كەتمىسۇن ، ھەمـمەيلەنگە ئوخشاش كۆزدە قارىسا بولىۋېرىدۇ . بىزمۇ ئەۋلىيا ئەمەس ، يازغانلىرىمىزدا ھامان ئۇنداق ـ بۇنداق يېتەرسىزلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ .

ئۇ ھەقىقەتەن تەھرىر بۆلۈمىگە ئۆز ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئەزەلدىن يولسىز تەلەپلەرنى قويغان ئەمەس ، تەھرىرلەرنى ھەمىـشە ھۆرمەت قىلاتتى ، تەھرىرلەرنىڭ ھوقۇقىغا ئارىلاشمايتتى ، پىكىرلىرىنى سەممىي قوبۇل قىلاتتى . ئۇ ئىجادىيەتتە سەمىـمىي ، تەلەپچان ئىدى . ئەسەرلىرىگە خۇددى ھيوگونىڭ : «شاـئىرنىڭ تەبىئەتتىن ئىبارەت بىر ئۈلگىسى ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت بىر يېتەكچىسى بولۇشى كېرەك . ئۇ ئاللىبۇرۇن يېزىلىپ بولغان نەرسىلەر ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتمەستىن ، بەلكى ئىجادىيەت ئۈسـتىدە زېھنىنى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى كېرەك» دېگەنـدەك تەلەپ بىلەن ئەستايىدىل ئىشلەيتتى . ئۇنىڭ ھەربىر شېئىـرىدىن يېڭىلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى ، پىكرى ، شەكلى يېڭى ئىدى ، ئۇنىڭ ھەقىقەتى چىنلىق ئىدى . ئۇ پۈتكۈل ئىجادىيىتىنىڭ ئاساـسىي قىسمىدا :

«شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس ،
مەن ئۈچۈن شېئىر ۋىجدان ئىشى ، پەس .
پىكىر ـ يۈرىكىم ، مىسرالار — تومۇر ،
ھەرپلەر — قېنىم ، ۋەزىنلەر — نەپەس !»

دېگەن ئەقىدىسىنى ، لەۋزىنى ئىشقا ئاشۇردى .

شائىر ئۆزىگىلا قاتتىق تەلەپ قويۇپ قالماي ، باشقىلارغىمۇ ئوخشاشلا قاتتىق تەلەپ قوياتتى ھەم كۆيۈنەتتى . ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ھەربىر نەتىجىدىن خۇشاللىناتتى . بولۇپمۇ ياشلارنىڭ نەتىجىسىدىن ، يۈكسىلىشىدىن چوڭقۇر پەخىرلىنەتتى . شۇ يىللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىققان بىر تۈركۈم جۇشقۇن ، ئۈمىدلىك ، ئىقتىدارلىق ياشلار شائىرنىڭ دىققىتىنى تارتتى . بۇ جەھەتتە ئۇ چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا ھاياجانلىنىپ ، تەسىرلىنىپ سۆزلەيتتى. كېيىنچە سۆز بىلەن قالماي ، قولىغا قەلەم ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى يۈكسەك باھالىدى ، ئوبزورلار يېزىپ ئۇلارغا ئىلھام بەردى ، ئۇلارنى يېتەكلىدى .

مەسىلەن ، 1984 ـ يىلى ياش شائىر ئەركىن ئىبراھىمنىڭ يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرى توغرىسىدا «نۇر ئوغلىنىڭ ناخشىسى» ناملىق ئوبزور يېزىپ ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلدۇردى . ياش شائىرە گۈلباھار مەمتىمىننىڭ بىر قىسىم لىرىكىلىرى توغرىسىدىمۇ تەھرىر بۆلۈمدە تەسىراتىنى سۆزلەپ ، بۇنداق ئۈمىدلىك ياشلارنى نۇقتىلىق تەربىيىلەش ، ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن ئالاقىلىشىپ ، داۋاملىق ئىلھام بېرىپ تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ تۇردى .

كېيىنكى يىللاردا مەن شائىر بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇردۇم . ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق . ئۇ قورۇيىمىزدىكى كىچىككىنە باغچىنىڭ ئىشچان باغۋىنى ئىدى . ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە باغقا چىقىۋېلىپ ، گۈللەرنى پەرۋىش قىلاتتى ، ياۋا ئوتلارنى يۇلاتتى ، دەل ـ دەرەخلەرنى سۇغىراتتى . ئۇنىڭ قولى ئىشتىن بوشىغان چاغدا بىز ھايات توغرىسىدا ، ئەدەبىيات توغرىسىدا ھەرخىل يېڭىلىقلار توغرىسىدا كەڭ ـ

كۆشادە پاراڭلىشاتتۇق . بىر كۈنى تېيىپجان ئاكا ماڭا شۇ چاغدا ئېلان قىلىنىپ ، جەمئىيەتتە ئاز ـ تولا ئىنكاس قوزغىغان «خەير خوش ، توققۇز كۈنلۈك ماكان» دېگەن ھېكايەم توغرىسىدا سۆز ئېچىپ :

— ھېكايىڭىزنى دەسلەپ كۆرمەپتىكەنمەن ، جەمئىيەتتىكى ئىنكاسلارنى ئاڭلاپ قىزىقىپ ئوقۇپ باقتىم . ھەقىقەتەن مېنىمۇ قىزىقتۇردى . ھاياتقا خېلى ئېچكىرىلەپ كىرىپسىز . ئاڭلىسام ، بەزىلەر ئۆزىگە ئەيكەتكەن ئوخشايدۇ ، بۇمۇ ياخشى بولغىنى ، بىر ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يا ئېچىشتۇرمىسا ، يا قىچىشتۇرمىسا ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى نېمە دېيىش كېرەك ؟ ! مېنىڭچە ، كىم ئۆزىگە ئالغان بولسا ، خۇددى قىچىشقان يەردە بۇرگە بار دېگەندەك گەپ بولىدۇ ! — دېدى .

— ئۇغۇ شۇنداق ، تېيىپجان ئاكا ، — دېدىم مەن شۇ چاغلار-دا بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ، — لېكىن بەزى ئادەملەر ئۆزىنى قويالماي قاپتۇ . ھېكايە ئۈستىدىن خېلى ـ خېلى يەرلەرگىچە ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ ، خۇددى مېنى بىر نەرسە قىلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىش قىلىشىۋېتىپتۇ ! ...

— قولىدىن كەلسە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سىزنى سوت مەيدانىغا بىر تارتىپ چىقارسا ياخشى بولاتتى ! — دېدى شائىر بىردىنلا جىددىي تۈس ئېلىپ ، — شۇ چاغدا مانا بىز ئاقلىغۇچى بولۇپ ، ئەدەبىياتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغان ، ئىدىيىسى كونا قېلىپ-تىكى ئاشۇنداق قاتمال ئادەملەر بىلەن يۈزمۇ يۈز سۆزلىشەتتۇق ! بىر يازغۇچى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئاشۇنداق رەزىل ئىللەت-لەرنىمۇ پاش قىلىپ يازالمىسا ، ئۇنى قانداقمۇ دەۋرنىڭ ۋىجدانى دېگىلى بولىدۇ ؟ ! مەيلى ، ئايرىم ئادەملەر نېمە دېسە دەۋەرسۇن ، سىز ئالدى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدىڭىز ، پارتى-يىنىڭ پاكلىقىنى قوغداش يولىدا دادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرەتتى-ڭىز ، ھەقىقەت سىز تەرەپتە !

شۇ كۈنى قەدىردان ئۇستازىم تېيىپجان ئاكا ماڭا ئالەمچە ھېسداشلىق قىلدى. ئىلھام بەردى، مەدەتكار بولدى. ئىجادىيەتىمدە قولغا كەلتۈرگەن كىچىككىنە مۇۋەپپەقىيەت ئۈنى ھەقىقەتەن سۆيۈندۈرگەن، خۇشال قىلغان ۋە ئۈمىدلەندۈرگەندى.

قىسقىسى، مىللىي ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش، ئىجادىيەت قوشۇننى ئۆستۈرۈش شائىرنىڭ ھەردەملىك خىيالى، ئارزۇسى ۋە پائالىيەت نۇقتىسى ئىدى. بۇ يولدا تاشلانغان ھەربىر قەدەم ئۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ئەدەبىي ھاياتىمىزدا يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر يېڭىلىقمۇ شائىرنى چوڭقۇر ھاياجانلاندۇراتتى، خۇشال قىلاتتى. 1988 ـ يىل 6 ـ ئايدا مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجىغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئەتىسى تېيىپجان ئاكا قورۇدا مېنى چاقىرىپ:

— سىزنىڭچە، تۈنۈگۈنكى تەزىيە يىغىنى قانداقراق بولدى؟ — دەپ سورىدى. قارىسام، شائىرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، كەيپى چاغ ئىدى.

— ياخشى بولدى، — دېدىم مەن ئەينەن تەسىراتىمدىن سۆزلەپ، — ھەر ھالدا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئېتىبارى بارلىقىغا بۈگۈن خېلى ئىشەندىم.

— يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بار، — دېدى شائىر چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ بولسىمۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچى، تۈنۈگۈن كۆردىڭىز، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە مەسئۇللىرى ئۆزلۈكىدىن كەلدى، بىز بىلەن بىللە كۆز يېشى قىلدى. بۇنىڭ خەلققە ۋە سىرتقا بولغان تەسىرى كىچىك ئەمەس. بايا ئابلىز نازىرى بىلەن دېيىشتۇق. سىز مۇشۇ ھەقتە بىرەر نەسر بولامدۇ، خاتىرە بولامدۇ يازسىڭىز قانداق؟ بۇ ئىش گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنسا، ئۇنىڭ تەسىرى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە قىلىۋاتقان بۇنداق چوڭ غەمخورلۇقى، ئېتىبارىنى ھەممەيلەننىڭ كۆرگىنى، ئاڭلىغىنى ياخشى...

دەرۋەقە ، شۇ كۈندىكى يىغىن ھەقىقەتەنمۇ داغدۇغىلىق ئۆت-
كۈزۈلگەنىدى . يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆ-
كۈمىتىنىڭ شۇجىسى ، رەئىسلىرى ئۆزلۈكىدىن كەلدى . ئىدارىلىرى-
مىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرسى مەرھۇمنىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى-
نازىر ياكى مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك بولمىغاچقا ، پارتىيە ، ھۆ-
كۈمەتنىڭ رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تەزىيە يىغىنىغا تەكلىپ
قىلىشقا پېتىنالمىغانلىقىنى ئېيتقاندا ، يولداش سۇڭ خەنلياڭ
جىددىي ھالدا : «يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ بۇنداق دەرىجە ئايرىم-
سى بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ياراتقان ئىجادىي مېۋىسى ،
خەلق ئىچىدىكى ھۆرمىتى بىلەن ئۆلچەش كېرەك . ئۇلارنىڭ
دەرىجىسىنى خەلق بېرىدۇ» دېگەنىدى . بۇ سۆز يالغۇز مەرھۇم
ئابدۇكېرىم خوجىغىلا قارىتىپ ئېيتىلغان بولماستىن ، بەلكى بىر
پارتىيە رەھبىرىنىڭ پۈتۈن يازغۇچى ، شائىرلارغا بەرگەن يۈك-
سەك باھاسى ۋە قىزغىن ئۈمىدى ئىدى .
تېيىپجان ئېلىيوپ شۇ كۈندىكى تەزىيە يىغىنىدىن ئەنە شۇن-
داق چوڭقۇر تەسىرات ئالغان ۋە پارتىيە ، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى-
نىڭ بۇ ئەمەلىي ھەرىكىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنىدى .
بۇ ئىش خېلى ئۇزاققىچە شائىرنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلمى-
دى . 1988 ـ يىل 8 ـ ئايدا ، مەن شائىر بىلەن بىللە مەملىكەت
بويىچە غۇلجىدا ئېچىلغان ئەدەبىي تەرجىمانلار يىغىنىغا قاتنىشىش
ئۈچۈن يولغا چىقتىم . بىر مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن ، ئۇ
مەندىن شۇ ئىشنى يەنە سورىدى :
— ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ تەزىيە يىغىنى توغرىسىدىكى نەر-
سىنى قانداق قىلدىڭىز ؟
مەن خىجىللىقىمنى بىلدۈرۈپ :
— شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا دەرھال بىر تەرەپ قىلماپتىمەن ،
كېيىن ئۇ توغرىدىكى تەسىراتلار ئاستا ـ ئاستا ئېسىمدىن كۆتۈ-
رۈلۈپ كېتىپ ، ئىلھامىم كەلمىدى ، — دېدىم .

ئەھۋال راستتىنلا شۇنداق ئىدى . شائىر ماڭا بۇ ئىشنى ئېيتقان چاغدا ، قولۇمدا باشقا بىر ئىش بولغاچقا ، شۇ ھامان كىرىشىپ كېتەلمىدىم ، كېيىنچە تەسىراتىم سۇسلىشىپ ، ئىلھا-مىم قېچىپ كەتكەندى .

تېيىپجان ئاكا بىر ئاز ئەپسۇسلانغاندەك بولۇپ :

— بىز بەزى ئىشلارنى بەكمۇ سەل چاغلايمىز ، بەزىدە ناھايىتى ئاددىي ئىشلاردىن چوڭ ھەقىقەتنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئاشۇ كۈندىكى يىغىن گەرچە يىغا - زارىغا تولغان تەزىيە يىغىنى بولسىمۇ ، لېكىن ئەدەبىي ھاياتىمىزدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ، سۆيۈندۈرىدىغان ، ئۈمىدلەندۈرىدىغان يىغىن بولغانىدى . ئۇ بىردەم جىم بولۇپ قالدى ، چىرايىمۇ تۇرۇلگەنىدى . كېيىن يەنە كەيپىياتىنى تورغىلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئۇ كۈنى سۇڭ خەنلياڭ شۇجىنىڭ ئېيتقان ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزى ناھايىتى جايىدا بولدى . ھەقىقەتەنمۇ يازغۇچى ، شائىر دېگەن ناھايىتى شۆھرەتلىك ، ئۇلۇغ نام ، ئۇنى ھەرقانداق دەرىجە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ . ئۇ ئىنسان روھىنىڭ ئىنژې-نېرى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئەخلاقنىڭ سىمـۋولى . ئـەج-دادلارنىڭ ، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ، ئىلىم - پەن دۇردانىلىرى ئاشۇ يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ قەلىمى ئارقىلىق كې-شىلەرگە يېتىپ كېلىدۇ . لېكىن ، بىز بۇ ئۇلۇغ نامنىڭ ھۆددى-سىدىن قانچىلىك چىقتۇق ؟ مەن تېخى بىر نەرسە دېيەلمەيمەن . ئۆزىنى يازغۇچى ، شائىر دەپ ئاتىغان ھەربىر ئادەم بۇ نامغا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك ، ئەلۋەتتە !

مەن شائىرنىڭ قەلبىدە ئاشۇ تەزىيە يىغىنى تۇيەيلىدىن تۇ-غۇلغان پىكىرلەرنىڭ ئۇنچىلىك چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك بولغانلىقى-نى ئانچە ئويلاپ يەتمىگەنىكەنمەن . شائىر بۇنى ئەدەبىياتىمىز بىلەن پـارتىيىنىڭ ، ئـەدىب بىـلەن رەھبەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

www.uyghurkitap.com

يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆزەتكەن ۋە ئويلىغانىكەن . شۇ چاغدىلا مەن ئاشۇ تەزىيە يىغىنى توغرىسىدا بىرەر پارچە نەرسە يېزىپ ئېلان قىلمىغانلىقىمغا قاتتىق ئۆكۈندۈم .

غۇلجىغا كېتىۋېتىش سەپىرىدە يەنە نۇرغۇن سۆھبەتلەرنى قىلىشتۇق ، سۆھبەتنىڭ ھەممىسى ھايات ۋە گۈزەللىك توغرىسىدا ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا بولغاندى .

تېيىپجان ئاكا تالانتلىق ، شۆھرەتلىك شائىر بولۇپلا قالماستىن ، يەنە زوقمەن ئوقۇرمەن ئىدى . ئۇ كلاسسىك شېئىرىيىتىدىمىزنى ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىنى ئوقۇپ ، تەتقىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن نەسرىي ئەسەرلەرنى ، بولۇپمۇ يىرىك ئەسەرلەرنى قويماي ئوقۇيتتى ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتاتتى . دەل شۇ قېتىم ئۇ ماڭا يېڭىلا نەشردىن چىققان «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» توغرىسىدا مۇنداق دېدى :

— رومانىڭىزنى نەنسەندە دەم ئېلىۋېتىپ ئوقۇپ چىقتىم . ماڭا ياقتى . تۇنجى يىرىك ئەسىرىڭىز بولۇشىغا قارىماي ، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپتۇ . بۇ ھەقتە ئابلىز نازىرى بىلەنمۇ پىكىر ئالماشتۇردۇق . بەزى بابلارنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم . رومانىڭىزدا مەن ئاڭلىمىغان 32 سۆز بار ئىكەن ، ئاستىغا سىزىپ قويدۇم . گەرچە ئۇ يەرلىك سۆزلەر بولسىمۇ ، لېكىن ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىدۇ . تىل جەھەتتە خېلى ئىزدىنىپ ، ئەجىر قىلىپسىز . ئەلۋەتتە ، بەزى يەرلەرگە پىكرىمىمۇ چىقتى . بۇ ھەقتە كېيىنرەك سىزگە تەپسىلىي بىر پارچە خەت يېزىپ ، ئۆزۈمنىڭ پىكىر ۋە تەسىراتلىرىمنى بىلدۈرۈش نىيىتىم بار . ئۇنى شۇ چاغدا كۆرۈپ باقارسىز . ھازىر سىزگە ئېيتىدىغىنىم : تۇنجى قەدەمنى ئەمدى باستىڭىز ، مەغرۇرلۇقتىن ، كىبىردىن ساقلىنىڭ . ئادەم كۆپ ۋاقىتلاردا مۇشۇ جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويىدۇ . مەندىمۇ بۇنىڭ

ئاچچىق ساۋاقلىرى بار. ئۆزىنى ھەمىشە ئۇنچە - مارجانلارغا ئوخشىتىدىغان ئادەم جەزمەن كۆمۈلۈپ قېلىشتىن قورقىدۇ، شۇڭا غادىيىشنى، ئۆزىنى ماختاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ بىر روھىي ئىللەت، ياشلار، بولۇپمۇ سىلەر ئوتتۇرا ياشلىقلار بۇنىڭـ دىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئادەم كەمتەر، كىچىك پېئىل بولغانغا كىچىكلەپ كەتمەيدۇ! بۇ جەھەتتە، بەزى پېشقەدەملەر بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز، بىز ئۇلارنى دورىيالماي كېتىۋاتىمىز!

كۆيۈمچان ئۇستازنىڭ ئاشۇ قېتىمقى يېقىملىق سۆزلىرى، قىزغىن ئۇمىدى، ئۇلۇغ ئادەملەرگە خاس سەمىمىي نەسىھەتى ھازىرغىچە قۇلىقىمدا جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ راستتىنلا ئۆزى ئېيتقاندەك، غۇلجىدىكى يىغىندىن قايتىپ كېلىپلا بېيجىڭدىكى يىغىنغا بېرىشنىڭ ھارپىسىدىكى بىر جىددىي پەيتتە رومانىم توغرىسىدىكى خەتنى يازدى. بۇ خەت ئۇنىڭ 45 يىللىق يالقۇنلۇق ئىجادىي ھاياتىدىكى ئاخىرقى تەۋەررۇك ئەسەر بولۇپ قالدى. بۇ خەت مەن ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈنمۇ شانلىق بىر يادنامە بولۇپ قالغۇسى!

* *

«ئۇلۇغ ئادەم ھەمىشە بالىدۇر. ئۇ جان ئۈزۈۋېتىپ دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ بالىلىقىنى قالدۇرىدۇ.» بۇ ئاتاقلىق ھىندى يازغۇچىسى تاگورنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تاگورنىڭ ئەنە شۇ سۆزىگە ئاھاڭداش بولدى، كىشىلەرگە قەلبىنىڭ سەبىي ۋە پاك يەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى...

1989 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەن شائىرنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا چىقتىم. بۇ چاغدا ئاتاقلىق تىلشۇناس، يازغۇچى، شائىرلاردىن ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە شۈكۈر

يالقىنلارمۇ دوختۇرخانىغا چىققانىكەن . بۇ كۈنلەردە شائىرنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن پىكرى، گەپ - سۆزى ۋە سەزگۈسى خېلى جايىدا ئىدى . ئۇ ساپالا ئولتۇرۇپ ، ھەممەيلەن بىلەن تىنچلىق سوراشتى . خىيالىدا كىنە- لەرگىدۇر يەنە بۇرۇنقىدەك چاقچاق قىلغۇسى ، قىزىق - قىزىق گەپلەر بىلەن كۈلدۈرگۈسى باردەك قىلاتتى - يۇ ، لېكىن ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىپ دېيىشكە ئامالسىز قېلىۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ شائىر سەپداشلىرىغا كۆڭلىگە پۈككەن گەپلىرىنى ، يۈرىكىدىكى ئاخىرقى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئالدىرىماي ، دانىمۇ دانە سۆزلەش- كە باشلىدى :

— سىلەر بىلەن كۆرۈشۈۋالغىنىمغا خۇشالمەن ... بۇنداق چاغلاردا يۈرەكتىكى سۆزلەر كۆپ بولىدىكەن ... ئايرىم - ئايرىم سىردىشىپ ، بۇرۇن كۆڭلۈڭلارنى چىگىپ قويغان يەرلىرىم بولسا يېشىۋېتەي دېۋىدىم ... ئۆلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايمەن ... مەندىن ئۆتكەن ئىشلار بولسا رازى بولۇڭلار ... شۈكۈر ئاكا ، سىزنى رەنجىتكەن يەرلىرىم كۆپ ، كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ ... ئىبراھىم ئاكا ، سىز بىلەن ئوبدان ھەمكارلىشالمىدۇق ، بولمىسا ئەدەبىي تىلىمىز توغرىسىدا يـاخشى كىتـابـلارنى يېزىپ بېرەت- تىڭىز ... ئۆتكۈر بىلەن كۆپ سىرداش بولالمىدىم ... ئەپۇ قىلىڭلار ، رازى بولۇڭلار ...

شائىرنىڭ كۆزى ياشقا تولدى ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئېرىتىپ چىقىۋاتقان ئاخىرقى ئىسسىق ياشلىرى تاتارغان ، ئۈمچەيگەن يۈ- زىنى بويلاپ ئۇزۇلمەي ئاقتى . باشقىلارنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى . ئۇنى ئېغىر قايغۇ باستى . ئەگەر بۇ ھالەت ئۇزاقراق داۋام قىلسا ، شائىرنىڭ كېسىلىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ، ئىبراھىم مۇتئىي دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ ، شائىرغا تە- سەللى بەردى :

— كۆڭلۈڭلارنى بۇزماڭلا ، ئاداش ، شائىر دېگەن ئۈمىدۋار

بولىدۇ، ئۆلسەكمۇ ناخشا توۋلاپ كېتىمىز. ئابدۇللا توقاينىڭ ھېلىقى شېئىرى ئېسىڭلاردا يوقمۇ؟ مەن سىلىگە ئۆز پېتى ئوقۇپ بېرەي:

«جىرلى، جىرلى ئۆلەمنىمەن ئۆلگەندە دە،
دەشمى قالمام[1] غەزرائىلنى كۆرگەندە دە.
بىس كېتەمىز، سىر قالاسىز دېپ جىرلايمىن،
جەسەدىمنى تۇپراق بىلەن كۆمگەندە دە.»

بۇنى تەرجىمە قىلمىساممۇ چۈشىنىسىلە، شائىر دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ. سىلى جەزمەن ياخشى بولۇپ كېتىسىلە، تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى بىللە ئىشلەيمىز...

كونا سەپدىشىنىڭ تەسەللىسى، كۆڭۈل ياسىشى بىلەن شائىرنىڭ چىرايىغا ئىللىق كۈلكە يۈگۈردى. ئەمدى ئۇ گەپنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەپ، چوڭقۇر بىر ئىچكى ئازاب بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئويلىسام، نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىپتىمەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ، يامانلىرىمۇ بار ئىكەن. بىر مەزگىل مۇقامدا يوق سىياسەتلەر تۈپەيلىدىن مۇقامدا يوق شېئىرلارنىمۇ يېزىپ قويدۇم. بۇنىڭغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن... شېئىرىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، يۈرىكىمدە يىغلايمەن...

شائىر يەنە جىم بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاغرىقنىڭ دەردىدە بىئارام بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

خەلقىمىزدە «ئات يىقىلماي يول تاپماس» دېگەن گەپ بار. تېيىپجان ئاكىمۇ 60 يىلغا يېقىن ھاياتىدا بىرنەچچە قېتىم يىقىلىپ قوپۇپ، يەنە يىقىلىپ، يەنە قوپۇپ ئاخىر يول تاپقانىدى. بۇ يول شائىرنى خەلق ئۈچۈن، مىللىي ئەدەبىيات ئۈچۈن تېخىمۇ

[1] دەمشى قالمام — سۆزلەپ تۇرۇش مەنىسىدە.

كۆپ تۆھپە يارىتىشقا ، تېخىمۇ ساپ ، ھەقىقىي ۋىجدان بىلەن ياشاشقا ئىلىپ باراتتى . لېكىن شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھاياتى يار بەرمەيۋاتاتتى ، شائىر ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايتتى ، ئەپسۇسلىناتتى …

دەرۋەقە ، ئەپسۇسلىنىشنى بىلىشمۇ ئادەملىك خىسلەتلەرنىڭ بىرى . چۈنكى ، ئەپسۇسلانغان شۇ كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئەپسۇسلىنىشنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان قىزغىن بىر ئۈمىد بولغان بولىدۇ . ۋەھالەنكى ، ھاياتتا شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى ، ئۆمۈر بويى يامان ، قەبىھ ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپمۇ بىرەر قېتىم ، ھەتتا ئاخىرقى قېتىمدا بولسىمۇ ئەپسۇسلانمايدۇ . بۇ خىلدىكى ئادەملەرنى شائىر تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا مۇنداق سۈرەتلىگەندى :

نامەردلەر قورقۇنچاق كېلىدۇ قەۋەت ،
بۇ شەكسىز ھەقىقەت ، ئەزەلدىن ئەبەد .
ئەگەر بار دېسەڭ ئۇنىڭ قورقمايدىغىنى ،
راست ، ئۇ قورقمايدۇ نومۇستىن پەقەت !

شائىر كېيىنكى سۆزىدە ئۆزىنىڭ پىشقەدەملەرگە بولغان ئارزۇسىنى ، قىزغىن ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى :

— سىلەر قوشۇنىمىزنىڭ مۆتىۋەرلىرى ، ھەممە ئىشتا باشلامچى بولۇڭلار ، ياشلىرىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى سۆزلەيلى . مېنىڭچە ، ھازىر قوشۇنىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش مۇھىم . قوشۇنىمىز ئىتتىپاق ، مۇستەھكەم بولسىلا ئىشىنىمەنكى ، ياخشى ، ئۆلمەس ، ئۇلۇغ ئەسەرلەر چىقىدۇ … يۇرتۋازلىقا ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرەيلى … ئەدەبىياتىمىز يۇرتنىڭ ئەدەبىياتى ئەمەس ، مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى …

— توغرا دېدىڭىز ، — دېدى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر دەرھال شائىرنى قۇۋۋەتلەپ ، — يازغۇچى ، شائىرلارنى يۇرت بىلەن



www.uyghurkitap.com

باغلىغاندىن كۆرە، پۈتۈن مىللەت بىلەن باغلىغان تۈزۈك. خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ مۇنۇ بېيىتىنى سىز بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان:

«ھازاران خېيىش تاقابىل ئەگەر مىي رەپت چىغەم،
ۋەلى تەرسەمكى يەك بىگانىي ئاقىل رەۋەت ئەزدەست.»

مەنىسى: «ئۆزۈمنىڭ تۇغقان، خىش - ئەقرىبالىرىم بولسىمۇ، كېرەكسىز، ناقابىل كىشىلەر بولۇپ، ئۇلاردىن قانچىسى ئۆلۈپ كەتسە بۇنىڭدىن مېنىڭ غېمىم يوق، پەرۋايىم پەلەك، لېكىن ماڭا يات بولسىمۇ كىم ۋە قەيەرلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاقىل، بىلىملىكلەردىن بىرسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇنداق ئادەملەرنىڭ دەرد - پىراقىدا ياقامنى چاك - چاك يىرتىمەن!» مەن بىر چاغدا بۇ غەزەلنى ئوقۇپ بەرسەم، سىز ناھايىتى قايىل بولۇپ يېزىۋالغانىدىڭىز...

— شۇنداق، ئېسىمدە...، — دېدى شائىر بېشىنى يېنىك ئىرغىتىپ، — بۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ سۆز ئىكەن، مۇشۇنداق پىكىرلەرنى شۇ زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىز ئەمەل قىلالماپتۇق... ئۇنىڭ مەنىسىگە تازا چۈشىنەلمەپتۇق... لېكىن سىلەر بار، بۇنىڭغا ئەمەل قىلايلى... ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ئاشۇنداق ئۇلۇغ پىكىرلەرنى ئورناتقۇزايلى.

ئىبراھىم مۇتىئى شۇ ھامان ئۆتمۈش تارىخنى ئەسكە ئالدى:

— بۇ ھەقتە ھەقىقەتەن ئاچچىق ساۋاقلار كۆپ، يۇرتۋازلىق مەسىلىسى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، مىللىتىمىزدىكى بىر تارىخي ئىللەت. 20 - يىللارنىڭ بېشىدا خەلقىمىز ئومۇمي بىر ئېتنىك نام بىلەن ئاتالماي، قانداقتۇر تۇرپانلىق، قەشقەرلىك، ئىلىلىق، خوتەنلىك، دولان، تارانچى دېگەندەك يەرلىك ناملار بىلەن ئاتىلىپ يۈرەتتى. كېيىن بىر قىسىم ئىلغار

زىيالىيلار بۇنىڭ زىيىنىنى تونۇپ يېتىپ ، مىللەتنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۇردى ۋە شۇ نام ئاستىدا خەلقىمىزنى ئۇزلۇكسىز ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ كەلدى . ۋەتەنپەرۋەر ، ئۇلغار شائىر ئابدۇخالىق زۆرۆرىيەت تۈپەيلىدىن ، ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئۇيغۇر» تەخەللۇسىنى قويۇپ ، يۇرتۋازلىق ئىللەتلىرىگە دەككە بەرگەندى . مېنىڭچە ، ھەرقانداق يۇرتۋازلىقنىڭ ئارقىسىغا قانداقتۇر بىر شۇم غەرەز يوشۇرۇنغان بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭغا يول قويماسلىقىمىز ، بۇ ناچار ئىللەتنى ياش ئەۋلادلارنىڭ پاك قەلبىگە يۇقتۇرماسلىقىمىز لازىم . بۇ جەھەتتە ، سىز ئېيتقاندەك ، بىز پېشقەدەملەرنىڭ تارىخىمىزدىكى ئەنە شۇ خۇنۇكلۇكنى ، ئاچچىق ساۋاقلارنى سۆزلەش مەسئۇلىيىتىمىز بار !

شائىرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك ، يەڭگىل نەپەس ئالدى . چىرايىمۇ قايىللىق ، رازىمەنلىك بىلەن خېلى ئېچىلىپ قالدى . توغرا ، «دەرەخ غولىدىن سۇناس ، شېخىدىن سۇنار» دېگەن گەپ بار . بۇ ھەقىقەتنى ھەممەيلەننىڭ چۈشىنىشى زۆرۆر ئىدى . شائىرنىڭ ئويلىغىنىمۇ ، كۈتكىنىمۇ ، ئارزۇسىمۇ ، ئۈمىدىمۇ شۇ ئىدى .

مەن شۇ كۈندىكى ئۇچرىشىشنىڭ شائىر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدىم . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنىڭ خۇشخۇي چىرايىنى ، يېقىملىق ، مەردانە ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدىم . بۇ چىراي ، بۇ ئاۋاز بىزدىن مەڭگۈ يىراقلاپ كەتكەنىدى ، شۇم ئەجەل ئاخىر ئۇنى ئېلىپ كەتتى ! ...

بۇددا دىنىنىڭ يارىتقۇچىسى ساكيومونى سەكراتتا يېتىپ تۇرۇپ : «ئاھ ، مېنى ئاسرىغۇچى جىمى بەندىلىرىم ، مۇنۇ سۆزۈمنى يادىڭلاردىن چىقارماڭلار : يارىتىلغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ئۆلىدىغان بىر كۈنى بولىدۇ» دەپ ئۆلۈمگە تەسەللى



www.uyghurkitap.com

ئېيتقانىكەن . دەرۋەقە ، بۇ بىر مۇقەررەرلىك ، ھېچكىمنىڭ ئىرا-
دىسىگە باقمايدۇ !

ئەي قەدىردان ئۇستاز ، تىنچ ۋە خاتىرجەم يېتىڭ ! ئاۋام
ئۇچۇن سىز ياراتقان شانلىق تۆھپىلەر شاراپىتىدىن ياتقان يېرى-
ڭىز جەننەتتە بولىدۇ ! سىزدىن قالغان تەۋەررۈك قەلەمنى يۈزلە-
گەن ، مىڭلىغان شاگىرتلىرىڭىز مەردانىلىك بىلەن قولىغا
ئېلىپ ، سىز ئورۇنداشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئارزۇ - ئارمانلارنى
جەزمەن ئورۇندايدۇ ! ...

1989 - يىل مارت ، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# تارىخ ۋە چىنلىق

— تارىخىي رومان «بەختسىز سەئىدىيە»نىڭ يېزىلىشى توغ-
رىسىدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز

تارىخىمىزدىكى نادانلىق ۋە جاھالەت دەۋرىنىڭ تىپىك نامايەندىسى بولغان ئاپاق خوجا بىلەن ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك قەبرىگاھى «ھەزرىتى ئاپاق مازىرى» ماڭا كىچىك ۋاقتىمدىنلا تونۇشلۇق ئىدى. بۇ مازار جايلاشقان ھەزرەت يېزىسى بىزنىڭ سەھرادىكى ئۆيگە يېقىن ئىدى. شۇڭا، دادام مېنى ئون - ئون بىر ياش ۋاقتىلىرىمدىن تارتىپلا ئۇ يەرگە بىللە ئاپىرىپ تاۋاپ قىلاتتى. دادام تەقۋادار ئادەم ئىدى، ئۇ ئاپاق خوجىغا چوقۇناتتى، شۇڭا ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ مازار تولىمۇ ئۇلۇغ ھەم خاسىيەتلىك ئىدى. مەن دادام بىلەن ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگىنىمدە، نادان كىشىلەرنىڭ نالە - رازى بىلەن ھۆمەت سادالىرىغا تولغان بۇ سۈرلۈك يەردىن تېنىم شۈركۈنۈپ، بىزار بولاتتىم. بېشىغا كۈلاھ، ئۈچىسىغا جەندە كىيىۋالغان چۈپۈر باش، تەلەتى سۆرۈن سوپى - دەرۋىشلەر كېچە - كۈندۈز بۇ يەرنى ماكان قىلىپ، كىشىلەر سەدىقە قىلغان نەرسىلەرنى يەپ، ھەمىشە بىكار تەلەپلىك بىلەن چىلىم تارتىپ ئۆتەتتى. مەن ئۇلارنىڭ رەڭگىروھى، يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە گەپ - سۆزلىرىگە قاراپلا قورقاتتىم. لېكىن دادام بولسا، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سەدىقە بېرەتتى، ھەتتا بەزىدە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مازار ئىچىدە دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى.

تاۋاپقا كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئادەتتىكى دۇئا - تىلاۋەتتىن باشقا، ئاپاق خوجىنىڭ مازىرى ئەتراپىدا سەدىپارە بولۇپ،

ئۇنىڭدىن ىنجاتلىق تىلەيتتى، بەخت سورايتتى. بەزى تۇغماس ئاياللار بولسا، مازارغا يۈزىنى يېقىپ، ئۇنىڭدىن پەرزەنت تەلەپ قىلاتتى. ھەتتا بەزى شەيخلەرنىڭ: «ئىلىتىجا قىلغۇچى مازارنىڭ يوچۇق - كامارلىرىغا قولىنى تىقىپ، ئۇ يەردىن نېمە چىقسا شۇنى يەپ خوجامدىن بالا تەلەپ قىلسا، پەرزەنت ئاپىرىدە بولىدۇ!» دېگەن گېپى بويىچە، مازارنىڭ كونىراپ، خىشلىرى ئۇۋۇلۇپ كەتكەنلىكتىن پەيدا بولۇپ قالغان يوچۇق - ئاراچلىرىغا قولىنى تىقىپ، ئۇ يەردىن چىققان قۇرت - قوڭغۇزلارنى شۇ پېتى تىرىك يەيتتى. مەن بۇلارنى كۆرۈپ سەسكىنەتتىم، ھەيران بولاتتىم، تېخى يېتىلمىگەن ئەقلىم ئۇنىڭ تېگىدىكى سىر - ئەسرانى چۈشەنمەيتتى...

مازارنىڭ يېنىدا «شەربەت كۆل» دەپ ئاتىلىدىغان بۇك - باراقسانلىق بىر كۆل بار ئىدى. مەن كۆپ ۋاقىتلاردا دادام بىلەن شۇ كۆلنىڭ بويىدا سەگىدەپ، يېنىمىزغا تۇگۈپ كەلگەن ناننى كۆل سۈيىگە چىلاپ يەيتتۇق ھەم شۇ يەردە ئارام ئالاتتۇق. بۇ كۆل ھەققىدىمۇ بەزى شەيخلەر ئەمرىمەرۇپقا كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيتتى: «شەربەت كۆلىنىڭ سۈيى ئادەتتىكى سۇ ئەمەس، ئۇ ئۆزى زەمزەم. بۇ كۆلنىڭ تۈۋى يوق، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئاپاق غوجامنىڭ مۇئەللەق تۇرغان بىر ھۇجرىسى بار، ئۇ كىشى ھەر كۈنى بەش قېتىم قەبرىسىدىن قوپۇپ، يەر ئاستى يولى بىلەن مۇشۇ كۆلنىڭ ئىچىدىكى ھۇجرىسىغا كېلىپ غۇسۇل تاھارەت ئالىدۇ، شۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ قولى تەگكەچكە، بۇ كۆلنىڭ سۈيى تاتلىق، شەربەت!»

بۇ سۆزلەر ئەينى ۋاقىتتا ماڭا باشقىچە تەسىر قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، مەن ئۇنىڭ قىپقىزىل يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنداق تەشۋىق - تەرغىباتنىڭ پۈتۈنلەي ئۆلگىنىگە شۇنچە ئۇزۇن يىل بولغان ئاپاق خوجىنىڭ نوپۇزىنى، ئىناۋىتىنى ۋە ھەيۋىسىنى داۋاملىق ساقلاش

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن بولۇۋاتقان تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەت-
تىم. ئەمما، بۇ تېخى مەندىكى ھېسسىيات جەھەتتىكى ئۆزگى-
رىش ئىدى. ئاپاق خوجىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشۇم تېخى
يېتەرسىز ئىدى. كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە، يەنىلا ئۇنىڭدىن
ئەيمىنىدىغان، ئۇنىڭ توغرىسىدا باشقىچىرەك گەپ قىلىپ دۇئايى
بەندىكە كېتىشتىن قورقىدىغان بىر خىل روھىي زەئىپلىك مەۋ-
جۇت ئىدى.

كېيىن، 1983 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ئىبراھىم نىياز ئىنستىتۇتنىڭ
شۇ يىللىق ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىدا «ئاپاق خوجا ھاكى-
مىيىتى توغرىسىدا» ناملىق بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان
قىلىپ، ئاپاق خوجىدىن ئىبارەت بۇ «ئۇلۇغ زات»قا تۇنجى ئوق
ئاتقان قەھرىمان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقا تەتقىقات-
چىلارنىڭ يەنە بىرقانچە ماقالىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان
قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى سوپى ـ ئىشانلىقنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى
قازدى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن ئېچىنىشلىق
بالايىئاپەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشى-
لەرنىڭ قەلبىگە ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا ئورناپ كەتكەن ئاپاق
خوجا توغرىسىدىكى ئىلاھىي چۈشەنچىلەر تەدرىجىي ئاجىزلىشىشقا
باشلىدى. دادامنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق مېنىڭ قەلبىمدىمۇ مۇ-
ئەييەن ئورۇنغا ئېرىشكەن بۇ «ئۇلۇغ، مۇقەددەس مۇنار» ئاستا-
ئاستا يىمىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئىجادىيەت پىلانىمدا،
17 ـ ئەسىر تارىخىمىزدا ئېچىنىشلىق، نومۇسلۇق خاتىرىلەرنى
قالدۇرغان بۇ داڭدار شەخس توغرىسىدا بىرەر پارچە ئەسەر يېزىش
ئىستىكى تۇغۇلدى. ئەلۋەتتە، مۇنداق ئىستەكنىڭ تۇغۇلۇشىدا،
مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدا قەلبىمگە ئورناپ كەتكەن ئاچچىق
ئەسلىمىلەرنىڭمۇ رولـى، تۈرتكىسى چوڭ بولدى. مەن شۇ نى-
يەت بىلەن ئاپاق خوجا ۋە ئۇ ياشىغان دەۋر توغرىسىدىكى

ماتېرىياللارنى ئىزدەشكە باشلىدىم. نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەزكىرىلەر قولۇمغا چۈشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ماڭا كۆپرەك نەپ بەرگىنى «ھىدايەتنامە» بىلەن «تەزكىرەئى خوجاھىدايىتۇل-لا» بولدى. گەرچە بۇ ماتېرىياللار پۈتۈنلەي ئاپاق خوجىنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭ ئۇچۇن خاتىرە مۇنار تىكلەش بولسىمۇ، لې-كىن چېكىدىن ئاشقان بۇ خىل تەشۋىق ـ تەرغىباتلار بىلەن ئىلاھلاشتۇرۇشنىڭ ئاستىدا پۈتۈنلەي ساختىلىق بىلەن ئالدامچى-لىقلارنىڭ ياتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

مەن ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىش، ماتېرىيال كۆرۈش ۋە ئويلاش نەتىجىسىدە، «بەختسىز سەئىدىيە» رومانىنىڭ دەسلەپكى قورۇلمىسىنى كاللامدا پىشۇردۇم. ئاساسلىق پېرسوناژ ئاپاق خوجا ئوبرازىنى ھەم تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا ھەم ھەقىقىي ئادەم سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە تىرىشتىم. دېمىسىمۇ، ئوبراز — يازغۇچى ـ سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشى، ئۆگىنىشى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىشى داۋامىدا تۇرمۇش تەمىنلىگەن خام ماتېرىياللارنى تېپىكلەشتۈرۈشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەر بەدىئىي ئوبرازنىڭ ياردىمى بىلەن بىزگە ئوب-يېكتىپ دۇنيادىكى ھەرخىل ئۆزگىرىشلەرنى ئەتراپلىق، كونك-رېت ھەم بىۋاستە ھېس قىلدۇرىدۇ.

مەن بۇرۇن «تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يازماق بىرئاز ئوڭايراق، بۇ خۇددى جىننى سىزماق ئوڭاي بولغانغا ئوخشاشلا بىر ئىش، جىننى ھەركىم خالىغانچە سىزسا بولۇۋېرىدۇ، ئۇنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغاچقا، شۇنداق بولسا كېرەك، دەپ ئىشىد-نىۋېرىدۇ» دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مەن كۆرگەن ئىككى ئەسەردە بىر تارىخىي شەخس ئىككى خىل سۈرەتلەنگەنى-دى. مەسىلەن، «كېلىدۇ بىر كۈن» رومانىدا تارىخىي شەخس رىزاشاھ «چىرايى تاتىراڭغۇ، قانسىز، ئاچچىقى كەلگەندە كۆكىد-رىپ كېتەتتى» دەپ يېزىلغان بولسا، يەنە شۇ شەخس «تېھران»

رومانىدا ، «ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇراتتى» دەپ تەسۋىر-لەنگەن . يەنە مەسىلەن ، «چەت ئەللىكلەرنىڭ چىڭگىزخاننى سۇ-رەتلىشى بىلەن خەنزۇ يازغۇچىلىرىنىڭ سۇرەتلىشى پۈتۈنلەي ئوخشاشمايتتى . دېمەك ، تارىخىي شەخسنى قانداق يازىمەن دېسە ، شۇنداق يازغىلى بولىدىكەن ، بۇنىڭغا كېيىنكى دەۋر ئوقۇرمەنلە-رى ئىشىنىدىكەن ، دەپ ئويلايتتىم . لېكىن ، كېيىنكى ئىجادى-يەت ئەمەلىيىتى ، يەنى ، «بەختسىز سەئىدىيە»نى يېزىش جەريا-نىدا مەن بۇ خىل قاراشنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەسئۇلىيەتچان بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، تا-رىخقا ۋە تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇش ئۇنىڭ ۋىجدانىي بۇر-چى ھېسابلىنىدىكەن . بىپەرۋالىق ، ئېتىبارسىزلىق ھەرگىزمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە گۈزەللىك ھېسسىياتى بىلەن كېلىشەلمەي-دىكەن . مەن رومانني يېزىش جەريانىدا بۇ نەرسىنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلدىم ، بەزى كۈنلىرى بىرەر يىلنامىنىڭ ، بىرەر ئادەم ئىسمىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئايرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىياللارنى ، خاتىرىلەرنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇردۇم ، باش قاتۇردۇم ، ھەتتا يەر ناملىرىنىڭ ، كوچا - مەھەللىلەرنىڭ ، دەريا- ئۆستەڭلەرنىڭ ناملىرىنى ئېنىقلاش ، توغرىلاش ئۈچۈن ، ئۇرۇمچىدىن يەكەنگە بېرىپ ئون نەچچە كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم . دېمەك ، تارىخىي چىنلىق تۇيغۇسى مېنى ئىجادىيەت جەر-يانىدا سەمىمىي ، ئەستايىدىل بولۇشقا ئۈندىدى ، مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە ، تارىخقا ، تارىخىي چىنلىققا بويسۇنۇشقا ، ھۆرمەت قىلىشقا تىرىشتىم .

مېنى ئىجادىي قىزغىنلىق بىلەن تەمىنلىگەن تارىخىي ماتې-رىياللار كۆپ بولغاچقا ، يېزىشقا تېگىشلىك كىشىلىك تۇرمۇش مەنزىرىسىمۇ كەڭ ئىدى . لېكىن مەن ئاپاق خوجا ئوبرازىنى يارىتىش ۋە ئەينى زامان تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ، ئۈچ تارى-خىي ۋەقەنى ئاساسىي سۈژىت لىنىيىسى قىلىپ يازدىم ، بۇ ئۈچ

تارىخىي ۋەقەنىڭ بىرسى ، ئاپاق خوجىنىڭ جۇڭغار باسقۇنچىلىرى-
نى باشلاپ كېلىپ ، يەكەندە بىر يېرىم ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن
سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ، ئۆزىنى «خان» دەپ جاكارلىغان-
لىقى ۋە دۆلەتنى ۋەيران قىلىپ ، خەلققە بالايىئاپەت ياغدۇرغانلى-
قى ؛ ئىككىنچىسى ، خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش يولىدا ، جۇڭغار
ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، دىنىي
ئەقىدىسىدىن ، مىللىي غۇرۇرىدىن ، ئادەملىك خىسلىتىدىن ۋاز
كېچىپ ، لاسادا توقسان كۈن بۇتقا باش ئۇرۇپ ، دالاي لامانىڭ
ئايىغىدا كۈچۈكلەنگەنلىكى ؛ ئۈچىنچىسى ، تەختنى تارتىۋالغاندىن
كېيىن ، قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ ، ئۆزى بىلەن بىر
پىكىردە بولمىغان نۇرغۇن دىنىي ئۆلىمالارنى ، ئالىم- مۇدەررىس-
لەرنى ، خەلق ھىمايە قىلىدىغان مۆتىۋەر زاتلارنى ئۆلتۈرگەنلى-
كى ، نۇرغۇن قىممەتلىك كىتابلارنى ، مەدەنىي مىراسلارنى ،
مەشھۇر مەدرىسە - بىلىم يۇرتلىرىنى كۆيدۈرگەنلىكى...
مېنىڭچە ، 17 - ئەسىر تارىخىدا يۈز بەرگەن مۇشۇ ئۈچ
چوڭ پاجىئەنىڭ ئۆزىلا ئاپاق خوجىنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەن-
لىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتىپ ئاشاتتى . بۇ ھېچكىم ئىن-
كار قىلالمايدىغان تارىخىي پاكىت ۋە تارىخىي چىنلىق ئىدى .
ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق رەزىل قىلمىشلىرى ، قارا نىيەتلىكى ،
دىلى بىلەن تىلى ئوخشاشمايدىغان ساختىپەزلىكى بىلەن ، تارىخى-
مىزدا ئاجايىپ پاجىئەلىك تەقدىر - قىسمەتلەرنى پەيدا قىلغان.
مىللىتىمىزنىڭ روھىيىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان
تەپرىقىچىلىك ، ھەسەتخورلۇق ، يۇرتۋازلىق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك
قاتارلىق يامان ئىللەتلەر ئەنە شۇ چاغدىن مىراس بولۇپ كەلگەن
روھىي جاراھەتلەردۇر . مانا شۇ دەۋرلەردە ، مىللىي روھ ۋە
مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى
يامرىتىۋەتكەن سوپى - ئىشانلىق بىلەن ئەسەبىي دىنىي تەرەپباز-
لىققا ئورۇن بوشاتتى . «بىرنەچچە يۈز يىل داۋاملاشقان ئەنە شۇ

www.uyghurkitap.com

دىنىي ئەسەبىيلىك ، ئەشەددىي تەپرىقىچىلىك جەريانىدا، قۇيۇق جاھالەت تۇمانلىرىغا غەرق بولغان بۇ مىللەت ئىچكى دەرىجىدىكى روھىي چېكىنىش ۋە روھىي مەھكۇملۇق ئىچىدە ئۆزىنى ئۇنتۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى ... » مانا بۇ ، شۇ دەۋرنىڭ ۋە شۇ دەۋردە ياشىغان ئادەملەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن تارىخىي ئۇقۇم . ۋەھالەنكى ، ئەدەبىي ئەسەرنى ھەرگىزمۇ تارىخىي ئۇقۇملار بىلەن يازغىلى بولمايدۇ . شۇڭا مەن «بەختسىز سەئىدىيە» رومانىدا ، ئەينى زامانىنىڭ مانا شۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسىدە كۆپ باش قاتۇردۇم .

يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ھەرقانداق بىر ئۇقۇم — مەيلى ئۇ سىياسەت بولسۇن ، تارىخ بولسۇن ياكى رېئاللىق بولسۇن — جەزمەن تۇرمۇشقا ئايلىنىشى كېرەك . ئىجتىمائىي تۇرمۇش ماھىيىتى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . ئەسەردە تۈپ ئىدىيە ۋە مۇددىئانى ، غايە ۋە ئىرادىنى كونكرېت بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈش — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسلىق قانۇنىيىتى . ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ ئەنە شۇ ئوبرازدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ، ئۇ كىشىلەردە بىۋاسىتە سېزىم پەيدا قىلىپ ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ . مەن ئىجادىيەتنىڭ مانا شۇ قانۇنىيىتى ئاساسىدا ، رومانىدا ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ، ئىسمەن بوقا ۋە دەرۋىش خوجىدىن ئىبارەت ئۈچ بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىپ ، ئەينى دەۋرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى شۇلارنىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى ۋە تەقدىر - قىسمەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشتىم . بىر كىشىنىڭ قىممىتىنى تولۇق كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، شۇ كىشىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ تولۇق نامايان بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك شەرت -

شارائىت ھازىرلاپ بېرىش كېرەك .
رومانىدىكى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى — مېنىڭ بۇ ئەسەردىكى يورۇقلۇققا ، ھەقىقەتكە ، مەرىپەتكە ، ئۈمىد ۋە كامالەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان غايىۋى پېرسوناژىم ، ئۇ بىلىملىك ، دانا ، قەيسەر ھەم خەلقپەرۋەر زات . شۇڭا ئەسەردە باشتىن ـ ئاخىر ئاپاق خوجىنىڭ مەنىۋى رەقىبى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ . ئاپاق خوجا گەرچە سىستېمىلىق مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئاتا ـ ئانىسىدىن نۇرغۇن بىلىم ئالغان ، تەربىيە كۆرگەن ۋە ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرنەچچە خىل تىلنى ئۆگىنىپ ، ئۆزلۈكىدىن نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان سۆزمەن ، چېچەن ، قاغدالما ئادەم . ئەگەر ، ئۇنىڭدا ئۇنداق ئىقتىدار ، قابىلىيەت بولمىغان بولسا ، شۇنچە نۇرغۇن خەلق ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ، ئارقىسىدىن ئەگەشمىگەن بولاتتى . مەن مانا شۇنداق كۈچلۈك بىر رەقىبكە تاقابىل تۇرالايدىغان ئادەمنى تېپىش مەقسىتىدە تارىخىي ئىزلاردىن پايدىلىنىپ ، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى ياراتتىم . گەرچە ئۇ بەدىئىي ئوبراز بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىزى ، سۆزى ۋە سىيماسى شۇ دەۋردىكى بىرمۇنچە ھەقىقىي ئىسلام ئۆلىمالىرى بىلەن ھۆكۈمالىرىدا ئۇچرايدۇ ، شۇڭا ئۇ تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن تارىخ چىنلىقىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان غايىۋى ئوبرازدۇر .
رومانىدا تەسۋىرلەنگەن دەرۋىش خوجىنىڭ ھاياتىغا دائىر سەھىپىلەر : ئۇنىڭ ئاپاق خوجىغا ئەگىشىشتىكى قەتئىيلىكى ، پىداكارلىقى ۋە ئەڭ ئاخىر ئاپاق خوجىنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈش يولىدا ئۆز دادىسىنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرگەنلىكى ؛ ئىسەن بۇقىنىڭ بولسا ، «رەشىدىيە مەدرىسى»نىڭ كۆيدۈرۈلۈشى ۋاقتىدىكى روھىي ئازابى ، ئاپاق خوجىنىڭ پەرمانى بىلەن دوست مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈش جەريانىدىكى روھىي كەچمىشلىرى ۋە ئاخىر بېرىپ ، ئاپاق خوجا سالغان قاتمۇ قات مەنىۋى كىشەنلەردىن قۇتۇلالماي ، مەجنۇن ـ ساراڭ بولۇپ كوچىغا چىقىپ كەتكەنلىكى قاتارلىق

كۆرۈنۈش — كارتىنىلار ئەنە شۇ ئىككى ئوبرازنى ئىندىۋىدۇئال-لىقىنىڭ نامايان بولۇشى ھەم راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغان شەرت- شارائىتلاردۇر.

يازغۇچى يالغۇز پېرسوناژنىڭ تىلى بىلەنلا يازماي، بەلكى ئۇنى ئۆز ئىچىدىن گەپ قىلدۇرۇشنى بىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئىچىدىن سۆزلىتىلگەندىلا، قەھرىماننىڭ ئىچكى ئالىمى ئېچىلى-دۇ. پېرسوناژنىڭ ئىچكى ئالىمىنى، ئىچىدىكى سىرلىرىنى، ئىچىدىكى دەرد - ئازابىنى يازغۇچى ئۆز تىلى بىلەن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىدۇ. مەن روماندا، ئىسەن بۇقىنىڭ ئاپاق خوجىغا بولغان ئېتىقاد - ئىخلاسىنىڭ بارا - بارا ئاجىزلىشىشى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى رېئاللىققا بولغان تونۇشىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى ئەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن ئېچىپ بېرىشكە تىرىشتىم. ئىسەن بۇقا ھەر قېتىم بىرەر چوڭ ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە تەۋرىنىش، گۇمان ۋە دېلىغۇللۇقلار پەيدا بولى-دۇ، لېكىن ئۇ يەنە ئۆزىنى بەزلەيدۇ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ، دەرد - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، چوڭقۇر روھىي ئازاب بىلەن چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ دىل كۆزى ئاپاق خوجا تەرىپىدىن كور قىلىنىۋېتىلگەچكە، ھېچقانداق چىقىش يولى تاپال-ماي، ئاخىر ئاپاق خوجا بەلگىلەپ بەرگەن ھايات چەمبىرىكى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ساراڭ بولىدۇ. ئەينى زاماندا، ئۇنىڭ تەقدىر قىسمىتىنىڭ باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ كىشىلەرنى جاھا-لەت، زالالەت، دىنىي ئەسەبىيلىك روھىدا كۈچەپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە، بىر تۈركۈم ئادەملىك خىسلىتى، غۇرۇرى ۋە رو-ھىيىتى دەپسەندە قىلىنغان، مۇستەقىل ياشاش، مۇستەقىل پى-كىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان روھى ئەبگار، جىسمانىي مېيىپ تەركىدۇنياچى قۇللار يېتىشىپ چىققانىدى. ئۇلار دەل ئاشۇ ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرگەن دەرۋىش خوجىغا

ئوخشاش قارانىيەت، ياۋۇزلار ئىدى. شۇنداقلا يەنە، ئۆز تەقدىرى-
نى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزگەرتىشكە قۇر-
بى يەتمەي روھىي ئازابتا سارالڭ بولۇپ كەتكەن ئىسەن بۇقىغا
ئوخشاش روھى زەئىپ، قارشىلىق كۆچى يوق ئاجىز - بىچارىلەر
ئىدى...

بۇ ئىككى ئوبراز گەرچە تارىخىي شەخس بولمىسىمۇ، ئەمما
ئۇ، شۇ دەۋرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتە يازغۇچى-
نىڭ تارىخىي چىنلىق قايىمىدىن قاڭقىپ چىقىپ، تەسەۋۋۇر
كۈچى بىلەن ياراتقان بەدىئىي ئوبرازلىرىدۇر. ۋەھالەنكى، ئۇ
ئوقۇرمەنلەرگە يەنىلا شۇ دەۋردە ياشىغان يۈزلىگەن، مىڭلىغان
تارىخىي ئادەملەرنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىر - قىسمەتلىرىنىڭ ۋە-
كىلى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا تارىخىي چىن-
لىق بىلەن بەدىئىي چىنلىق زىچ باغلانغاچقا، شۇ دەۋر تۇرمۇشى-
نىڭ ئىزناسى بىلەن شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتى
ئىپادىلەنگەن.

دەرۋەقە، يازغۇچىنىڭ قەلىمى بىلەن قەغەزگە پۈتۈلگەن نەر-
سە چوقۇم بەدىئىي ھەقىقەتكە ئايلىنىشى لازىم. بەدىئىي ھەقىقەت
پەلسەپىۋى چۈشەنچە. ھايات ھەقىقىتىنى بەدىئىي ھەقىقەتكە ئاي-
لاندۇرۇش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. چۈنكى، ھايات ھەقىقىتىنى
ئەكس ئەتتۈرۈشتە، تۇرمۇشنى شۇ پېتى ئەسەرگە كۆچۈرۈپ
قويسا بولمايدۇ. ئەگەر يازغۇچىلىق تۇرمۇشتىن نۇسخا ئېلىش-
تىنلا ئىبارەت بولسا، بۇ خۇددى باشقا كىتابلاردىن ئەينەن كۆچۈ-
رۈپ قويغاندەكلا ئىش بولىدۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق خاسلىق بول-
مايدۇ. خاسلىق دېگەن ھايات ھەقىقىتىنى كۆڭۈلدىن ئۆتكۈ-
زۈش، ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى سىڭدۈرۈش، تىلەك -
ئىستەكلەرنى قوشۇپ ئىپادىلەش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. يازغۇ-
چىنىڭ ئىستېداتى، ئىجادىي خاسلىقى، بەدىئىي — پەلسەپىۋى
تەپەككۇر سەۋىيىسى دەل شۇ جەرياندا، يەنى ھايات ھەقىقىتىنى

بەدىئىي ھەقىقەت قىلىپ يېزىش جەريانىدا نامايان بولىدۇ. بەدىئىي ھەقىقەتنىڭ قەدرى - قىممىتىمۇ، كۈچ - قۇدرىتىمۇ دەل ئەنە شۇ يەردە!

يۇقىرىقىلار مېنىڭ تارىخىي رومان «بەختسىز سەئىدىيە»نى يېزىشنىڭ ئالدى - كەينىدە ئويلىغان، ھېس قىلغان ھەم ھەل قىلغانلىرىم. بۇنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، پەقەت ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئەمەلىي ئىشلار بولغاچقا، كەسىپداش - قەلەمداشلىرىم بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى، ئەرزىمىسىمۇ كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە سۆز بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

2002 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# ئەل سۆيگەن ئەدىب

(مەرھۇم زوردۇن سابىر ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىغا ئاتاپ)

ئادەم ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ، لېكىن ئۆلۈمنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر شاھتەك ياشاپ گادايدەك كېتىدۇ، بەزىلەر بولسا، گادايدەك ياشاپ شاھتەك كېتىدۇ!

ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەنە شۇنداق گادايدەك ياشاپ، شاھتەك كەتكەنلەرنىڭ بىرسى. چۈنكى ئۇ، ئەل سۆيگەن ئەدىب ئىدى. شۇڭا ئەل ئۇنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ كاتتا شۆھرەت ئاتا قىلدى!

زوردۇن سابىر پۈتۈن تالانتىنى، ئىلھامىنى، بىلىمىنى ئەل ـ خەلقكە، ئەل ـ خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە بېغىشلىغان ھەقىقىي خەلق يازغۇچىسى ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا ئەل ـ يۇرتنى مەدھىيىلەپ، ئۇلۇغلاپ كەلدى، ئەل ـ يۇرتمۇ ئۇز نۆۋىتىدە ئۇنى ئەزىزلەپ، ئالقاچان سۆيۈملۈك ئەدىبلىرى قاتارىغا قوشقانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئەل ـ يۇرت ئاردىسىدىن ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى. كەتكىنىگىمۇ مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل بولۇپ قالدى. جۇدالىقتا، سېغىنىشقا ۋە ھەسرەتكە تولغان بۇ بىر يىل جەريانىدا يازغۇچىنىڭ دىلكەش قەلىمى يېزىق ئۈستىلىدە قىمىرلىماي مۈگدەپ يېتىپتۇ، يازغۇچىنىڭ ياتاق ئۆيى ئەمدى جىمجىت، ئىشكاپتىكى كىتابلار، چالا قالغان سەھىپىلەر خۇددى ئۇ ھازىرلا كىرىپ كېلىدىغاندەك ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ... ئەنە، ئۇنىڭ «كەنجى ئوغۇل» ناملىق ھېكايىسى ئەنە شۇنداق تۇرمامدۇ؟ ئۇ

ۋاپاتىدىن بىر كۈن بۇرۇنقى ئاخشىمى بۇ ھېكايىسى باشلاپ ، مۇنداق جۈملىلەرنى يازغان : «... دادام ھەر كۈنى چۈشۈمگە كىرىدۇ ، چۈشۈمدە قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان ، كىچىككىنە كۆزلىرىگە قانچە قارىساممۇ خۇشاللىقنىڭ ئىزنا كۆرۈنمەيدىغان دادامنىڭ سوغۇق چىرايىنى كۆرىمەن ...»

ھېكايە ئۈچ بەت يېزىلىپ ، تۆتىنچى بەتنىڭ بىرنەچچە قۇرلىرى تۆۋەندىكى گەپلەر بىلەن ئاخىرلاشقان : «مېنىڭ ئىسمىم ئەزان چاقىرىپ قويۇلغان ‹ئەلى›دىن ‹ھەي بالا›غا ئۆزگەردى ، ‹ھەي بالا ، پۈتۈمنى يۇيۇپ قويغىنە !› دەيدۇ تېخى ئۆپكە ـ ھېسىپ ساتىدىغان ھېلىقى سەت خوتۇن ! ...» مانا بۇ ئەسەر ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ تاماملىنىشىنى كۈتكەندى ، ئەپسۇسكى ، ئۇ قايتىپ كېلەلمەيدىغان بولۇپ ئەبەدىيلىككە كەتكەندى !

ئۆز ئىجادچىلىقىدىن ئايرىلىپ مۇڭغا ، غېرىبلىقىقا تولغان مانا شۇ ئۆيدە ، ئۆز ۋاقتىدا ئۆتمۈش ، بۈگۈن ۋە كەلگۈسى ئەدەبىيات ھەققىدە نۇرغۇن قېتىم قىزغىن سۆھبەتلەر بولغان بۇ ئۆي ، ياش يازغۇچى ، ھەۋەسكارلار ئۈچۈن بىر بىلىم يۇرتى ئىدى . مەنمۇ بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئەدەبىيات ۋە ئىجادىيەت ھەققىدە سۆزلىشىپ بىلىم ئالغان ، بەدىئىي دىت يۇقتۇرغان .

يازغۇچىنىڭ ئۆمرى يىل بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ ، بەلكى ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ شېرىن مېۋىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ . يازغۇچى زوردۇن سابىر قىرىق نەچچە يىللىق ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى مېۋىسىز ئۆتكۈزگىنى يوق . ئۇ ، كۈنلەرنىڭ ، ئايلارنىڭ ، يىللارنىڭ بويىنىغا ھالال تەرى ، جاپالىق ئەجرى بىلەن ئۈنچە ـ مارجانلاردىن تىزىق ـ تىزىق ئاسقا ئاستى . شۇڭا ئۇنىڭ يولى ، ئۇنىڭ قۇدرىتى ، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى ئەسەرلىرىدە قالدى ! مانا بۇ ، ئىجادنىڭ ئۇلۇغلۇقى ، ئىجادكارنىڭ شان ـ شۆھرىتى !

زوردۇن سابىرنىڭ ئۇيغۇر پىروزا تىزىملىكىگە ئالتۇن

ھەرپلەر بىلەن يېزىپ قالدۇرسا بولىدىغان ئەسەرلىرى ناھايىتى
كۆپ . بۇ ئەسەرلەر يازغۇچىنىڭ پەلسەپىۋى قۇدرىتىنى ، سۆز
سەنئەتكارلىقىنى ، ھايات ھادىسىلىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر بىلىدى-
غانلىقىنى ئوچۇق نامايان قىلدى . بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغان ئادەم-
نىڭ خىيالىدا ئاجايىپ تۇيغۇلار ئويغىنىدۇ ، ئۇنىڭ تەسىرى
بىلەن ئۇزاققىچە تىنچلىنالمايدۇ ، ئويلايدۇ ، ئاھ ئۇرىدۇ ، كۈلى-
دۇ ، يىغلايدۇ ...

ئۇنىڭ «ئاۋرال شامالىلىرى» ، «ئىزدىنىش» ، «ئاتا» ،
«خىرە دېرىزە» ، «زاماندىشلار» ، «دولان ياشلىرى» ، «قەرز-
دار» ، «ئېھ ، توپىلىق يول» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ھاياتىي دې-
تاللار ناھايىتى كۆپ ، ئۇ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلار ئادەمگە تى-
رىكتەك تۇيۇلىدۇ ، پۈتۈن بارلىقى بىلەن كۆز ئالدىڭىزدا نامايان
بولىدۇ . ئۇنىڭ تاغ - دالا توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرىنى ئوقۇسى-
ڭىز ، گويا كۆكسىڭىزگە مۇزدەك ئىدىر سالقىنى ئۇرۇلغاندەك
راھەت ھېس قىلىسىز ! ...

ئۇ ، تامچە سۇلارنى دولقۇنلىتىپ دەرياغا ئايلاندۇرالايتتى ،
سۆيگۈ - مۇھەببەتتىن يالقۇنلۇق ھايات ياسايتتى ، ئاددىي ، كى-
چىك ھەقىقەتلەردىن ناھايىتى چوڭقۇر ، ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى تو-
قۇپ چىقاتتى . بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب : ئۇنىڭ يۈرىكى كۈچ-
لۈك ھېس - تۇيغۇلارغا تولغانىدى ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ،
ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ھەقىقىي سەنئەتكە خىزمەت قىلىدىغان كۈچلۈك
بىر مەنىۋى قۇدرەت بار ئىدى . ئۇ پىشقان قەلىمى ، ئۆتكۈر تىلى
ئارقىلىق ئەنە شۇ ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن مەنىۋى قۇدرىتىنى
ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەيتتى . ئۇ ئەسەرلىرىدە ھاياتنىڭ
ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ، ئادەملەرنىڭ نازۇك روھىي دۇنياسىغا
شۇڭغۇپ كىرەلەيتى ، ئاۋام خەلقنىڭ ئىستەك - تەلەپلىرى بىلەن
ھەمنەپەس بولالايتى . زوردۇن سابىر ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ
بۇ ئىستەك - تەلەپلىرىنى ئۆزىنىڭ يۈرەك تۇيغۇلىرىغا تەقدىرداش

قىلىپ سىڭدۇرۇۋەتكەنىدى ! ...

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۆسۈپ چىقالماسلىقتەك بۇ ئاجىزلىق ھەمىشە زوردۇن سابىرنى ئۆكۈندۇرەتتى، يۈرىكىنى ئۆرتەيتتى.

1998 ـ يىلى ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدا مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. بىز ھويلىمىزدىكى ئەمدى ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىشقا باشلىغان سىرىنگۈللىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. پاراڭ ئارىسىدا ئۇ تىت ـ تىت بولغان ھالدا:

— بىزدىنمۇ نېمە ئۈچۈن بالزاك، تولىستوي، شولوخوف-دەك يازغۇچىلار چىقمايدۇ ! — دېدى خۇرسىنىپ، — ئەدەبىياتنىڭ رولىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، ئۆز ۋاقتىدا بىر پوشكىن رۇسلارنى دۇنياغا تونۇتقان، بۈگۈنكى كۈندە چىڭغىز ئايتماتوف قىرغىزلارنى دۇنياغا تونۇتتى. مەن گېرمانىيىگە بار-غان ۋاقتىمدا قاتتىق ئازابلاندىم، «ئۇيغۇر»، «ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تى» دېسە ھېچكىم بىلمەيدىكەن ! بۇنداق ئەھۋالنى پەقەت ئۆز ئەسەرلىرىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، دۇنيا سەھنىسىگە چىقىرىش ئارقىلىقلا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. مەن خۇدايىمدىن جىق ئۆمۈر تىلىمەيمەن، ئادەم كۆپ ياشاپ كەتسىمۇ قەدرى بولمايدۇ، ماڭا خۇدايىم يەنە بەش ـ ئالتە يىل ئۆمۈر بەرسە، ئاز ـ تولا ئىشلىۋال-سام دەيمەن ! ...

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆزىدەك ساددا ۋە سەمىمىي ئىدى. مەن بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۇزۇندىن بېرى ئىشلەۋاتقان تۆت توملۇق «زېمىن سۆيگۈسى»[①] ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا سورىدىم.

— ھازىر ئۇ ئەسەر تۆت توملۇق بولماي قالدى دەڭە ئۇكا، نەشرىياتتىكىلەر ئۈچ توملۇق قىلايلى دېدى، مەنمۇ قوشۇلدۇم، ئىسمىنىمۇ «ئانا يۇرت»قا ئۆزگەرتتىم، — ئاندىن ئۇ تىرىلوگى-يىدىكى ئۇرۇش سەھىپىلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق

---

① شۇ چاغدا يازغۇچى بۇ تۆت توملۇق ئەسىرىگە «زېمىن سۆيگۈسى» دەپ نام قويغان.

دېدى ، — ئويلاپ قارىسام ، ھازىرغىچە بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە ئۇرۇش توغرىسىدا ياخشى يېزىلماپتۇ ، كۆڭلۈم قانائەت تاپمىدى ، يېقىندا تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» بىلەن شولوخوفنىڭ «تىنچ دون»نى قايتا كۆرۈپ چىقتىم . بۇلاردا ئۇرۇش سەھنىلىرى ئاجايىپ يېزىلغان ، ئادەمگە تەسىر قىلىدۇ ، ئېسىدە قالىدۇ ، ھاياجانلاندۇرىدۇ . چۈنكى ، ئۇلار ئۇرۇش توغرىسىدىكى شۇنچە كەڭ بايانلاردىمۇ يەنىلا ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ نازۇك ، پىنھان روھىي دۇنياسىنى يازغان ، ئۇرۇش ئىچىدىكى ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇرەككەپ ، سىرلىق مۇناسىۋەتلىرىنى يازغان . مەن بۇ تىردىلوگىيەمدىمۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى سەھنىلەرنى چوڭقۇرراق ، جانلىقراق ، تەبىئىيرەك يېزىشقا تىرىشماقچىمەن ، ھازىر شۇ يەرلەرنى قايتا ئىشلەۋاتىمەن ! ...

ئۇ سۆزىدىن توختاپ ، بىرئاز جىملىقتىن كېيىن مېنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىمنى سورىدى . مەن «سەرسان روھ» رومانىم توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم ۋە رومانىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىمنى ، ئەمما رومانىنىڭ ئىسمى توغرىسىدا تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمىگەنلىكىمنى ئېيتتىم . شۇ چاغدا ئۇ ماڭا ئىلھام بېرىپ :

— رومانىنىڭ ئىسمى ياخشى بوپتۇغۇ ! — دېدى قايىل بولغان قىياپەتتە ، — گەرچە بىزنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇۋاتقان ئادەملىرىمىز جىسمانىي جەھەتتە ئەركىن ، ئىقتىسادىي جەھەتتە باياشات بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار روھىي جەھەتتە ھامان سەرسانلىقتا ، مىسكىنلىكتە ياشماقتا . مەن سىزگە گېرمانىيىدىكى بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەي ، دەپ بىر ئۆزبېكنىڭ تەسىرلىك ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەردى . مەن ئۇنى شۇ كۈنىلا رومانىنىڭ «يىلان ۋەقەسى» دېگەن بابىدىكى باھاۋۇدۇن مىرزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى ئىچىگە تولۇقلاپ كىرگۈزدۈم .

كېيىن مەن «سەرسان روھ» رومانىمنى تۈگىتىپ ، ئاققا كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە

www.uyghurkitap.com

رومانىمنىڭ ئورىگىنال نۇسخىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىش تە-
لىپىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەقسىتىم، نەشرىياتقا بېرىشتىن بۇ-
رۇن، بىر قىسىم يازغۇچى، ئوبزورچى ۋە تەھرىرلەرنىڭ پىكىر-
نى ئاڭلاپ بېقىش، ئەڭ مۇھىمى، ئەسەر چەت ئەللەرنىڭ تۇرمۇ-
شىغا چېتىشلىق بولغاچقا، سەگەكرەك، ئېھتىياتچانراق بولۇش
كۆزدە تۇتۇلغانىدى. مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى زوردۇن سابىر قوللى-
دى ۋە ئۆزى يول مېڭىپ، مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن كېرەك
بولىدىغان ئاز - تولا راسخوتنى ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
1998- يىلى 7- ئاينىڭ باشلىرىدا، زوردۇن سابىر، قەييۇم
تۇردى، مەتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەد پولات، ماخمۇتجان ئىس-
لام، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم قاتارلىق ئون نەچچە يازغۇچى، ئوبزور-
چىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «سەرسان روھ» رومانى ئۈستىدىكى
مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. مەن رومانىنى ھەربىر باب ۋە ئابزاس-
لار بويىچە تونۇشتۇردۇم. ئارقىدىن بەزى دۆچ كەلگەن قىيىن
مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلغانلىقىم، بۇنىڭ توغرا بولغان -
بولمىغانلىقى توغرىسىدا پىكىر قويدۇم. يىغىن قاتناشچىلىرى
ئەسەر ئۈستىدە قىزغىن مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، ناھايىتى ئەھ-
مىيەتلىك، ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ چاغدا،
زوردۇن سابىر رومانىنىڭ «ئىشق سەۋداسى» بىلەن «غايىب بول-
غان مەشۇق» دېگەن ئىككى بابى ئۈستىدە ئەستايىدىلراق پىكىر
قىلدى. ئۇ ئۆز پىكرىدە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دىنىي قانۇنى
بىلەن ئەخلاق قانۇنى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇنداق سەزگۈر، نا-
زۇك مەسىلىلەر توغرا ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا ياخشى
بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئېھتىياتچان بولۇش لازىملىقىنى، ئەڭ
ياخشىسى، سۆيگۈ - مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدىغان بۇ بابلاردىن ۋاز
كېچىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. لېكىن مەن بۇ بابلاردىن ۋاز
كېچىشنى خالىمايتتىم. چۈنكى بۇ بابلاردا دىنىدىن، مىللەتتىن،
قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، چېگرا ئايرىلمايدىغان، ئىنسانلار

ئۇچۇن ئورتاق بولغان — ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇلار يېزىلغانىدى .
شۇڭا مەن يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، زوردۇن سابىر-
نىڭ پىكرى چىققان ئاشۇ ئىككى بابنى ئۇنىڭ تەپسىلىي كۆرۈپ
بېقىشى ئۇچۇن بەردىم . ئۇ شۇ كۈنى كەچتىلا كۆرۈپ ، ئەتىسى
ماڭا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى پىكرىدىن يانغانلىقىنى ، بۇ بابلارنىڭ ياخ-
شى يېزىلغانلىقىنى ، پەقەت بەزەن يەرلىرى يەنىمۇ تولۇقلىنىپ
كۈچەيتىلسىلا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۆزىنىڭ
ئويلىغان پىكىرلىرىنى بەردى ، ئۇنىڭ پىكرى ماڭىمۇ ياردى ،
مەن شۇ ئاساستا بۇ ئىككى بابنى قايتا ئىشلىدىم . زوردۇن سابىر
يەنە ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، تۇيۇقسىز ماڭا تېلېفون
بېرىپ ، رومانىم توغرىسىدا بىرنەچچە بەتلىك تەسىرات يېزىپ
قويغانلىقىنى ، ئەگەر لايىق بولسا ، رومان بىلەن بىللە نەشرىياتقا
بېرىشىمنى ئېيتتى . مەن شۇ كۈنىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ، ئۇ
يېزىپ قويغان تەسىراتنى كۆردۈم . ئۈچ يېرىم بەتكە قىستاپ
يېزىلغان بۇ تەسىرات ماقالىسىگە « ‹سەرسان روھ ›نىڭ گۈزەل
ئىستەكلىرى » دەپ ماۋزۇ قويۇلغانىدى . مەن ئۇنى ئوقۇپ ناھايى-
تى ھاياجانلاندىم . ئۇنىڭ بۇ قىسقىغىنا تەسىرات ماقالىسىدە ،
«سەرسان روھ » رومانىغا بولغان باھا ۋە ئۈمىدىدىن باشقا ، ئۇنىڭ
ھاياتقا ، تارىخقا ، خەلقىمىزگە ۋە مۇقەددەس ئانا تۇپراققا بولغان
مېھىر- مۇھەببىتى چوڭقۇر ھەم سەمىمىي ئىپادىلەنگەنىدى . مەن
ئۇنىڭ بۇ كىچىككىنە تەسىراتىدىن بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇ-
سىغا ئىگە ھەربىر يازغۇچىنىڭ ھاياتنى قەدىرلەشنى ، ئىجادىيەتنى
سۆيۈشنى ، ئۇنىڭ پاكلىقى ۋە گۈزەللىكى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت
كۈرەش قىلىش زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدىم . كىم بىلسۇن ،
زوردۇن سابىرنىڭ بۇ قىسقىغىنا تەسىرات ماقالىسى ئۇنىڭ قىرىق
نەچچە يىللىق جاپالىق ئىجادىيىتىنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان
ئەڭ ئاخىرقى تەۋەررۈك ئەسىرى ، شۇنداقلا ماڭا قالدۇرغان ئەڭ
قىممەتلىك يادنامىسى بولۇپ قالدى !

ئەپسۇسكى ، ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇلىرى ۋە چىراي-لىق ئىجادىيەت پىلانلىرى بار ئىدى . مېنىڭ بىلىشىمچە ، ئۇنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىر قىزنىڭ پاجىئەلىك ھايات سەرگۈزەشتىسى تەسۋىرلىنىدىغان يېڭى بىر رومان بىلەن نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» قا ئوخشىتىپ يازماقچى بولغان «44 ـ قورۇدىكى ئىشلار » ناملىق ئەسلىمە كىتابى شۇ پېتىچە قالدى . يازغۇچى بۇ ھەقتە ماڭا : «پىشقەدەملەردىن تارتىپ قاھار جېلىلغىچە بولغانلار توغرىسىدا نەۋائىينى دوراپ ‹مەجالىسۇن نەفائىس›قا ئوخشاش بىر كىتاب ئىشلەۋاتىمەن» دېگەنىدى . ئۇنىڭ يەنە چەت ئەللىك مەشھۇر يازغۇچىلارغا ئوخشاش ، ئۆزى ئۈچۈن بىر «خاتىرە سارد-يى» قىلىش ئارزۇسىمۇ بار ئىدى . بۇ ھەقتە ئۇ ماڭا : 1998-يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بىر خىزمەتدىشىمىزنىڭ «ئۇزۇمزار رېستورانى »دا ئۆتكۈزگەن توي مەرىكىسىدىن بىللە قايتىپ كېلى-ۋېتىپ مۇنداق دېگەنىدى : «مەن گېرمانىيىگە بارغان ۋاقتىمدا ، مىيۇنخېنغا سېلىنغان گىيوتې ، ھىنرىخ ھېينىلارنىڭ خاتىرە سا-رايلىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلدىم . ئۇلار ئۇنى قالتىس ئىشلەپتۇ . پۈتۈن خاتىرە سارىيى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ . شۇ يازغۇچىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ، ئۆيى ، باللىق دەۋرى ، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى ، كېيىنكى دەۋرلى-رى ، ھەر باسقۇچلۇق قولىيازمىلىرى ، كىتاب ۋە خەت ـ چەكلى-رى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى فوتو رەسىم ۋە تەسۋىرىي رەسىم شەكلىدە كۆرسىتىلىپتۇ ، ئادەم بۇ خاتىرە سارايىنى بىر ئايلىنىپ چىقسىلا ، شۇ يازغۇچىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىن ۋە شۇ دەۋردىن تولۇق خەۋەردار بولالايدىكەن ... لېكىن بۇنداق ئىشنى بۇ يەردە بىز ئۆزىمىز قىلمىساق ، باشقىلار قىلىپ بەرمەيدۇ ، مەن يېزى-مىزدىكى بوستان دادۇي تەۋەسىدىن بىر ئاز يەر ئۇقۇشۇپ قوي-دۇم ، خـۇدا بۇيرۇسـا ، ‹ئانا يۇرت› ترىلوگىيىسىنىڭ قەلەم

ھەققىنى شۇ ئىشقا ئىشلىتىمەن . ئۆز ۋاقتىدا «ئاۋرال شامالل-
رى ، رومانىنى يازغاندا ئۇستەل قىلىپ ئىشلەتكەن يوغان كۆتەك-
نى توغقانلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم ، ئۇمۇ ۋاقتى كەلگەندە
خاتىرە سارايغا زىننەت بولىدۇ ، دەڭە...»
ئەپسۇسكى ، يازغۇچىنىڭ بۇ ئارزۇسىمۇ ئارزۇ پېتىچە قال-
دى . ئەڭ ئازابلىقى ، ئۇ شۇنچە يىل جاپالىق ئىشلەپ پۈتتۈرگەن
ۋە نۇرغۇن ئاررزۇلىرىغا ھامىي بولغان «ئانا يۇرت» تىرىلوگىيە-
سىنىڭ نەشر. قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان كىتاب نۇسخىسىنى كۆ-
رۇشكە ئۇلگۇرەلمىدى ، كۆرگەن بولسا قانداق سۆيۈنەرىدى ! چۈن-
كى بۇ ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان نادىر ئەسىرى ئىدى .
زوردۇن سابىرنىڭ ھاياتى ، تەقدىر - قىسمەتلىرى ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىدە ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىنىدۇ . «ئىزدىنىش» ،
«زاماداشلار» ، «ئامەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە ئۇنىڭ ھايات
كەچمىشلىرى سىڭىپ كەتكەن . ئۇ ھەرگىزمۇ نام - ئابرۇي ،
شان - شۆھرەت ئىزدەپ ئۆزىنى خار قىلغان ئەمەس ، بەلكىم
نام - ئابرۇي ، شان - شۆھرەت ئۇنى ئىزدەپ كەلدى . ئۇ ھەمىشە
ھەقتىن قورقۇشنى ئىبىسدىن چىقارمىدى ، ھەرقانداق ئىشتا ئىخ-
لاس ۋە ئىماننى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلدى ، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر
چۈشكەندە سەۋر ۋە چىدام بىلەن ئۆزىگە ۋە كەلگۈسىگە ئىشەندى ،
باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلدى . ئۇ پۈتۈن ۋاقتىنى ،
زېھنىنى ، كۈچ - قۇدرىتىنى ئىجادىيەتكىلا بېغىشلىغاچقا ، قىس-
قىلا ئۆن نەچچە يىل ئىچىدە «ئىزدىنىش» ، «ئاتا» ، «ئانا
يۇرت» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقىرالىدى . بۈگۈن-
كى كۈندە بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىيات خەزىنىسىدە ئالتۇن فوند
بولۇپ قالدى ، دەستە - دەستە توپلاملار ئوقۇرمەنلەرنىڭ سادىق
ھەمراھى ، ۋاپادار دوستى بولۇپ قالدى . مەن ئۇنىڭ ئۇزاق ،

مۇشەققەتلىك ئىجادىيەت يولىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، تۇردۇن سابىر گەرچە بىزدىن مەڭگۈ ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمى ۋە روھى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۆرىدە بار ۋە ھەمىشە بىلر بولىدۇ، دەپ ئېيتالايمەن! ...

1999 ـ يىل ئاۋغۇست

# «تاختا كۆۋرۈك» بويىدا تۇغۇلغان ئويلار

— تۇرسۇنجان سادىقنىڭ «تاختا كۆۋرۈك»ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

«يازغۇچى ئۆزى تەسۋىرلىگەن ھەممە نەرسىنى ، يەنى مەنزىرە ، ئوبراز ، تەقى ـ تۇرق ۋە چىراي ، خاراكتېر قاتارلىقلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق گەۋدىلەندۇرۇپ ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇلارنى خىلمۇ خىل ‹تەسەۋۋۇر › قىلىشى ۋە بېيىتىشىغا ئىمكان بېرەلىگەن چاغدىلا ، يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىنى خېلى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرەلەيدۇ . يازغۇچىنىڭ تەجرىبىسى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەجرىبىسىنىڭ بىرلىشىشى ۋە بىردەك بولۇشىدىن بەدىئىي ھەقىقەت ، يەنى سۆز سەنئىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە قايىل قىلىش كۈچى بارلىققا كېلىدۇ ، ئەدەبىياتنىڭ ئادەملەرگە تەسىر قىلىش كۈچىمۇ ئەنە شۇنىڭدا .»

بۇ ، گوركىينىڭ سۆزى ، ئۇلۇغ يازغۇچى ماكسىم گوركىي بۇ بىر ئابزاس سۆزىدە ، يازغۇچى قانداق قىلغاندا ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى زوقلاندۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلالايدۇ ، دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن . دېمىسىمۇ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پەقەت زوقلىنىش ئارقىلىقلا مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلالايدۇ . زوقلىنىش بولمىغاندا ، ھەر قانداق ياخشى ئەسەرلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ .

مەن 1990 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەتىگەندە ،

تاسادىپىي هالدا ئەنە شۇنداق زوقلىنىش ئىلكىدە هاياجانغا چۆمدۇم . بۇ هاياجان شۇ كۇنى ئەتىگەن سائەت توققۇز ئەتراپىدا ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلاتقان «تاختا كۆۋرۈك» ناملىق هېكايىنى ئاڭلاش بىلەن باشلاندى . هېكايە باشلىنىش بىلەنلا مېنى ئۆزىگە تارتتى ، ئاخىرىغىچە زېهنىمنى قويۇپ ئاڭلىدىم . ئاڭلاپ بولۇپ ، بىرنەچچە مىنۇتقىچە چوڭقۇر تەسىرات ئىچىدە خىيالغا پاتتىم ...

شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى قانداقتۇر بىر سېهىر كۈچ بىلەن «تاختا كۆۋرۈك» مەهەللىسىدە كېزىپ يۈرگەندەك ، هېلىقى ۋەيران بولغان كۆۋرۈك بېشىدا مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىسلام ئاخۇن ئاكا بىلەن سىردىشىپ ، دەردلىشىپ تۇرغاندەك ، ئابلا لەڭپۇڭ بىلەن ئاللىنېمىلەر توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىۋاتقاندەك ، كۆۋرۈك بويىدىكى ئۈجمە ، ياڭاقلارنى ئارىلاپ سەيلە قىلىۋاتقاندەك هېس قىلدىم .

قىسقىسى ، ماڭا «تاختا كۆۋرۈك» هېكايىسىدە يارىتىلغان ئوبرازلار بىلەن ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە خېلى جانلىق ۋە يېڭى تۇيۇلدى ، شۇنداقلا هېكايە ئاپتورى «تۇرسۇنجان سادىق» دېگەن ئىسىممۇ يېڭى بىلىندى .

تارىخ ئالغا باسماقتا ، دەۋر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلماقتا . ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەنە شۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى يېڭى تېما ، يېڭى ئوبيېكت ۋە يېڭى تۇرمۇش مەزمۇنى بىلەن تەمىن ئېتىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەزمۇننى كۈندىن ـ كۈنگە بېيىتىۋاتىدۇ . «تاختا كۆۋرۈك» هېكايىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەل ئەنە شۇ يېڭى تېما ۋە يېڭى تۇرمۇش رېئاللىقىنى جانلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ ، تۇرمۇشنىڭ ماهىيىتىنى بىرقەدەر توغرا ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە !

هەممىگە مەلۇمكى ، ئون يىللىق ئىسلاهات ئارقىلىق ، جۇڭگو گۈللىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى ، ئون يىللىق ئىسلاهات

ئارقىلىق ، ۋەتىنىمىزنىڭ قىياپىتى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆتكەنكى 30 يىلدىكىدىن ئېشىپ كەتتى ، ئىسلاھات جۇڭگونىڭ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قەدەم ئارقىلىق گۈللىنىش ، ئاۋاتلىشىش ، مەدەنىيلىشىش ، باي ، قۇدرەتلىك بولۇش يولىغا مېڭىشىنى ئىلگىرى سۈردى . قىسقىسى ، ئىسلاھات جۇڭگو تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يازدى . بىراق ، ئىسلاھات جەريانىدا يوللارنىڭ ھەممىسى تۈپتۈز ، ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ . كونا زىددىيەتلەر ھەل قىلىنسا ، يېڭى زىددىيەتلەر يەنە ئۈزلۈكسىز چىقىپ تۇرىدۇ . ماددىي جەھەتتىكى بېيىش بىلەن مەنىۋى جەھەتتىكى گادايلىق ، كوللېكتىۋىزىملىق روھ بىلەن شەخسىيەتچىلىك ، مەردلىك بىلەن بېخىللىق ، ئىنسانىي خىسلەت بىلەن ھايۋانىي نەپسانىيەتچىلىك قاتارلىقلار ھازىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولغان خېلى ئۆتكۈر زىددىيەتلەردۇر .

«تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسى تۇرمۇشىمىزدىكى مانا شۇ رېئال زىددىيەتلەرنى بىر كۆۋرۈك ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ ، كۆۋرۈكنىڭ ياسىلىشى ھەم ۋەيران بولۇش جەريانى ئارقىلىق ، «تاختا كۆۋرۈك» مەھەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇش كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن . ئادەملەر دائىم بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىت ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ . شۇڭا ، ئەدەبىياتتا ئۇلارنىڭ ھايات كەچۈرۈۋاتقان شارائىتلىرى ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ، خاس قىياپەت ـ چىرايلىرى ، تىلى ، پىكىر قىلىشى ، ئىدىيىسى ، مەسىلىلەرگە تۇتقان مەيدانى ، ئىچكى ھېسسىياتى ، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ، كەسپى ۋە قىزىقىشى قاتارلىقلار سۈرەتلىنىش ئارقىلىق گۈزەل ۋە جانلىق بەدىئىي ئوبراز بارلىققا كېلىدۇ . ئەنە شۇ بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى بولغان ئادەم ۋە ئادەملەرنىڭ پائالىيەتلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشى ھەم

ئۇنى ئۆزگەرتىشى ئۇچۇن ياردەم بېرىدۇ.

مېنىڭچە، «تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇ مەقسەتكە خېلى يېقىنلاشقان. ئاپتور ھېكايىسىنىڭ بېشىدىلا ئوقۇرمەنلەرنى بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن ياسالغان ئاددىي بىر تاختا كۆۋرۈكنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. بىز بۇ ئاددىي كۆۋرۈك توغرىسىدىكى تەسۋىرلەردىن ئون نەچچە ئائىلىلىك بىر مەھەللىنىڭ كۆۋرۈك بىلەن بولغان چەمبەرچەس مۇناسىۋىتىنى — ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى - قايغۇسى، پايدا - زىيىنى، ھۇنەر - ئوقىتى، خەۋەر - ئۇچۇرى … مۇشۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى، لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇق، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت كىشىلەر تەرىپىدىن «ئىسلام ساراڭ» دەپ ئاتىلىدىغان يەتىمىش ياشلىق بىر بوۋاينىڭ كېچە - كۈندۈز مۇشۇ كۆۋرۈكنىڭ غېمىدە ياشايدىغانلىقىنى بىلىمىز. ھېكايە مانا مۇشۇ توپ ئىدىيە ۋە مۇددىئانى يىپ ئۇچى قىلىپ، بارا - بارا كېڭىيىدۇ ۋە چوڭقۇرلىشىدۇ. ئەمدى كۆز ئالدىدا ياپما قاپاقلىق، كۆزلىرى نۇرسىز، كۆكۈچ لەۋلىرى تىلىم - تىلىم يېرىلغان، قوللىرى دىر - دىر تىترەۋاتقان كۆرۈمسىز «ئىسلام ساراڭ»نىڭ گۈزەل ئىچكى دۇنياسى بىلەن ئالىيجاناب روھىي پەزىلىتى نامايان بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇ كۆۋرۈك بېشىدا غەمگە پېتىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، يولدىن ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرنى چاقىرىپ: «ھوي قاراخۇن، بۇ ياققا كېلىڭە، ھە، مانا بۇ يەرگە قاراڭ، بۇ يەردىكى كۆۋرۈك قانداق بەلەن ئىدى - ھە؟ بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل بۇرۇن ياسالغان. بىلەمسىز، ئۇ دېگەن قانداق چاغ ئىدى؟ … ‹پولات - تۆمۈر› ۋاقتى، يەي دېسەڭ يوق، كىيەي دېسەڭ يوق، تاغاردىن تامبال كىيگىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئەنە شۇنداق ئېغىر، قاتتىق كۈنلەرە ياسالغان،

ياغاچچىلىقنى مانا مەن قىلغان، ئەمدىچۇ؟ خەجلەي دېسەڭ پۇ-
لۇڭ، كىيەي دېسەڭ كىيىمىڭ بار، ھېچنېمىدىن قىسىنچىڭ،
غېمىڭ يوق، ئەمما لېكىن... ھەي كىشىلەر! ئىنساپسىز،
قىزىل كۆز نامەردلەر!...» دەپ قايىنىغاندا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ-
مۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ خورسىنغىسى، ئاھ چەككۈسى كېلىدۇ ھەم
«تاختا كۆۋرۈك» مەھەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇرۇن تۇرمۇشتا
گاداي ۋاقتىدا مەنىۋى جەھەتتە باي، ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى؛
بۈگۈنكى كۈندە تۇرمۇشتا باي بولۇپ، مەنىۋى جەھەتتە گادايلى-
شىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىسلام بوۋاي بىلەن بىللە ئې-
چىنغۇسى، ئەپسۇسلانغۇسى كېلىدۇ...

ھازىر يېزىلاردىمۇ، شەھەرلەردىمۇ ئابلا لەگچىپۇڭغا ئوخشاش
پۇل تېپىپ كۆزى قىزارغان، رەڭمۇ رەڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت
بازىرى ئالدىدا ئەسلىي زاتىنى ئۇنتۇپ، ۋىجدان، غورۇرىنى سات-
قان، شەخسىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق پاتقىقىغا پې-
تىپ، باشقىلارنىڭ ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى بىلەن قىلچە كارى
بولمايدىغان بىر قىسىم نەپسانىيەتچى ئادەملەر بار. شۇنداقلا،
ئىسلام بوۋايغا ئوخشاش ئەل غېمىنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى دەپ
بىلىدىغان، يېنىدا بىر پۇڭ پۇلى بولمىسىمۇ، ھاياتتىن قاقشى-
ماي، ھەمىشە مەنىۋى بايلىق بىلەن مەردانە ئۆتىدىغان، گۈزەل
غايىلىك، ئالىيجاناب ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. يازغۇچى ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشىمىزدىكى مانا مۇشۇ رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس
ئەتتۈرۈپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى،
ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە ئەخلاقىي قىياپىتىنى توغرا
ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك. بىر پارچە ياخشى ئەسەردىكى كونك-
رېت ئوبرازلار كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىگە تەسىر كۆر-
سىتىپ، گۈزەل، ئالىيجاناب نەرسىلەرگە ھېسداشلىق ئويغاتسا،
خۇنۇك ـ رەزىل نەرسىلەردىن يىرگەندۈرىدۇ. مانا بۇ بەدىئىي
ئوبرازنىڭ ئېستېتىك ئەھمىيىتى.

www.uyghurkitap.com

«تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قار-شى بولغان ئىسلام ئاخۇن بىلەن ئابلا لەڭپۇڭ ئۇبرازى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بولۇپ، ئىسلام ئاخۇننىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن يۈكسەك غايە، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل خىسلەت-لەر كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇلارغا ئېستېتىك ھوزۇر بې-غىشلايدۇ، ئەمدى ئابلا لەڭپۇڭنىڭ خاراكتېرىدىكى شەخسىيەتچى-لىك، ئاچ كۆزلۈك، رەزىللىكلەر بولسا، كىشىلەرنى يىرگەندۈ-رۈپ، ئۇنىڭغا نەپرەت تېشى ياغدۇرىدۇ. پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات مەنتىقىسى — ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلى-نىشى بىلەن مۇقەررەر ئاقىۋەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە بەلگىلەي-دۇ. ھېكايىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى ئوبرازنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى دەل ئەنە شۇ مۇقەررەرلىك بويىچە بولغان. يەنى، «ئىسلام ساراڭ» ئاخىر ئۆز غايىسى، خاھىشى، ۋىجدانى ۋە ئەقىدىسى بويىچە، بۇرۇنقى تاختا كۆۋرۈكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىگە تەئەللۇق ئاخىرقى بىر ئېغىز ئۆيىنى چۇۋۇپ، ئۇنىڭ ياغاچلىرىنى توشۇۋاتقان ۋاقىتتا قازا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تولىمۇ سۆيۈملۈك، لېكىن بىچارە ئادەم سۈپىتىدە قەد كۆتۈرىدۇ. ئابلا لەڭپۇڭ بولسا، ئاچ كۆزلۈكى، شەخسىيەتچىلىكى ۋە هارام نىيەتلىكى بويىچە، ئىككى تال ياغاچ بىلەن ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا ئۆزىگە خاس كۆۋرۈك ياساپ، ئاخىرىدا، ئىسلام بوۋاي قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆۋرۈك سېلىشى ئۈچۈن تەييارلىغان ياغاچلىرىنى ئوغرى-لايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىدە، رەزىل ۋە نەپرەتلىك بىر مەخلۇق بولۇپ قالىدۇ.

ھەقىقىي بىر ئەدەبىي ئەسەر — چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى بولۇ-شى كېرەك. چىنلىق — تۈپ ئاساس. پەقەت «چىن» نەرسىلا «ياخشى» نەرسە بولىدۇ. پەقەت «چىن» ۋە «ياخشى» نەرسىلا

«گۈزەل» نەرسە بولىدۇ. فرانسىيىنىڭ مەشھۇر دراماتورگى دىدرونىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ئۆزئارا چىڭ بىرلەشكەندۇر. چىنلىق بىلەن ياخشىلىققا يەنە بىر خىل كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان پارلاق، نۇرلۇق كۆرۈنۈش قوشۇلسا، چىنلىق بىلەن ياخشىلىق گۈزەللىككە ئايلىنىدۇ.» بۇ يەردە ئېيتىلغان «كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان پارلاق، نۇرلۇق كۆرۈنۈش» چىنلىق بىلەن ياخشىلىقنىڭ ھېسسىي گەۋدىلىنىشى بولۇپ، ئۇ بەدىئىي ئوبرازدۇر.

بىز ھېكايىدىكى ئىسلام بوۋاي ئوبرازىدىن ئەنە شۇنداق «كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان پارلاق، نۇرلۇق كۆرۈنۈش»نىڭ ئايرىم ئىپادىلىرىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ سىيماسى سۈپىتىدە بىزنى ھاياجانلاندۇرىدۇ، ھۆرمىتىمىزنى ئاشۇرىدۇ. گەرچە، ئۇن نەچچە ئائىلىلىك تاختا كۆۋرۈك مەھەللىسىدە ئىسلام بوۋايدىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوخشاشمىغان دەرىجىدە پۇل تېپىش، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش، ئومۇمنى ئۇنتۇپ، شەخسىيەتچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش قاتارلىق ئىللەتلەردىن خالىي بولماي، پەقەت ئىسلام بوۋايلا دىيانەت يولىدا يەككە - يېگانە قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بىر چىمدىم تۇز بىر قاچا سۇغا تېتىغاندەك، ئۇنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، گۈزەل روھىي دۇنياسى ئابلا لەڭپۇڭ، قېمىزخان سەيچى، سۇلايمان باققال، غوجاخۇن مەزىنگە ئوخشاش روھى زەئىپ، ئىرادىسى بوش، نىيىتى ئالا ئادەملەرنىڭ ھەيۋىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ، خۇددى بىر تال قىزىل ياقۇتتەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يالتىراپ، نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئابلاخان بىلەن بولغان مۇنۇ سۆھبىتى بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ:

«قايغۇرغۇدەك ئىش يوق، ئىسلامكا، بۇ چوڭ كۆۋرۈككۇ نابۇت بولدى، ئەمما قارىماسىز، ھەربىر دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا

بىردىن ‹كۆۋرۈك› ، تۇرمامدۇ ؟ »
— ياق ئۇكام ، بۇ دېگەن چىچىلاڭغۇلۇق ، قىزىل كۆزلۈك !
— قېرىنداندا يەنە ئالجىدىڭىزمۇ نېمە ، ئىسلامكا ؟
— ياق ، مەن ئالجىمىدىم ئۇكام . بىز ئەسلىدە ئادەم ئاتىنىڭ باللىرى ئىدۇق ، تەكتىمىز قېرىنداش ، قان پۇشتىمىز بىر ، ھەممىمىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى تۇرۇقلۇق ، ھالا بۇگۈنكى كۈندە خۇددى تېرىقتەك چېچىلىپ ، يالماۋۇزدەك بولۇپ كېتىۋاتىمىز ، باشقىلارنىمۇ ، ئۆزىمىزنىمۇ ئالداۋاتىمىز . بۇنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ ، ‹ئىناق ئەلدە بالا يوق› دەپتىكەن كونىلار . ئۇكام ، ئارىمىزدىن ئىناقلىق ، ئىنساپ ، مېھىر - شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ، ھامىنى بىر كۈنى ئۆزىمىزنىمۇ ، يۇرتىمىزنىمۇ ۋەيران قىلىمىز . قېنى ئېيتقە ئۇكام ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا ، قوۋم - قېرىنداشلىرىمىزغا قانداق يۈز كېلىمىز ؟ ئاندىن ... يەنە كېيىنكىلەرگىچۇ ؟ ! ... »
ھېكايىنىڭ يەنە بىر ئۇتۇقلۇق چىققان يېرى ، سىمۋولىستىك ۋاستىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ، ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيىنى تېخىمۇ كونكرېت ۋە جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن . تۆۋەندىكى تەسۋىرگە قاراڭ :
«قېمىزخان سەيچى نېمىنى ئويلىدى ، ئەيتاۋۇر ئەتىسىلا دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىغا ئىككى تال ياغاچ قويۇپ ، ئەپچىلگىنە بىر ‹كۆۋرۈك› ياسىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدە يېڭى ‹كەيپىيات› بارلىققا كەلدى ! ئۆستەڭ بويلاپ قاتىرىسىغا ياسالغان ئون نەچچە دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا بىردىن ‹كۆۋرۈك› پەيدا بولدى ... »
بۇ قۇرلارنى ئوقۇغان ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىغا خۇددى ئۆستەڭنىڭ يۈزىگە ياماق سالغاندەك قاتارسىز ۋۇلۇپ ياتقان «شەخسىي كۆۋرۈك»لەرنىڭ كۈلكىلىك كۆرۈنۈشى كېلىدۇ ۋە بۇ قۇرلارنى

ئوقۇغان ئادەم كىچىككىنە بىر مەھەللىدە ، كۆپچىلىك ئۈچۈن 30 يىل خىزمەت قىلغان چوڭ كۆۋرۈكنى ۋەيران قىلىپ ، ئۇنىڭ ھېسابىغا ئۇن نەچچە يەردە پەيدا بولغان كىچىك «كۆۋرۈك» لەرنىڭ غەلىتە ھالىتىدىن غەزەپلەنمەي ، نەپرەتلەنمەي تۇرالمايدۇ . ئاپتور بۇ يەردە ، ئابلا لەڭپۇڭ ، قېمىزخان سەيچى قاتارلىق كىشىلەردىكى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ، بەتنىيەتلىكنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئەنە شۇ ئون نەچچە كىچىك «كۆۋرۈك» ئارقىلىق جانلىق ، كونكرېت ئىپادىلەپ بەرگەن . بۇ نەرسە ئۆز نۆۋىتىدە ،ئىسلام بوۋاينىڭ «ئىناق ئەلدە بالا يوق» دەپ قارايدىغان پاك روھىي دۇنياسىغا تەسىر قىلىپ ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تاختا كۆۋرۈكنى قايتا ياساش ئىرادىسىغا تۈرتكە بولىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئىسلام بوۋاينىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ !

نۆۋىتى كەلگەندە ، ھېكايىنىڭ تىلى ھەققىدىمۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ . ھەممىمىزگە مەلۇمكى ، ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى . ئۇ ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۇرمۇش باي ، خىلمۇ خىل ۋە رەڭگارەڭ ، شۇنداقلا ئۆزگىرىشچان بولىدۇ . شۇڭا ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى بىلىش ، ئەكس ئەتتۈرۈش ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ۋاستىسى بولغان تىلمۇ بىپايان دېڭىزغا ئوخشاش مول ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇپ ، سانسىزلىغان ۋەقەلەر ۋە شەيئىلەرنى ئىپادىلىيەلەيدىغان چەكسىز يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە . ئۇمۇ خۇددى تۇرمۇشقا ئوخشاش باي ۋە رەڭگارەڭ بولىدۇ . تىل سەنئەتكارى بولغان يازغۇچى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىلمۇ خىل تىل بايلىقىدىن ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي تىل بايلىقىدىن ياخشى ئوزۇقلىنىشى لازىم . بۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى «بۇلۇت سۈنى سۈمۈرۈۋالغاندەك زور تۈركۈمدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە سۆزلۈكلەرنى قوبۇل قىلىشى ؛ فونتاندىن ئېتىلىپ چىققان سۇ تۈۋرۈكىدەك كۆركەم ۋە يېقىملىق تىل بىلەن سۆزلەشكە ماھىر بولۇشى ؛ خۇددى ئۇستا مەرگەندەك ئۆزىنىڭ تىل ئوقىنى

www.uyghurkitap.com

‹مەنە نىشانى›غا دەل تەگكۈزۈشى ؛ نازۇك نارازىدەك مەنىسى ئوخشاش تۈيۇلىدىغان ھەربىر سۆزنىڭ ئىنچىكە پەرقىنى ئۆلچىيەلىشى ...» كېرەك. دېمەك، تىل — ئاپتور بەدىئىي پىكىر يۇرگۈزۈش، ئوبراز يارىتىش ۋە ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ۋاستە.

«تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسىدە، ئاپتور تىل ئىشلىتىشتە خېلى ئەجىر قىلغان. ھېكايىنىڭ تىلى راۋان، ئوبرازلىق ھەم ئىخچام دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ، ئاپتور تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلى خېلى پەرقلىق ھالدا ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە. ئاپتور تىلىدا سۆرەلمىلىك، ئېنىقسىزلىق ھەم قاتمۇ قات ئىزاھلىق جۈملىلەر يوق دېيەرلىك. ئاپتور پېرسوناژلار ئوبرازىنى سۈرەتلەش، مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەش ۋە ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش جەھەتتە، ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى، مۇھاكىمىسىنى ھەم لىرىكىسىنى مۇمكىن قەدەر راۋان ۋە توغرا ئىپادىلەشكە تىرىشقان. پېرسوناژلار تىلىدا بولسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، سەرگۈزەشتىسى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئىدىيىۋى خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۆزلىرىگە خاس تىلدا سۆزلىتىشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى ئېچىشقا تىرىشقان. مەسىلەن، ئىسلام بوۋاي ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، سەرگۈزەشتىسى، مىجەز - خۇلقى بويىچە گەپنى توپتوغرا، كېسىپ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئېنىق. ئابلا لەڭپۇڭ بولسا، ئۆز مىجەز - خۇلقىغا كۆرە، كىشىلەر بىلەن ئەگىتىپ، دارىتمىلاپ سۆزلىشىشنى، ھىجىيىپ تۇرۇپ، زەھەردەك چېقىشلىنىشنى ۋە يالغان گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسلام بوۋايغا قىلغان تۆۋەندىكى سۆزىدىن بىر ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭ نەپسانىيەتچىلىك خاراكتېرىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ:

«ساراڭ - دە ئاكا، سىز! بوپتۇ، يەڭگۈشلەپ قويۇڭ، جەننەت سىزگە يار بولسۇن، ماڭا مەيخانا ... ھا - ھا - ھا ...

شۇنداق ئەمەسمۇ ئىسلامكا ـ ھە؟!»
ياخشى يېزىلغان پېرسوناژ تىلى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېپادىلەپلا قالماي، بەلكى ئوقۇرمەنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتقاندەك، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك، چىراي ـ شەكلى بىلەنمۇ تونۇشتەك ھېس قىلدۇرىدۇ. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىسلام بوۋاينىڭ دەردلىك مونولوگى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە خېلى چوڭقۇر تەسىرات قوزغايدۇ:
«ئاھ، قۇدرەتلىك ئىگەم، سەن كىشىلەرگە ئىنساپ ـ تەۋپىق ئاتا قىل، دىلىنى يورۇت، ئەقىل ئەمالىرىغا سەدىقە بەر، ئۇلارغا ئادەمدەك ياشاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەت. سەن ماڭا مال بەر، مەن بۇ كۆۋرۈكنى قايتىدىن ياسىتىمەن، ئەمما بۇنىڭ ساۋابىغا ماڭا جەننەت بېرىمەن دېمە، كېرىكى يوق، پەقەت كىشىلەرگە ئىنساپ، ئىناقلىق ھەم ئۆملۈك بەر. مېنىڭ ئاخىرقى تەلىپىمنى بەجا كەلتۈر، كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىدە داتلاشقان قەلبىگە نۇر بەر. قەلبى يورۇپ، كۆزى ئېچىلسۇن، بولمىسا، بۇ مىللەت، بۇ ئەل، بۇ يۇرتنىڭ مەۋجۇت تۇرۇشى كىشىگە گۇماندۇر...»
بىز بۇ مونولوگدىن ئىسلام بوۋاينىڭ ئۆزگە خاس خاراكتېرىنى — ئەلگە، ۋەتەنگە سادىق سەمىمىي قەلبىنى، شەخسىيەتسىز پاك روھىي دۇنياسىنى، يۈكسەك ئارزۇ ـ ئىستىكىنى يەنە بىر قېتىم روشەن كۆرۈۋالالايمىز ۋە بوۋاي بىلەن بىللە ئاشۇ «پايانسىز ئاسمان بوشلۇقىنى توپ ـ توپ قارا بۇلۇتلار قاپلىغان قاراڭغۇ كېچە»دە، «گۆرۈستانلىقتەك تىنچ ھەم سۈرلۈك ئۆستەڭ بويى»دا ئولتۇرۇپ، ئاللاغا نالە قىلغاندەك، ئابلا لەڭپۇڭ، قېمىزخان سەيچىدەك كۆزى قىزىرىپ، قەلبى خىرەلىشىپ قالغان كىشىلەرگە ئىنساپ ـ دىيانەت تىلىگەندەك ھېسسىياتتا بولىمىز!
فىرانسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى مۇپاسسان: «مەيلى

باشقىلارنىڭ دىمەكچى بولغىنى قانداق ئىش بولسۇن، ئۇنى پەقەت بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ: بىر پېئىل ئۇنى جانلاندۇ-رالايدۇ، بىر سۈپەت ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتەلەيدۇ. شۇڭا، بىز شۇ سۆز، شۇ پېئىل ۋە شۇ سۈپەتنى تاپقۇچە ئىزدىنىشىمىز كېرەك، ھەرگىزمۇ ‹ئاساسەن بولىدۇ› بىلەنلا قانائەتلىنىپ قال-ماسلىقىمىز كېرەك» دېگەنىدى. بۇ جەھەتتە، ئاتاقلىق سۆز سەنئەتكارلىرى بىزگە تەسىرلىك، ئۆچمەس نەمۇنىلەرنى تىكلەپ بەرگەن. تولستوي بەزى ئەسەرلىرىدە ئون بەش، ھەتتا يىگىرمە كۇپىيە قالدۇرغان، ئۇنىڭ ئاشۇ كۇپىيەلىرىدىن تىل ئۇستىدە قانداق قېتىرقىنىپ، جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بو-لىدۇ. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر لويەنسۈن بىر سۆزنى ئۆز جايىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بىرنەچچە تال ساقىلىنىڭ يۇلۇنۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمىگەن.

دېمەك، ئەسەر تىلى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئەجىر قىلىش، تىلنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ۋە بېيىتىش — ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، يېڭىدىن ئىجا-دىيەتكە كىرىشكەن ھەۋەسكارلار ئۈچۈن بولسا، تېخىمۇ مۇھىم ۋە زۆرۈر. مەن ياش ئاپتورلىرىمىزدىن ئەسەر يازغاندا، تىل ئۈستىدە ئوبدان باش قاتۇرۇشنى، تاللاش ۋە تاۋلاش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشنى، ھەرگىزمۇ قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ، قاتمال، شىرىنسىز، سۆرەلمە تىللار بىلەن ئەسەر يازماسلىقنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئوبزورچى ئەمەس، بىراق كونكرېت ئەسەر ئۈستىدە يازغان ماقالەمنىڭ تۈنجىسىمۇ مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن. باشتا ئېيتقاندەك، ياش ئاپتور تۇرسۇنجان سادىقنىڭ «تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسىنى تاسادىپىي رادىئودا ئاڭلاپ تەسىرلەندىم، كېيىن، شۇ تەسىراتنىڭ كۈچى بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 6 - سانىنى تېپىپ، ھېكايىنى قايتا ئوقۇپ

چىقتىم . ئاڭلاش ۋە ئوقۇش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان تەسىرات ۋە ھاياجاندىن ئاخىر مۇشۇنداق بىر ئەرزىمەس ماقالە پۈتتى . بەلكى يازغانلىرىمنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن يەرلىرى ياكى كەمتۈك قالغان تەرەپلىرى باردۇر . بۇ ھەرگىزمۇ ھېكايە ئۈستىدىكى باھا ۋە تەھلىل ئوبزور ئەمەس ، پەقەت ئادەتتىكى تەسىرات ، خالاس ! شۇڭا مەن ھېكايىنىڭ ئايرىم پىشمىغان ، يېتەرسىز تەرەپلىرى ئۈستىدە توختالمىدىم .

مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىر خۇشاللىق ۋە ئىپتىخار بار . ئۇ بولسىمۇ ، ئىجادىيەت قوشۇنىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىپ ، جۇشقۇن ، ياش كۈچلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقانلىقى ، ئۇلاردا ھەقىقەتەنمۇ بىر يوشۇرۇن سېھرىي كۈچ باردەك قىلىدۇ .

لۇشۈن ئەپەندى : «پىچاقنىڭ شولىسىدەك نۇردىن تاڭنىڭ سۈزۈلۈۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ» دېگەنىدى . مەن يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەيدانغا كەلگەن بىر قىسىم ياش يازغۇچى ، شائىرلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن ، ئىجادىي مېۋىسىدىن ئەنە شۇ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان تاڭنىڭ شولىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم . بۇ تاڭ جەزمەن ئاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇياشلىرى كۆك قەرىدە نۇر چېچىپ ، جاھاننى يورۇتۇش ۋە ئىللىتىشقا تېگىشلىك ھەسسە قوشىدۇ !

ماقالەمنىڭ ئاخىرىنى پەرىددىن ئەتتارنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن چۈشۈرىمەن : «... ئەي ئوغۇل ، ھېچ قاچان دىل ئازار بولما ، دىل ئازارلىق بىر كۈنى پالاكەت كەلتۈرىدۇ . تەكەببۇر بولۇشتىن ساقلان . تەكەببۇرلۇق جاھىللارنىڭ ئادىتى ، ئەقىللىق كىشىلەر تەكەببۇر بولمايدۇ !»

1990 ـ يىل ، 29 ـ مارت ، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

## تارىم ۋادىسىدىن ئەرەفات تاغلىرىغىچە

(چەت ئەل سەپىرىدىن ئەسلىمىلەر)

1991 - يىلى مايدا بېيجىڭ - موسكۋا خەلقئارا پويىزىغا ئولتۇرۇپ ئۇزاق بىر سەپەرگە ئاتلاندىم. دۇنيا ھەقىقەتەن كەڭ ئىكەن، ھايات بەكمۇ رەڭدار بولىدىكەن. ئادەم بىشىدىن كەچۈرگەن ئازغىنە كەچۈرمىشمۇ تۇرمۇشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىكەن. بۇ سەپەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم، ئاڭلىدىم، ئويلىدىم. شۇ ئاساستا، ئاز - تولا بىر نەرسە يېزىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالدى. يازغانلىرىم ئوقۇرمەنلەر نەزىرىدە، مەن كۆرگەن دۆلەتلەرنىڭ تاغ - دەرياسى ۋە ئىجتىمائىي، ئىپتىنىك ئەھۋالى توغرىسىدا ئاددىي ساۋات بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

### سىبىرىيە تايگىلىرىنى بويلاپ…

1991 - يىلى 26 - ماي ئەتىگەندە ۋەتەن چېگرىسىدىن ھالقىدىم! ۋەتەن تۇيغۇسى ھەقىقەتەنمۇ مۇقەددەس ۋە ۋىجدانىي تۇيغۇ ئىكەن. مەن بۇنى ئىككى دۆلەت چېگرىسى ئارىلىقىدىكى ئىككى يۈز مېتىردەك كېلىدىغان بىتەرەپ يەردىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا چوڭقۇر ھېس قىلدىم! … شۇ پەيت كۆڭلۈمدىن نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا بېيىتى چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى:

«ۋەتەن تەركىنى بىر نەپەس ئەيلىمە،
يەنە رەنجۇ غۇربەت ھەۋەس ئەيلىمە!»

مەن ئۆز ۋاقتىدا جۇغراپىيە دەرسلىكلىرىدىن سىبىرىيىنىڭ كەڭلىكى ۋە بايلىقى ، سىبىرىيە تايگىلىرىنىڭ گۈزەل ۋە ھەيۋەت-لىكلىكى توغرىسىدا ئوقۇغانىدىم . مانا بۈگۈن بۇ يەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە نېسىپ بولدى ! سىبىرىيە ھەقىقەتەنمۇ پايانسىز يېشىللىق دۇنياسى ، بايلىق مەنبەسى ئىكەن . كۆككە بوي سوزغان قارىغايلىق ، قېيىنزارلىقلارنىڭ چېكىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ياپيېشىل توقايلىقلار ئادەم كىرسە ئېزىپ قالغۇدەك دەرىجىدە سىرلىق ئىدى . ھەممە ياق گۈل ـ چېچەكلەرگە ، ياۋا مېۋىلەرگە تولغان باغۇ بوستانلىق ئىدى .

پويىز مانا شۇ يېشىللىق دۇنياسىنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ، توپتوغرا بەش كېچە ـ كۈندۈز ماڭدى . بۇنداق ئۇزۇن سەپەردە كىشىگە بىردىنبىر ئەمەك بولىدىغىنى : ياخشى ھەمراھ ، كۆڭۈللۈك سۆھبەت . مېنىڭ ھەمراھلىرىم ئىچىدە زىد-يالىيمۇ ، تىجارەتچىمۇ ، قاسساپمۇ ، ئاشخانا خوجايىنىمۇ ، بەش ۋاق نامازنى تەرك ئەتمەيدىغان تەقۋادار موللىمۇ بار ئىدى . ئۇلار مۇقەددەس ئارزۇ ۋە ئېتىقاد بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلانغانلار ئىدى .

بىز چۈشكەن پويىز خەلقئارا پويىز بولغاچقا ، ھەرخىل دۆ-لەت ، ھەرخىل مىللەتلەرنىڭ ئادەملىرى بار ئىدى . شۇڭا ، پو-يىزدىكى تۇرمۇشمۇ ھەرخىل ، ھەر ياڭزا ئىدى . بولۇپمۇ ، ياشلار-نىڭ تۇرمۇشى ئالاھىدە قىزغىن ۋە ئۆزگىچە ئىدى . بىزنىڭ ۋاگوندا شەرقىي ياۋروپا تەرەپكە كېتىۋاتقان ئىككى جۈپ بېيجىڭ-لىق ئوغۇل ـ قىز بىلەن يەنە بىر جۈپ چەت ئەللىك بار ئىدى . ئۇلار كۈندۈزى كۆپ ۋاقىتتا ۋاگوننىڭ تارغىنە كارىدورىغا چىقى-ۋېلىپ ، دېرىزىنىڭ يېنىدا بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ ، سىرتنى تاماشا قىلاتتى ۋە ھېسسىياتلىرى تۇيۇقسىز ئۆرلىگەن ۋاقىتلاردا بويۇنلىرىغا گىرە سېلىشىپ سۆيۈشەتتى .

ياشلارنىڭ بۇ خىل «ئاشكارا ئىشقىي مۇھەببىتى» دەرھال مېنىڭ ھەمراھلىرىم ئىچىدە جىددىي ئىنكاس قوزغىدى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ھەمراھلىرىمغا بۇ ئەھۋال ناھايىتى غەلىتە ھەم تاسادىپىي تۇيۇلۇپ، ھەيرانلىق ۋە بىزارلىق بىلەن سۆزلىشىپ كەتتى:

— ياللا، نېمىنى كۆردۇم مەن! خۇدايىم، كۆزۈم كۆرمىگەن بولسۇن!

— شۇنى دېسىلە، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ!؟

— ھۇ ... بىنومۇس، ھاياسىزلار! كوچىكوندۇزدە، خەلقئالەم ئالدىدا يالىشىۋاتقىنىنى! ...

لېكىن، ئارىمىزدىكى جاھان كۆرگەن بەزىلەر ئۇنداق قارىمىدى:

— مۇھەببەت دېگەن ئوچۇق ـ ئاشكارا، ئەركىن نەرسە! ئۇلار بىر ـ بىرىنى لايىق تاپقانىكەن، نەدە، نېمە قىلسا قىلمامدۇ؟ سىلەرگە نېمە دەخلى؟! ــ دېيىشەتتى.

شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتنىڭ يوشۇرۇنلۇقى ۋە ئاشكارىلىقى توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قىزىپ كەتتى ...

كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشى تەبىئىي ھادىسە. چۈنكى ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدا، تۇرمۇش شەكلىگە، گۈزەللىككە ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان قاراش، چۈشەنچە ھەم تاللاشتا بولۇشى تەبىئىي. شۇنداق ئىكەن، جەزمەن غۇلغۇلا كېلىپ چىقىدۇ.

يول داۋام قىلماقتا. تۇشمۇ تۇشتىن ئۈزگىرىپ تۇرغان ھادىسىلەر، مەنزىرىلەر بىزنىمۇ يېڭى ـ يېڭى ھېس ـ تۇيغۇ ۋە تەسىراتلار ئىچىگە باشلاپ ماڭماقتا.

بىر چاغدا پويىزنىڭ پۇشۇلداپ توختىشى بىلەن ئوتتۇراھال بىر ۋوگزالغا كەلدۇق. ھەممەيلەن پويىزدىن چۈشۈپ ھاۋالىنىشقا، ئەتراپتىكى بوتكا، ماگىزىنلارنى ئارىلاشقا باشلىدى.

بوتكىلاردا ھەرخىل گېزىت - ژۇرناللار كۆپ ئىدى. لېكىن ماگىزىنلار تاقاقلىق، ئوچۇقلىرىنىڭمۇ پوكەيلىرى ئاساسەن قۇ- رۇق ئىدى. شۇ چاغدا، قەيەردىندۇر ئۇششاق تىجارەتچىلەر پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياغلىقلىرىنى ئېگىزكىدىن قوشۇپ چىگىۋالغان ئايالالار ئىدى. قوللىرىدا كۆتۈرۈۋالغان چىلەك، سېۋەتلىرىدە تەرخەمەك، پىشۇرۇلغان ياڭيۇ ياكى بولمىسا قىزىل تۇرۇپ، گازىر - پۇرچاق دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇلار تۆت تەرىپىگە خۇدۇكسىرەپ قارايتتى. كىملەردىندۇر ئەندىكىپ تۇراتتى. ئۇلار پويىزدىن چۈشكەنلەر بىلەن ئەمدىلا سودا قىلىشنى باشلىۋىدى، قەيەردىندۇر تاپانچا ئېسىپ، توك كالتەكلىرىنى پۇ- لاڭلىتىپ كۆتۈرگەن ساقچىلار پەيدا بولدى - دە، ھېلىقى ئۇش- شاق تىجارەتچىلەرنى بەئەينى لىچىن سوققان كەپتەردەك ئۇركۈتۈ- ۋەتتى...

شۇ چاغدا، بىردىنلا كۆز ئالدىمغا بىر ۋاقىتلاردا بىزدىمۇ بولۇپ ئۆتكەن ئېچىنىشلىق ئىشلارنىڭ خاتىرىسى كەلدى. ئۇ چاغدا بىزنىڭمۇ جاپاكەش، كاج تەلەي خەلقىمىز قورساق بېقىش، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق كۇنلەرگە يولۇققانىدى. قاسساپلار بىرەر پاقلاننى قازناقلىرىدا يوشۇرۇن سويۇپ، گۆشى- نى بىر جىڭ، يېرىم جىڭدىن بەللىرىگە تۇگۇپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا سودا - سېتىق قىلاتتى. ناۋايلار بولسا، ئۆيدە ياققان نانلىرىنى تۆت - بەشتىن قويۇنلىرىغا تىقىپ، ئىما - ئىشارەت بىلەن خېرىدار چاقىراتتى. ئەگەر ئۇلار ئازراق بىخەستەلىك بىلەن ئاشكارا سودا قىلىپ قالسا، شۇ ھامان تاياق - توقماق ئاستىدا قېلىپ، ماللىرى پاك - پاكىز مۇسادىرە قىلىناتتى.

مەن بۇ ئەھۋاللارنى — بىز ئۈچۈن ئاللىقاچان كۈلكىلىك ھەم ئېچىنىشلىق تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەن كۆڭۈلسىز ئەھۋاللار- نى ئەمدىلىكتە سىبىرىيىنىڭ چوڭ - كىچىك بېكەتلىرىدە كۆ- رۈپ، يەنە بىر قېتىم ئىچ - ئىچىمدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سالام موسكۋا

ھېلىمۇ ئېسىمدە ، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىمدىلا ، تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بۇ ئىسىمنى مېنىڭ قەلبىمگە سىڭدۈرگەن . شۇنىڭدىن باشلاپ «موسكۋا» مەن ئۈچۈن تونۇش ھەم يېقىملىق ئىسىم بولۇپ قالغانىدى ! كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئىسىمنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىكى نۇرغۇن پاجىئەلىك ھەم سەلتەنەتلىك ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنلىكىم تەبىئىي ئەھۋال ، ئەلۋەتتە . ئەڭ مۇھىمى ،مەن ئۈچۈن يېقىملىق ۋە سۆيۈملۈك بولغان ئۇلۇغ كىشلەردىن پۇشكىن ، گوگول ، تولستوي ، بېلىنسكىي ، گوركىي ، پاستېرناك ، شولوخوۋ قاتارلىق يازغۇچى ، شائىرلار مانا شۇ خاسىيەتلىك زېمىندا ياشاپ ، ئىجاد قىلىپ ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ! شۇڭا مەندە بۇرۇندىنلا بۇ كاتتا شەھەرنى بىر كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل خاتىرىلەرنى بېسىپ ياتقان مۆتىۋەر تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىش ئارزۇ - ئىستىكى بار ئىدى . مەن ئەنە شۇنداق ھۆرمەت ۋە ھاياجان ئىلكىدە ماي ئېيىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى سائەت ئىككى بىلەن موسكۋانىڭ كىيېۋىسكىي ۋوگزالىغا كېلىپ چۈشتۈم . كۆز ئالدىمدا ھەقىقەتەنمۇ باشقىچە بىر دۇنيا — خىلمۇ خىل چىراي ، رەڭگارەڭ كىيىم ، ئېگىز ، ھەيۋەتلىك بىنالارغا تولغان شاۋقۇن - سۈرەنلىك بىر دۇنيا نامايان بولدى . كىيېۋىسكىي ۋوگزالى ئۇكرائىنانىڭ ئىمارەتچىلىك پاسونىدا سېلىنغان ، ئانچە ھەشەم - دەرەمى يوق ۋوگزاللارنىڭ بىرى ئىكەن . ئۇنىڭدا مەخسۇس جەنۇبىي ياۋروپاغا بارىدىغان پويىزلار باشقۇرۇلىدىكەن . بىز نەچچە ھەمسەپەرلەر يۈك - تاقلىرىمىزنى ۋوگزالنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ ، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشتۇق . چۈنكى بىز بۇ يەرگە كېلىپلا گاس - گاچا ھەم قارىغۇغا ئايلىنىپ قالغاندۇق .

تىل بىلمەيمىز ھەم باشقىلارنىڭكىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلمەيمىز ، ھەتتا ئۆزىمىز تۇرغان يەردىن تۆت قەدەم نېرىغا بارالمايمىز . قىسقىسى ، بىز گويا باشقا بىر كائىناتتىن تۇيۇقسىز بۇ يەرگە چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك غېرىبلىق ، يېتىملىك ئىچىدە قالغاندۇق . ئەتراپىمىزدا يۈرگەن ھەرخىل ئادەملەر — قولتۇقىغا دىپلومات سومكىسىنى قىستۇرۇپ ، كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى قاتۇرۇپ كىيگەن زىيالىيلار ، نەسلى بۇزۇلغان ئاجايىپ غەلىتە ئىتلارنى يېتىلىۋالغان سېرىق چاچ ، كۆك كۆز خانىملار ، چاچلىرى پاخپايغان ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ ، بوينىغا كرېست بەلگىلىك زەنجىر ئېسىۋالغان ھامماللار بىزگە ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق قاراپ كېتىشەتتى . ھەمسەپەرلىرىم ئىچىدىكى ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ، بېشىغا شاپاق دوپپا ، ئەڭنىگە ئىشتانباغلىق كەڭ ئىشتان بىلەن مەخسۇمچە ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان بىر - ئىككىسى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىغان بولسا كېرەك ، ئۇلار بىر نەرسىلەرنى دېيىشىپ ، پىچچىرلىشاتتى ، كۈلۈشەتتى ...

بىز شۇ ھالەتتە — ئۆزىمىزگە ئازاب ، باشقىلارغا كۈلكە بولۇپ ، نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي گاڭگىرىغان ھالەتتە ئىككى - ئۈچ سائەتنى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق . شۇ چاغدا بىزدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇ يۈك - تاقلارنى بىر يەرگە يىغىشتۇرۇپ ، ياتاق بىلەن قورساققا يەيدىغان بىر نەرسە تېپىش ئىدى . دەل شۇ چاغدا ، خۇددى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك ، ئۈچ - تۆت بالا قەيەردىندۇر پەيدا بولۇپ ، بىزنىڭ پۇت - قوللىرىمىزغا ئېسىلىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلىدى . ئۇلارنىڭ چوڭراقى 10 - 11 ياشلىق قىز بالا ، كىچىكلىرى ئالتە - يەتتە ياشلىق ئوغۇللار ئىدى . ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك كىيىملىرى ئاۋارە ، باش - كۆزى مەينەت ئىدى . مەن ئۇلارنىڭ رەڭگىرويىغا ، ئۆڭدگە ، ئۆزئارا ۋىچىرلىشىۋاتقان تىلىغا زەڭ سېلىپ ، شۇ يەردىكى

سىگانلارنىڭ ياكى چىركەسلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بولۇشا كې‐رەك ، دەپ ئويلىدىم . بىز ئىشارەت بىلەن ئۇلارغا بەرگۈدەك نەرسىمىزنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇشىمىزغا ساقاللىق دىۋاندىن بىرسى كەلدى . ئۇ خۇددى ئۇرۇش يىللىرىدا مېيىپ بولغان سولداتتەك ، بىر پۇتى تىزىدىن يوق ، ھاسا تايىنىۋالغان قاسماق كەپكە شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىپ ، ئاپئاق چاچلىرىنى پاخپايتىۋالغان ، ئۆشنىسىگە كونا بىر خالتىنى ئېسىپ ، قولىدا يوغان بىر قەلەي كۇرۇشكا كۆتۈرۈۋالغانىدى . مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ رۇس ئىكەنلىكىنى بىلدىم . بىز بۇ چوڭ ـ كىچىك دىۋان‐لەردىن يانچۇقىمىزدا ئېشىپ قالغان بىرنەچچە تال كەمپۈت ـ پىچىنىلەرنى ئۇلەشتۈرۈپ بېرىپ ئاران قۇتۇلدۇق . بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئەھۋال بىردىنلا مېنىڭ كۆڭلۈم‐نى ئېزىۋەتتى . مەن ئۆزۈمدىن بېرى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ، كۆڭلۈمدە مۇقەددەس ئورۇن ئالغان بۇ مۆتىۋەر شەھەرگە كېلىپلا مۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم . ھەي ... خىيال باشقا ، ھايات باشقا ئىكەن ـ دە ! ...

ئاستا ـ ئاستا كەچ كىرىشكە باشلىدى ، بىز تېخىمۇ جىددىي‐لىشىپ قالدۇق . شۇ چاغدا ، تەلىيىمىزگە ھامماللار ئىچىدىن بىر ـ ئىككى تاتار چىقىپ قالدى . بىز ئۇلار بىلەن چالا ـ پۇچۇق سۆزلىشىش ئارقىلىق ، ۋوگزالنىڭ يۈك ـ تاق ساقلايدىغان يېرى‐نى تاپتۇق . لېكىن ھامماللار بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ : «سومكا‐تاغارلىرىڭلاردىن پات ـ پات خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭلار ، بولمىسا يوقاپ كېتىدۇ » دېدى . بۇ گەپ بىزنى بىرئاز ئەنسىرىتىپ قويى‐دى . بىز يۈك ـ تاق ساقلايدىغان بىرسىگە بېيجىڭدىن ئېلىۋالغان ماي قەلەم بىلەن بىر نەچچە تال تىرناق ئالغۇچ بېرىپ ، يۈك ـ تاقىمىزغا ئوبدانراق قاراپ قويۇشنى تاپىلىدۇق .

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن بېشىمىزغا يەنە بىر غەم چۈشتى . قەيەردە ئۇخلاش كېرەك ؟ ئەتراپتىكى مېھمانخانىلاردىن ئورۇن

تاپالمىدۇق . قولىمىزدا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۆتىدىغان ئامېر-
ىكا دوللىرى ، سوۋېتنىڭ رۇبلىسى تورۇقلۇق ، بىرەر بۇلۇڭ-
پۇچقاقتىن ياتىدىغان ئورۇن تېپىلماي ، بەكمۇ ئەلەم قىلدى .
شۇنچە ھەيۋەتلىك ، كاتتا موسكۋادا بىزدەك غېرىب - مۇساپىرلار
سىغقۇدەك بىرەر پاناھلىق جاي يوقمىدى ؟ كونىلار توغرا ئېيتىپ-
تىكەن : «ئايغىڭ كىچىك بولسا ، دۇنيانىڭ كەڭلىكىدىن
نېمە پايدا ؟ ! » مېنىڭچە ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ھامان ئادەملەر-
نىڭ ئوبدانراق ياشىشى ئۈچۈن قولاي شارائىت يارىتىشى
كېرەككقۇ ؟ ! ھازىر بۇ يەردە قىيناۋاتقىنى يالغۇز ياتاقلا ئەمەس ،
بەلكى كېيىنكى سەپەر ئۈچۈن پويىز بېلىتى ئالىدىغان يەرنى
تېپىشنىڭ قىيىنلىقى ئىدى . موسكۋادا توققۇز يەردە كاتتا - كاتتا
پويىز ۋوگزاللىرى بولسىمۇ ، لېكىن بۇ يەردە بېلەت سېتىلمايدى-
كەن ، بېلەت شەھەرنىڭ ئالىلقانداق بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا
سېتىلىدىكەن . دېمەك ، «بىرى باغدا ، بىرى تاغدا» دېگەندەك ،
پويىز بار يەردە بېلەت يوق ، بېلەت بار يەردە پويىز يوق ئىكەن !
شۇنداق قىلىپ ، موسكۋانىڭ تۇنجى كېچىسىنى ۋوگزالنىڭ كۆ-
تۈش ئۆيىدىكى قاتتىق ئورۇندۇقتا بەزىدە ئولتۇرۇپ ، بەزىدە
يېرىم - يارتا قىڭغىيىپ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى . مەن ئۈ-
چۈن ، بەش كېچە - كۈندۈزلۈك ئۇزۇن سەپەرنىڭ ئازابىدىنمۇ
كۆرە ، مۇشۇ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈش بەكمۇ مۇشكۇل تۇيۇلدى .
مۈگدەپ ئولتۇرۇپ يېرىم كېچىنى ئۆتكۈزدۈم ، كېيىن بېشىمغا
كىچىك سومكىنى قويۇپ ، سوزۇلۇپ ياتتىم - دە ، خىرە - شىرە
ئۇيقۇغا كەتتىم . ئۇزاق ئۆتمەي يەنە چۆچۈپ ئويغاندىم ، سەزدىم-
كى ، توڭلاپ ، تىترەپ ، شۈمشىيىپ قاپتىمەن . ماي ئېيى موسك-
ۋانىڭ يامغۇرلۇق كۈنلىرى بولغاچقا ، كەچ ۋە سەھەردە خېلى
ئاچچىق سوغۇق بولىدىكەن . قارىسام ، سائەت تۆتكە يېقىنلىشىپ
قاپتۇ . ئورنۇمدىن تۇرۇپ ۋوگزالنىڭ سىرتىغا چىقتىم . سۇبھى
كۆتۈرۈلۈپ ، ئۈپۈق يورۇپتۇ . يۇزۇمگە خۇددى تاغ سەلكىنىدەك

ساپ ۋە سوغۇق ھاۋا ئۇرۇلدى . كېچە ئازراق يامغۇر ياغقاچقا ، ئاسفالت يوللار چىراغ نۇرىدا پاكىز يالتىرايتتى . ئەمگۈش سو-غۇق ھاۋا بىلەن تېخىمۇ توڭلاشقا باشلىدىم . ھەرىكەتلىنىش تېز-رەك ، ھەرىكەت بىلەن ئىسسىنىش كېرەك ! كىيېۋىسكىي ۋوگزا-لىنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە ئۇچبۇرجەك باغچە ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن سوزۇلغان چوڭ ئاسفالت يول بار ئىدى . مەن شۇ يولنى بويلاپ چارەك سائەتتەك يۈگۈردۈم ۋە ئىسسىپ تەرلىگەندىن كېيىن ئارقامغا قايتىپ ھېلىقى ئۇچبۇرجەك باغچىنى ئايلاندىم . باغچە چىرايلىق ، بۈككىدە ئىدى . كوچىلارغا تېخى ئادەم چىقمىغاچقا ، ھەممە يەر تىنچ ۋە خىلۋەت ئىدى . لېكىن ، تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا مۇڭلۇق گىتار ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن قىزىقىپ شۇ تەرەپكە سىلى-جىدىم . گۈللۈكلەر ئارىسىغا قويۇلغان چەتتىكى بىر ئورۇندۇقتا ئۈچ رۇس يىگىتى ئولتۇراتتى . ئوتتۇرىدىكىسى بىر پۇتىنى يەر-گە ، بىر پۇتىنى ئورۇندۇققا قويۇپ گىتار چالاتتى ، ياندىكى ئىككىسى ناخشا تەڭكەش قىلىشاتاتتى . ئۇلار شىركەيپ ئىدى . كۆزلىرى خۇمارلاشقان ، كىيىملىرى ساڭگول ـ سۇڭگول كۆرۈ-نەتتى . ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا قالايمىقان تاشلانغان ۋودكا بوتۇلكى-سى ، كونسېرۋا قۇتىسى ، تاماكا قالدۇقى ۋە ھەر خىل ماركىلىق سۇلياۋ خالتىلار چېچىلىپ ياتاتتى . ئەپتىدىن قارىغاندا ، ئۇلار كېچىچە مۇشۇ يەردە تۈنىگەندەك ، ئۆزلىرىچە ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ، مۇھەببەت ناخشىلىرى بىلەن مەست بولغاندەك قىلاتتى . مەن ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى بىلمىسەممۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاھاڭى-دىن ، ئاۋازىدىن ، روھىي كەيپىياتىدىن بىر مىسكىنلىكنى ، چۈشكۈنلۈكنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم . شۇ چاغدا ، قەيەردىندۇر پەيدا بولغان بىر چال يەردىكى بوتۇلكىلار بىلەن كونسېرۋا قۇتى-لىرىنى يىغىپ يەلكىسىدىكى خالتىغا سالدى ۋە يېنىدا ھېچكىم يوقتەك قاراپمۇ قويماي ، ئالدىمىزدىن دىڭگىلداپ ئۆتۈپ كەتتى...

مەن موسكۋانىڭ تۇنجى سەھىرىنى ئەنە شۇنداق يوگۇرۇش ، سەيلە قىلىش ۋە يېڭى تونۇشلار بىلەن غايىۋانە سىردىشىش ئارقىلىق كۇتۇۋالدىم !

مەن موسكۋادا بار - يوقى تۆت كۇن تۇردۇم . كۆرگەنلىرىم ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ ، لېكىن كۆڭلۇمگە پۇككەن ئاساسلىق جايلارنى كەزدىم ، ئايلاندىم .

شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ، 8 مىليون نوپۇسقا ئىگە بۇ چوڭ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ كاتتا ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى . شەھەرنىڭ توققۇز يېرىگە جايلاشقان چوڭ - چوڭ پويىز ۋوگزاللىرى موسكۋانى ئۆز مەملىكىتىنىڭ ھەرقايسى شەھەر - يېزىلىرى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن تۇتاشتۇراتتى . شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان كىرىمىل سارىيى بىلەن قىزىل مەيدان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ شان - شۆھرىتىگە يارىشا سەلتەنەت ۋە سالاپەت بىلەن قەد كۆتۇرۇپ تۇراتتى . بۇ يەردىكى قەدىمىي چېركاۋلارنىڭ سۇرلۇك ، ھەيۋەتلىك مۇنارلىرى بىلەن يېڭى پاسوندىكى قات - قات ئىمارەتلەر رۇس خەلقىنىڭ يۇكسەك ئەقىل - پاراستى بىلەن كۇچلۇك مىللىي روھىنى نامايان قىلاتتى ! ...

مېنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى ۋە ھەيران قالدۇرغىنى ، پۇتۇن موسكۋا شەھىرىنى ئۆمۇچۇك تورىدەك ئوراپ تۇرىدىغان 200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مېترو (يەر ئاستى تۆمۇر يولى ) بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنيا بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مېترو بولۇشىغا مۇناسىپ ياسالغانىدى . ئۇنىڭ ئازادە ، ھەيۋەتلىك كۆرۇنۇشى پەن ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ مەھسۇلى بولسا ، ئۇنىڭ گۇزەل نەقىش ۋە بېزەكلىرى يۇكسەك سەنئەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى . خۇددى يەرنىڭ قەرىگە سىڭىنغاندەك بۇنداق چوڭقۇر ، پۇختا ، مۇرەككەپ ۋە بىخەتەر قۇرۇلۇشنى پەقەت يۇكسەك زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋە يۇكسەك سانائەتنىڭ كۇچى بىلەنلا قىلغىلى

بولاتتى . موسكۋا مېتروسىغا ھەقىقەتەنمۇ رۇس خەلقىنىڭ يېتەر-لىك ئەقىل - پاراستى ۋە ھالال قان - تەرى سىڭگەنلىك . شەھەردىكى قاتناش قوراللىرى ئىچىدە ئەڭ ئەرزىنىمۇ يەنە شۇ مېترو ئىدى . 15 كوپىك (بىزدىكى بىرنەچچە پۇڭغا تەڭ ) بىلەن مېترونىڭ خالىغان يېرىدىن چۈشۈپ ، خالىغان يېرىدىن چىققىلى بولاتتى . موسكۋا شەھىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك — تېلېفون ئالاقىسىنىڭ ناھايىتى ئەرزان ، راۋانلىقى ئىدى . كوچىلارنىڭ ھەرقانداق بىر دوقمۇشىغا ئون نەچچىدىن تېلېفون بوتكىسى ئور-نىتىلغان بولۇپ ، ئىككى كوپىكلىك تەڭگە پۇل بىلەن ناھايىتى تېز لا موسكۋانىڭ ھەرقانداق يېرى بىلەن ئازادە سۆزلەشكىلى بولاتتى .

«ئۆزبېكىستان رېستورانى» موسكۋادىكى ئۆزبېك ، قازاق ، ئۇيغۇر ، تاتار ... ئىشقىلىپ ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر يىغىلىدىغان سورۇن ئىكەن ، مەنمۇ ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە شۇ يەرنى تېپىۋالدىم ، تاماق مەسىلىسى ھەل بولدى . ياتاق-نىمۇ موسكۋادا سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەن ھەمشەھەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىر زاۋۇتنىڭ مېھمانخانىسىدىن ھەل قىلغان بول-دۇق .

ھايت - ھۇيت دېگۈچە تۆت كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى ، موسكۋا-دىن ئايرىلىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كەلدى . مەن پويىزغا چىقىدىغان ۋاقىتتا ، ھەممە يېرى ھايات شاۋقۇنلىرىغا تولغان ، كىشىلەر تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى بىلەن جىددىيلىشىپ يۈرىدىغان بۇ مې-خانىك دۇنياغا ئاخىرقى قېتىم چوڭقۇر نەزەر بىلەن يەنە بىر قېتىم قارىدىم . كۆڭلۈمدە ھۆرمەت ۋە ئەپسۇس ، قىيالماسلىق ھەم بىزارلىققا ئوخشاش مۇرەككەپ تۇيغۇلار پەيدا بولدى !

شۇنداق ، ئادەمنىڭ روھى بەكمۇ مۇرەككەپ نەرسە ، ئۇ خۇد-دى تۆكمە يامغۇردىن كېيىن ئاسماندا پەيدا بولىدىغان ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشاپ كېتىدۇ . ئۇنىڭدىن چاقنىغان خىلمۇ خىل

نۇرلارنىڭ بەزىسى ناھايىتى جۇلالىق، روشەن بولسا، بەزىسى بەكمۇ خۇنۇك ۋە بەترەڭ بولىدۇ!...

## سوۋېت ـ رۇمىنىيە تۆمۈريولىدا

موسكۋادىن كەچتە قوزغالغان پويىز ئەتىسى چاي ۋاقتى بىلەن ئۇكرائىنانىڭ مەركىزى كىيېۋتىن ئۆتتى. يىراقتىنلا بۇ قەدىمىي، مەشھۇر شەھەرنىڭ ئالتۇن مۇنارلىق چېركاۋلىرى، كۆككە بويى سوزغان زامانىۋى ئىمارەتلىرى ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا چاقناپ، جۇلالىنىپ تۇراتتى. بۈك ـ باراقسانلىق ئىچىدە سالاپەت بىلەن ئاستا ئېقىپ چىققان ھەيۋەتلىك دنىپېر دەرياسى بولسا، شەھەرگە تېخىمۇ ھۆسن ۋە ھاياتبەخش گۈزەللىك قوشقانىدى. مەن بۇ شەھەرنى بويلاپ ئۆتۈۋېتىپ، مۇشۇ يەردە ياشاپ، ئىجاد قىلغان ئۇلۇغ يازغۇچى، شائىرلاردىن 19 ـ ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئىنقىلابىي دېموكراتىك شائىر تاراس گېرىگورىۋىچ شېۋچېنكو (1814 — 1861) بىلەن ئىۋان فرانكو (1856 — 1916)نى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئالدىم. مەن مۇشۇلارنىڭ ئەسىرى ئارقىلىقلا كىيېۋ شەھىرىنىڭ تارىخىنى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالىنى خىيالەن كۆرگەنىدىم. مانا بۈگۈن شۇ خىيالىي شەھەر يول ئۈستىدە بولسىمۇ، كۆز ئالدىمدا ئەينەن نامايان بولدى.

پويىز چۈشتىن كېيىن، سوۋېت ـ رۇمىنىيە چېگرىسىغا كەلدى، بۇ يەردىن نۇرغۇن رۇمىنىيىلىك يولۇچىلار پويىزغا چىقتى. مەن ياتقان ئۆيگىمۇ ئىككى رۇمىنىيىلىك ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ ئېلىپ ماڭغان يۈك ـ تاقلىرىدىن قارىغاندا، تىجارەتچىلەردەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتىم. 60 ياشلار ئەتراپىدىكى ئاق چاچلىق، دوغىلاققىنە كەلگەن بىرسى تولىمۇ خۇش پېئىل، دىلكەش ئادەم ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن

ئىما ـ ئىشارەت ئارقىلىق ئەھۋاللاشتىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزد-ىنىڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئاز ـ تولا تىجارەت قىلىۋاتقانلى-قىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا ناۋات بىلەن چاي دەملەپ، بېيجىڭ-دىن ئېلىۋالغان ئالىي سورتلۇق پېچىنىلەرنى بەردىم، ئۇمۇ ماڭا ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەنگەن شاكىلاتلاردىن بەردى. شۇنداق قىلىپ، بىز قول ئىشارىتى بىلەن سۆزلىشىدىغان ھەمسەپەرلەر-دىن بولۇپ قالدۇق.

ئىيۇنىنىڭ ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى رۇمىنىيىنىڭ پايتەختى بۇخارېستقا كەلدىم. بەزىلەر بۇ شەھەرنى «بۆكەرەش» دەپ ئاتاي-دىكەن. بەلكىم، بۇ تارىختا تۈركلەر تەرىپىدىن قېپقالغان نام بولسا كېرەك. بۇخارېست دېگەن ئىسىم ۋە بۇ شەھەر ماڭا كىچىك-كىمدىنلا، دۇنيا جۇغراپىيىسى دەرسى بىلەن «ستىپان بەگ»، «دوناي دولقۇنى» قاتارلىق بىرنەچچە كىنولار ئارقىلىق تونۇش ئىدى. بىز بۇخارېست ۋوگزالىدا پويىزدىن چۈشۈپلا، خۇددى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەن ئادەمدەك گاراڭ ۋە خامۇش بولۇپ قالدۇق. يەنە شۇ تىل دېگەن بۇ ئەتىۋارلىقنى بىلمىگەچكە، ئەت-راپتىكى كىشىلەر بىلەن مۇھىت بىز ئۈچۈن يوچۇن ۋە سىرلىق ئىدى. پەقەت پارقىراپ تۇرغان كۆزىمىزلا ھەرخىل چىراي، ھەرخىل رەڭ ۋە ھەرخىل شەكىللەرگە تولغان جىددىي، شاۋقۇن-لۇق بىر ھايات ئېقىمىنى كۆرۈپ تۇراتتى. بىز يۈك ـ تاقىمىزنى خالىيراق يەرگە تارتىپ، شۇ يەردە مۈكچىيىپ ئولتۇردۇق. خىيالىمىزدا، تۇيۇقسىز بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، تىل بىلىدىغان تونۇش بىرسى ئالدىمىزدا خىزىرغا ئوخشاش پەيدا بولۇپ، بىزنى بۇ گاراڭلىقتىن، غېرىبلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا، ئارىمىزدىكى قاسساپچىلىق بىلەن بېيىغان بىرسى قاتتىق ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ مۇنداق دېدى:

— خەپ! ... تىل دېگەن شۇنداق بولسا بالىلىرىمىزغا بىرنەچچە تىل ئۆگەتمىسەم! تىل بىلمەسلىكىمىز بەكمۇ جاندىن ئۆتتى! ...

— شۇنداق ، — دېدى يەنە بىر ەيلەنمۇ ئۇنى قۇۋۋەتلەپ ، — باشقا تىللارنى بىلىش خۇددى بىر قۇلۇپقا چۇشىدىغان بىر نەچچە ئاچقۇچقا ئىگە بولغاندەك خاسىيەتلىك ئىش ئىكەن ! دېمىسىمۇ ، بىز هازىر تىلىمىز تۇرۇپ گاچىغا ، قۇلىقىمىز تۇرۇپ گاسقا ئايلىنىپ قالدۇق !

— مەن بۇرۇن ، بىزنىڭ تىلىمىز ئىمان بىلەن كەلگەن تىل ، ھەممىدىن ئۇلۇغ ، ھەممىدىن ئەزىز دەپ قارايتتىم ، — دېدى ھېلىقى قاسساپ يەنە ئۆكۈنۈش بىلەن ، — نەدىكىنى ، قەشقەردىن چىقىپلا ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى ! ئەمدى مەن قايتىپ بېرىپلا ئىككى بالامنى چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە بېرىمەن . تىل بىلىش — ئۇلۇغ ئىش ئىكەن ! …

مانا بۇ ، شەپقەتسىز رېئاللىق ۋە ئەمەلىيەت نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ساپ ۋە سەمىمىي ھېسسىيات ئىدى . يۇقىرىدىكى سۆزلەر بىلەن تەبىئىي ھالدا تۇغۇلغان تىل توغرىسىدىكى سۆھبەت خېلى ئۇزاق ۋە چوڭقۇر داۋام قىلدى . مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، بۇ چالا ساۋات ھەمراھلىرىمغا نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ تىل توغرىسىدىكى مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇپ بەردىم :

«تىلدۇر كىم ، نىشان بىرەر ئۆلۈككە جاندىن ،
تىلدۇر كىم ، بىرەر جانغا خەۋەر جاناندىن .
ئىنساننى تىل قىلدى جۇدا ھايۋاندىن ،
بىلكىم ، گۆھىرى ئەزىز يوق ئۇنىڭدىن . »

شۇنداق ، تىل بىلمىگەن ئادەم خۇددى لاي بۇتقا ئوخشاش ، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ، پىكىر - تۇيغۇسىنى باشقىلارغا يەتكۈزەلمەي ، بىزگە ئوخشاش ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋېرىدىكەن . تىل بايلىقى ھەقىقەتەنمۇ ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر بايلىقى ئىكەن ! …

تـوۋا ، «تـىلـىسەنڭ تـاپارسەن» دېـگەندەك ، «خىزىر» غا

www.uyghurkitap.com

يولۇقۇش ئۇمىدىمىز ، تۇيۇقسىز رېئاللىققا ئايلاندى . بىتونىڭ ئالدىمىزدا راستتىنلا خىزىر — زەڭگەر ئاسماندەك كۆك كۆز ، قىرقىم چاچ ، غۇنچە بوي ، قىرىق ياشلار ئەتراپىدا بىر ئايال پەيدا بولدى . ئۇ بىز بىلەن بىر ۋاگوندا بىر كۈن بىللە سەپەرداش بولغان رۇمىنىيىلىك ئىدى . ئۇ بىزنىڭ گاڭگىراپ ، يېتىمسىراپ ئولتۇرغانلىقىمىزنى پەملىگەن بولسا كېرەك ، يېنىمىزغا كېلىپ ، ئىشارەت بىلەن : «نەگە بارىسىلەر؟ نېمە قىلماقچى؟» دېگەن گەپلەرنى ئۇقتۇردى . ئىشقىلىپ ، بىز ئاشۇنداق ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن دۇنيانىڭ بىر ئۇچۇن يوچۇن ، بىگانە بولغان مۇشۇنداق سىرلىق ، قايناق يەرلىرىدىمۇ كۈنىمىزنى ئۆتكۈزدۇق . ھېلىقى ئايال ئۆزىنىڭ بىر ھەمراھىنى چەتتە توختىتىپ قويۇپ ، مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلىدى ـ دە ، ۋوگزالنىڭ ئىش سوراش ئورنىغا بېرىپ ، ئۇ يەردىكى بىر قىز بىلەن بىر نەرسىلەرنى دېيىشتى ، كېيىن يەنە قولۇمدىن يېتىلەپ ، بۇ چوڭ ۋە مۇرەككەپ ۋوگزالنىڭ بىر نەچچە يەرلىرىگە ئاپاردى ھەم بېلەتكە قول قويدۇرىدىغان ئورۇننى ، ئەتىسى بىز ماڭىدىغان پويىزنىڭ سائەت نەچچىدە قوزغىلىدىغانلىقىنى ، يېقىن ئەتراپتىكى مېھمانخانىنى ھەم ۋوگزالنىڭ چوڭ ئىشىكى ئالدىدىكى مېترونىڭ كىرىش ئىشىكىنى كۆرسىتىپ ، قەغەزگە ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق سىزىپ چۈشەندۈردى ، يۈك ـ تاقىغا ، پۇل ـ پۈچەككە ئوبدان ھېزى بولۇشنى تاپىلىدى ـ دە ، چىرايلىق سالام بېرىپ خوشلىشىپ كەتتى . مەن بۇ ئايالنىڭ بىزدەك ناتونۇش غېرىب ـ مۇساپىرلارغا قىلغان غەمخورلۇقىدىن ، شاپائىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم . دۇنيادا يەنىلا ياخشى ئادەملەر كۆپ ئىكەن . ھايات ۋە تۇرمۇش ھەمىشە ئەنە شۇنداق ياخشىلىقنى ، ئۇلۇغلۇقنى ، ھىممەتنى ئۆزىگە بۇرچ قىلغان ئادەملەر بىلەن تېخىمۇ گۈزەل ۋە چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن . قـايسىبىر دانىشمەن توغرا ئېيتىپتۇ : «ئالەم ئۇلۇغ كىشىلەرگە باي ، ئاخىر ، ھەربىر يېزا ، ھەر بىر شەھەر ،

ھەربىر ئۆلكە ئۆزىنىڭ بۈيۈك كىشىلىرىگە ئىگە ئەمەسمۇ !»

بىز شۇ كۈنى كەچتە، بۇخارېستتىن 250 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كونىستانتىنغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. كونىستانتا رۇمىنىيىنىڭ قارا دېڭىز بويىدىكى ئەڭ چوڭ پورتى ھەم كېمىسازلىق سانائىتى مەركىزى ئىكەن. شۇ سەۋەب بىلەن ماڭا كارپات تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى كەڭ ۋە مۇنبەت تۈۋەن دوناي تۈزلەڭلىكىنى كۆرۈش نېسىپ بولدى ...

مەن ھەمراھلىرىم بىلەن ئەتىسى ئەتىگەنلىكى كونىستانتىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، تۈركىيىگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئاپتوبۇس رۇمىنىيە ۋاقتى كەچ سائەت يەتتە بىلەن بۇلغارىيە چېگرىسىدىن ئۆتتى. بىز كېچىچە قاپقاراڭغۇ ئورمانلىقلاردىن، يوپيورۇق شەھەر - مەھەللىلەردىن ۋە خامۇش ئۇيقۇغا چۆمگەن پايتەخت سوفىيىدىن ئۆتۈپ، سائەت ئىككى بىلەن تۈركىيە چېگرىسىغا كەلدۇق. سائىتىمگە قاراپ ھېسابلاپ كۆرسەم، 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بۇلغارىيە زېمىنىنى ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئالتە يېرىم سائەتتە كېسىپ ئۆتۈپ بوپتۇق !...

## ئىككى قىتئەگە تەئەللۇق شەھەر

ئىستانبۇل — مېنىڭ گۈدەك تەسەۋۋۇرۇمدا خۇددى چۆچەك - رىۋايەتلەردىكى ئوردا - قەسىرلەردەك ساماۋى شەھەر ئىدى !

ئىيۇن ئېيىنىڭ ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى كۈن بىلەن تەڭ مەن بۇ شەھەرگە كىرىپ كەلدىم. شۇ ھامان كۆز ئالدىمدا نامايان بولغىنى، قانداقتۇر تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئازادە، تىنچ ۋە خىرامان شەھەر ئەمەس، بەلكى ئادەم بىلەن ماشىنا قىيان بولۇپ ئېقىۋاتقان، جىددىي ھەرىكەت رىتىمى بىلەن تۇرمۇشنىڭ قىيقاس -

چۇقانلىرى پەلەككە يەتكەن شاۋقۇنلۇق شەھەر بولدى . 7 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بىلەن ئىككى يېرىم مىليوندىن ئارتۇق ماشىنىنى ئۆز يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ ئالدىراشچىلىق ، جىددىيچىلىك ، تىرىكچىلىك ۋە كۆزگە كۆرۈنمەس رىقابەتلەر بىلەن ئېغىر ھاسىرايتتى ، پۇشۇلدايتتى ! ...

مەن بىرى - بىرى بىلەن يول تالىشىپ ، قاتتىق سىگنال بىلەن سەپ - سەپ تۇرۇپ كەتكەن ماشىنىلارغا قاراپ خىيالغا چۆمدۈم : ئىنسانلار ھەرخىل تىپتىكى ماشىنىلارنى ۋە كەڭ - ئازادە ئاسفالت يوللارنى پەقەت ئاسانراق مېڭىش ، تېزرەك مېڭىش ئۈچۈنلا ياسىغان ، لېكىن ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئىنسانلار ئەسلىدىكى مەقسىتىگە يېتەلمىگەندەك قىلىدۇ . چۈنكى ، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا قۇچاق ئاچقان ، ماشىنىلارغا تولۇپ كەتكەن بۇ شەھەر ئۆز كىشىلىرى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ئارتۇقچە بايلىقنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قېلىۋاتقاندەك ، ئەگەر ئۇ مۇۋاپىق تەڭشەلمىسە ، شەھەرنىڭ گۈزەل قامىتى مۇكچىيىپ ، ساپ ھاۋاسى ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە بۇلغىنىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى !

توۋا ، ئادەملەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ، ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق بەرپا بولغان نەرسىلەرنىڭ ئاخىر كېلىپ ، يەنە شۇ ئادەملەرنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن ! ئېھتىمال ، بۇمۇ تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنى بولسا كېرەك . بولمىسا ، ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە پايدىلىق تەبىئىي نۇر بىلەن يورۇقلۇقنى توسۇپ ، ئاسمان - پەلەك بىنالارنى قۇرۇۋالىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ماشىنىلارنى ئىجاد قىلىپ ، قىيقاس - چۇقانلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ نېرۋىلىرىنى قاقشىتىدۇ ۋە ئىس - تۈتەك ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياشايدۇ ؟ !

دەرۋەقە ، بۈگۈنكى ئىجتىمائىي ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىنسانىيەتكە ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇش بەخش ئەتتى .

www.uyghurkitap.com

ئەگەر سىز كۆكۈل ئېچىشنى خالىسىڭىز ، ئۆيدىن چىقمايلا تېلېۋىزور ، ئۈنئالغۇلار بىلەن كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلالايسىز ؛ ساياھەتكە چىقماقچى بولسىڭىز ، ماشىنا ، پويىز ، ئايروپىلان ، پاراخوتلار بىلەن ھېچقانداق رىيازەت چەكمەيلا جاھاننى ئايلىنالايسىز ؛ قەۋەتلىك بىنالاردا ئولتۇرسىڭىز ، قىشتا پارىۋاي ، يازدا شامالدۇرغۇچ بىلەن راھەتلىنىسىز . ئىشقىلىپ ، ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ جاپالىق كۈرەشلىرى ھېسابىغا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ . لېكىن ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ، زامانىۋى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بەرپا بولۇشى كىشىلەردە يېڭى بىر خىل «مەدەنىيەت كېسىلى» نىمۇ پەيدا قىلىۋاتىدۇ . چوڭ شەھەرلەردىكى قىستاڭچىلىق ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللار كىشىلەرنى ھودۇققاق ، غەمكىن ، چاچقۇن ، ئۇيقۇسىز قىلىپ ، بىرمۇنچە جىسمانىي ۋە روھىي ئازابلارغا گىرىپتار قىلىپ قويدى . ھەممىگە مەلۇمكى ، مۇزىكا كىشىگە ئېستېتىك لەززەت بېرىدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ رىتىمى گۈزەل ، جاراڭلىق ، مۇڭلۇق ، دولقۇنلۇق ، يېقىملىق بولىدۇ . يەڭگىل مۇزىكىلارنى ئاڭلىغاندا ، كىشىلەر شۇ ھامان ئىچ پۇشۇقىدىن خالاس بولۇپ ، كۆڭلى ئېچىلىپ كېتىدۇ . لېكىن يېقىمسىز ئاۋاز پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئادەمنىڭ ئىچىنى تىتىلدىتىپ ، جېنىنى قاقشىتىدۇ ، زېرىكتۈرىدۇ ، بىئارام قىلىدۇ . پويىز ، تراكتور ، ماشىنا ، موتسىكلىت ، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى ۋە چوڭ ، ئاۋات بازارلاردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ، چۇقان - سۈرەنلەر ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى بىزار قىلىپ ، نېرۋىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ . ئۆتكەندە ، ياپونىيەدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆزى ئىشلەۋاتقان زاۋۇتتىكى پار بازغىنىنىڭ ئاۋازىدىن ئىچى تىتىلداپ ، بىئارام بولۇپ ، ئاخىر چىدىيالماي بېشىنى پار بازغىنىنىڭ ئاستىغا تۇتۇپ بېرىپ ، بىراقلا تىنچلانغانلىقى بۇنىڭ قورقۇنچلۇق دەلىلى ئەمەسمۇ ؟!

ئىستانبۇل ئەنە شۇنداق كېچە ـ كۈندۈز ئادەم ۋە ماشىنىلار بىلەن جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئويغاق، ھەممە يەر جىددىي ھەرىكەت بىلەن رىقابەتكە تولغان تىنىمسىز، شاۋقۇنلۇق، كاتتا شەھەر ئىكەن. ئۇ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يولىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىغا جايلاشقاچقا، قاتنىشى قولاي، بازارلىرى ئاۋات ھەم جانلىق ئىكەن ...

مەن ئىستانبۇلغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، دېڭىز كۆرۈش ئىشتىياقى بىلەن مەرمەر دېڭىزىنىڭ بويىغا كەلدىم. بۇ يەر تېخىمۇ ئاۋات، قايناق ھەم كۆڭۈللۈك ئىدى. بەزىلەر دېڭىز بويىدىكى ئىستىراھەت باغچىلىرىدا سالقىنداپ، دەم ئېلىپ، ھايات پەيزىنى سۈرەتتى؛ بەزىلەر دېڭىز ئۇپۇقلىرى بىلەن سۆيۈشۈپ تۇرغان قىيا تاشلارغا مىنىۋېلىپ، بېلىق تۇتاتتى؛ بەزىلەر دولقۇن ئۇرۇپ تۇرغان مۇزدەك سۇغا چۆمۈلۈپ، ئىرادىسىنى چېنىقتۇراتتى. مەن ئىككى قەۋەتلىك ساياھەت پاراخوتىغا چۈشۈپ دېڭىزنى ئايلاندىم. دېڭىز ھەيۋەتلىك كۆرۈلدەيتتى، گويا مەڭگۈ ھېرىپ ـ چارچاشنى بىلمەيدىغاندەك، نەرە تارتىپ چايقىلاتتى. ئۇنىڭ نەشپۈت چېچەكلىرىدەك بۇژغۇن چاچرىتىپ تۇرغان كۆكۈچ، تىنىق سۈيى كەچكى شەپەق نۇرىدا تېخىمۇ رەڭلىنىپ جۇلالايتتى. ئۇنىڭ ئۇپۇق سىزىقى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن يىراق چېتىدە پايانسىز بىر يېشىللىق ئالەمى پەيدا بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل كەڭ ۋە راھەتلىك سېزىم ھاسىل قىلاتتى ... قىسقىسى، دېڭىز ئۆزىنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتى، ھەيۋىتى، سەلتەنىتى ۋە باغرىدا يوشۇرۇپ ياتقان ئاجايىپ سىرلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئېھتىمال، بۇ پاراخوتتا ماڭا ھەمراھ بولۇپ دېڭىز ساياھىتى قىلىۋاتقانلار ئىچىدە ماڭا ئوخشاش دېڭىزنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقىنى يوق بولسا كېرەك، شۇڭا مەن ھەممە نەرسىگە قىزىقىش، ھەۋەس ۋە ھەيرانلىق بىلەن قارايتتىم، كۆز ئالدىمدا داۋالغۇپ تۇرغان بۇ

يېشىل دۇنيا ماڭا ئاجايىپ سىرلىق ۋە مۆجىزىلىك كۆرۈنەتتى. دېمىسىمۇ، دېڭىز بەزىدە شىددەتلىك چايقىلىپ، دولقۇن ئۇرۇپ گۈركىرەيتتى؛ بەزىدە تىپتىنچ، مۇلايىم بولۇپ قالاتتى؛ بەزىدە بولسا، كۈن نۇرىدا ئالتۇن سۈيىدەك جۇلالىنىپ، گۈزەل، يېقىملىق كۆرۈنەتتى؛ بەزىدە تۇمان قاپلاپ، سۇرلۇك تۇس ئالاتتى. ئىشقىلىپ، ئۆزگىرىشچان، كۆپ قىرلىق بۇ جانلىق ئالەم كىشىلەرگە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىدەك رېئال تۇيغۇ ۋە تەسىرات بېرەتتى ...

مېنىڭ چوڭقۇر خىياللىرىمنى شەپەق نۇرىدىن قىزارغان دېڭىز سۈيى ئۈستىدە بەزىدە قانات كېرىپ پەرۋاز قىلىپ، بەزىدە ساداقىنىڭ ئوقىدەك سۇغا قاراپ شۇڭغۇپ يۈرگەن بىر نەچچە بېلىقچى قۇشلارنىڭ ھەرىكەتلىرى بۆلۈۋەتتى. دېڭىزنىڭ ھەيۋەتلىك گۈركىرىشى ئۇلار ئۈچۈن مۇزىكا، دېڭىزنىڭ قەھرلىك ئۇپقۇنلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئۇسسۇل مەيدانى ئىدى.

مەن كېتىۋېتىپ، بىر نەرسىگە ئالاھىدە قىزىقىپ قالدىم. ئالدىمدا ئۇنچە ــ مەرۋايىتتەك جىمىرلاپ تۇرغان تىپتىنچ سۇ ئۈستىدە خۇددى مۇئەللەقتە تۇرغۇزۇلغاندەك بىر مۇنار پەيدا بولدى. پاراخوت ئۇنىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتكەندە مەن ئۇنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن ياسالغان راۋاق شەكىللىك مۇنار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. لېكىن ھەيرانلىقىم ئۇزۇنغا بارمىدى، شۇ يەردىلا بۇ مۆجىزىلىك قۇرۇلۇشنىڭ سىرىمۇ ئايدىڭلاشتى. ئۇنى تۈركچە «قىز كۆلى» (قىز راۋىقى) دەيدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قايسىبىر تۈرك سۇلتانىنىڭ ئامراق قىزى بىر ئاددىي يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ بۇنى نومۇس بىلىپ، قىزنى توسۇپتۇ، قىز يىغلاپتۇ، ئازابلىنىپتۇ، غەمگە پېتىپتۇ. بىر كۈنى پەرىشان ھالدا ئۆزى يالغۇز باغنى ئايلىنىپتۇ. توساتتىن ئالدىغا يوغان چار يىلان ئۇچراپتۇ، قىز قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە كېسەل بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ قىزىدىن

www.uyghurkitap.com

ئەنسىرەپ، تىنچ ۋە خالىي يەردە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، مەرمەر دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى راۋاق سالدۇرۇپتۇ ۋە قىزىنى قۇرۇقلۇقتىن، ئادەملەردىن ئايرىپ، كېمە بىلەن شۇ يەرگە ئاپىرىپ تۇرغۇزۇپتۇ. بىر كۈنى خىزمەتكار بازاردىن مېۋە ئېلىپ كەپتۇ. قىز مېۋىلەرنى سېۋەتتىن ئېلىۋاتسا، ھېلىقى يىلان يەنە مېۋىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ قىزنى چېقىپتۇ، قىز ئۆلۈپتۇ، ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇرۇقلۇققا ئەكېلىپ قويۇپتۇ. ئەسلىدە ھېلىقى يىگىت يىلان سۈرىتىگە كىرىپ، قىزنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە ئۇلار شۇ يول بىلەن مۇرادىغا يەتكەنىكەن...

مەن رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بۇ مۇھەببەت داستانىنى ئاڭلاپ، پاك ۋە ھەقىقىي سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ھەرقانداق يەردە، ھەرقانداق كۈچنىڭ توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خۇددى مۇشۇ دېڭىزدەك تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ۋە ئەبەدىي ئۆچمەس روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم!...

پاراخوت مەرمەر دېڭىزىنى يېرىم دائىرە ئايلىنىپ، ئاخىرىدا فوسفور بوغۇزىغا يېقىنلاپ كەلدى. مەن يىراقتىنلا بۇ مەشھۇر بوغۇزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ھەيۋەتلىك پولات ئاسما كۆۋرۈكنى كۆرۈپ ھاياجانلاندىم.

فوسفور بوغۇزى قارا تىل بىلەن ئېيتقاندا، «كالا كېچىكى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمىي يۇنانلىقلارنىڭ قۇياش ئىلاھى زېۋىستىن ئۆزگەرگەن بىر ئىلاھىي كالا پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىنى كۆتۈرۈپ، مۇشۇ بوغۇزدىن ئۆتكەنىكەن!...

فوسفور بوغۇزى گويا ئىنسانلارنىڭ قولى بىلەن ياسالغان زۇمرەت ئېقىندەك، ئۆزىنىڭ يەڭگىل شاۋقۇنى، گۈزەللىكى، ئېللىقلىقى، لاتاپىتى ۋە بارلىق مۆجىزىسى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ۋە بىردەم بولسىمۇ، ئادەمنى تۇرمۇشنىڭ غەم ـ

ئەندىشىلىرىدىن خالىي قىلىپ، خىيالىي بىر دۇنيا قوينىدا ياشا-
ۋاتقاندەك راھەتلىك ھېس قىلدۇراتتى ...
ئىككى قىرغىقى يېشىللىققا ۋە كۆركەم ئۆي - ئىمارەتلەرگە
تولغان فوسفور بوغۇزى ئىستانبول شەھىرىنى شەرق ۋە غەربتىن
ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇراتتى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ
ئۈستىدە گويا ھەسەن - ھۈسەندەك ئېسىلىپ تۇرغان پولات كۆۋ-
رۈك بولسا، خۇددى بىر تەبىئىي بەلۋاغقا ئوخشاش، ياۋروپا ۋە
ئاسىيادىن ئىبارەت ئىككى قىتئەنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇراتتى.
مېنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنغان بۇ كاتتا كۆۋ-
رۈكنىڭ مۆجىزىلىك قۇرۇلۇشى بولدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزى
بىر كامالەتكە يەتكەن سەنئەت ئىدى، ئۇنىڭ ئىجادكارلىرى ئەنە
شۇ قۇرۇلۇش سەنئىتى بىلەن بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ
گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. سۇ يۈزىدىن 60 نەچچە مېتىر ئېگىز-
لىككە كۆتۈرۈلگەن، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم كىلومېتىر، كەڭلى-
كى 30 نەچچە مېتىر كېلىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك كۆۋرۈكنىڭ سۇغا
تۇتاشقان ھېچقانداق تۈرغۈسى يوق ئىدى. زامانىۋى كۆۋرۈك
قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۆركەم شەكىلدە ياسالغان بۇ كۆۋ-
رۈكنىڭ تاغ ئۆيۈتمىسىدەك مەزمۇت تېنى بوغۇزنىڭ ئىككى قىر-
غىقىدىكى ئىككى مۇنارغا ئېسىقلىق ئىدى! ...
سەيلە كېمىسى بوغۇز ئىچىدە ئاستا ئۈزۈشكە باشلىدى،
ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىن قاينام بولۇپ كۆتۈرۈلگەن سۇلار ئەت-
راپقا ئاق چېچەكتەك بۇژغۇن چاچرىتاتتى. مەن پاراخوت سۇپى-
سىدا تۇرۇپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلىدىم، ھاۋا خېلى ئىسسىق
بولسىمۇ، لېكىن پاراخوت سۇپىسى شۇنداق سالقىن ۋە راھەتلىك
ئىدى. كۈن ئاستا - ئاستا ئولتۇرۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى
قىزغۇچ نۇرىدىن دېڭىز ۋە كۆۋرۈك تېخىمۇ يالتىراپ كەتتى.
شۇ چاغدا، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ھەيۋەتلىك مۇنار، بوككىدە

دەل ـ دەرەخ ، كۆركەم بىنا ـ ئىمارەت ۋە قەدىمىي ، سەلتەنەتلىك قەلئەلەرنىڭ سۇدا ئەكس ئەتكەن رەڭگارەڭ مەنزىرىسى پەيدا بولدى . بۇ مەنزىرە ئەسلىدىكىدىنمۇ گۈزەل ۋە سېھىرلىك ئىدى ...

قايتىش سەپىرىمىزدە ، مەن ئاسما كۆۋرۈك بىلەن بوغۇز ئېقىنىغا يەنە بىر قېتىم قارىدىم . يېڭىلا يېقىلغان چىراغ ۋە ماشىنىلار بىلەن بۇ يەر تېخىمۇ نۇرلىنىپ ، جانلىنىپ كەتكەندى . بوغۇز ئىچىدىكى ھەرخىل پاراخوتلارنىڭ گۈدۈك ئاۋازىمۇ ئەتراپتا ياڭراپ ، كىشىلەرگە ھاياتلىق ئۇچقۇن تىرىشىپ ـ تىرمىشۋاتقان بىر خىل ئالدىراشلىق مەنزىرىسىنى ھېس قىلدۇراتتى !...

ئۆز ۋاقتىدا ، بۇ بوغۇز ئىلاھىي كالا بىلەن بىر مەلىكىنى ئۆتكۈزگەن بولسا ، مانا بۈگۈن ئىلاھ ئەمەس ، ئاددىي خەلق تەرىپىدىن ياسالغان ھەيۋەتلىك پولات كۆۋرۈك ۋە سۇ ئۈستىدىكى لەھەڭدەك كاتتا پاراخوتلار بىلەن تۈمەن مىڭ «مەلىكە »لەر ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا ئۆتۈپ ، جاھان كەزمەكتە ئىدى ! ...

## «زەمبىرەك قوۋۇقى» ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم

تۈركلەر بۇ يەرنى «توپقاپى» دەپ ئاتايدىكەن . بۇ يەردە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قەدىمىي قەلئەسى ۋە قەلئە سېپىلى بار ئىكەن . سېپىل بۇنىڭدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى قىياپىتىنى تېخى يوقاتمىغان ، بەزى يەرلىرى ھەتتا يېڭىلا سېلىنغان قورۇلۇشتەك چىرايلىق ھەم مۇستەھكەم تۇراتتى . مەن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم . بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ، قورۇلۇشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى . تۇرۇپلا ، ئادەمنى يىراق ئۆتمۈشنىڭ غۇۋغالىق خاتىرىلىرى ئىچىگە ئېلىپ كەتسە ، تۇرۇپلا كەلگۈسىنىڭ شېرىن غايىلىرى بىلەن ھازىرنىڭ

شاۋقۇن ــ سۇرەنلىرى ئىچىگە سۆرەپ كىلەتتى . بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ــ جىسمىغا لايىق بىر تارىخىي مەكتەپ ، ئۆز باغرىدا ئەجدادلارنىڭ نۇرغۇن سىر ۋە ھەقىقەتلىرىنى يوشۇرغان تىلسىماتلىق دۇنيا ئىدى . خىيال قۇشلىرىم ئاستا ــ ئاستا پەرۋاز قىلىپ ، بۇ يەرنىڭ «كونىستانتىنپول» دېگەن ئىسمىدىن «ئىستانبول» دېگەن ئىسمىغا ئۆزگەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قانلىق جەڭ خاتىرىلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى!

مىلادىيە 1453 ــ يىلى 6 ــ ئاپرېلدا كونىستانتىنپول ئاسمىنىدا توساتتىن گۈلدۈرماممىدەك توپ ــ زەمبىرەك ئاۋازلىرى ياڭراپ ، يالقۇنلۇق ئىس ــ تۈتەكلەر كۆتۈرۈلدى ، پۈتۈن شەھەر ئۇرۇش ئوتى بىلەن قاپلاندى . ئەسلىدە ، تۈرك سۇلتانى مەھمۇد II 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ۋە 320 جەڭ كېمىسى بىلەن شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولغان بۇ قەدىمىي شەھەرنى قورشىۋالغانىدى . ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ 6 ــ پادىشاھى ، 21 ياشلىق بۇ تۈرك سۇلتانى شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىدىگە 1058 يىل پايتەخت بولغان ، ئىلگىرى ــ ئاخىر بولۇپ ھۇنلار ، ئازارلار ، ئاۋارلار ، پارسلار ، ئەرەبلەر ۋە تۈركلەر كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغان بۇ مۇستەھكەم قورغاننى ئىشغال قىلىپ ، ئۇنى ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشقا بەل باغلىغانىدى .

تۈرك قوشۇنلىرى ئاۋۋال غەرب تەرەپتىكى قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ھۇجۇم قىلدى . شەرقىي رۇم قوشۇنلىرى بۇ يەرگە تاش ۋە پىششىق خىشتىن ئىككى قات سېپىل سالغان بولۇپ ، سېپىل ئۈستىگە ھەر 100 مېتىر ئارىلىقتا بىردىن مەزمۇت ئىستىھكام قۇرغانىدى . سېپىل سىرتىغا ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ سۇ خەندىكى قېزىلغان بولۇپ ، سېپىل ئۈستىگە شوتا ياكى مەنجاناق بىلەن چىقىش بەسى مۇشكۇل ئىدى . شۇڭا ، سېپىلنى ئاۋۋال ئېغىر زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتتى . ماتېماتىكا ئىلمى بويىچە ياسالغان

بۇ خىل ھاۋان زەمبىرەكلىرىگە سېلىنغان تاش ئوقلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 500 كىلوگرام كېلەتتى. بىر مەھەل توپقا تۇتقاندىن كېيىن، ئون مىڭلىغان ئەسكەرلەر سۇ خەندىكىنى تىنىدۇرۇش مەقسىتىدە ياغاچلارنى كۆتۈرۈپ، غايەت يوغان سوغىلارنى دومىلىتىپ سۇ خەندىكىگە قاراپ ئاتلاندى. شەرقىي رۇم قوشۇنلىرى ئىستىھكام ئىچىدە ۋە سېپىللارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، قارا مىلتىق ھەم تاش ئاتار توپلار بىلەن داۋاملىق قايتۇرما زەربە بېرىپ تۇردى. نۇرغۇنلىغان تۈرك ئەسكەرلىرى يارىلىنىپ، سۇ خەندىكىگە يېقىن بارالماي چېكىنىدى.

قاتتىق ھۇجۇمدىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، تۈرك سۇلتانى مەھمۇد II باشقىچە يول تۇتتى...

كونستانتىنوپولغا دېڭىز ئارقىلىق كىرىدىغان ئېغىزلارنىڭ ھەممىسى تۆمۈر زەنجىرلەر بىلەن توسۇۋېتىلگەنىدى. مەھمۇد II ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇقى ئارقىلىق قەلئەگە يوچۇق ئېچىشنى پىلانلىدى. پىلان بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان كۈنى ئاخشىمى تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ 70 كېمىسى ئالتۇن مۈڭگۈز ئېغىزىدىكى تۆمۈر زەنجىرلەردىن بەرپا قىلىنغان توساقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، گالاتىيە قىرغىقىغا بېرىپ توختىدى، ئارقىدىنلا ئادەم كۈچى بىلەن كېمىلەرنى سۆرەپ قىرغاققا چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇرۇقلۇق ئۈستىگە قېلىن، پۇختا تاختايلارنى ياتقۇزۇپ بىر خىل ياغاچ يول ياسىدى. تاختايلارنىڭ ئۈستىگە كۆپ مىقداردا كالا ۋە قوي يېغىنى سۈركەپ، كېمە سۆرەشكە توسالغۇلۇق قىلىدىغان سۈركىلىش كۈچىنى ئازايتتى. شۇنىڭ بىلەن مىڭ بىر جاپادا كېمىلەرنى غىلتاڭ تاختاي يول ئارقىلىق ئىتتىرىپ، ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇقىنىڭ گىرۋىكىگە ئېلىپ باردى. تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا، 70 كېمە تۇشمۇ تۇشتىن سۇغا چۈشۈرۈلۈپ، سەپ تۈزۈپ لەيلەتمە كۆۋرۈك ھاسىل قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە چاقان ئىستىھكاملارنى قۇردى. تۈرك ئەسكەرلىرى مۇشۇ

www.uyghurkitap.com

لەيلەتمە كۆۋرۈك ئارقىلىق 29 ـ ماي تاڭ سەھەردە كونىستانتىنىدـ
پولغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى.
شەرقىي رۇم قوشۇنلىرى ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇقىدا تۈرك
ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدـ
دى، شۇڭا ئۇلار تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. تۈرك ئەسـ
كەرلىرىنىڭ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئۈزمەستىن توپقا تۇتۇشى ۋە
مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان تۈرك ئەسكەرلىرى بىر خىل رىتىمدا
ئېيتقان تەكبىر سادالىرى ئىچىدە قىلغان ھۇجۇمدا قەلئە سېپىلىدـ
دىن بىر ئېغىز ئېچىلدى. ئۇلار مانا شۇ ئېغىزدىن يوپۇرۇلۇپ،
شەھەرگە بېسىپ كىردى. 53 كۈن مۇھاسىرىدە تۇرغان مۇستەھـ
كەم قورغان ئاخىر يىمىرىلدى. تۈرك ئەسكەرلىرى شەھەردە ئۈچ
كۈن بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. نۇرغۇنـ
لىغان ئاھالىلەر قۇل قىلىندى. كۆركەم، ھەيۋەتلىك ئوردا ـ
سارايلار كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. ئەسىرلەردىن بۇيان ساقلىنىپ
كەلگەن بىباھا، نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى كۆيۈپ كۈلگە ئايلانـ
دى. خرىستىئان دىنىنىڭ بارلىق بۇتلىرى چېركاۋلاردىن چىقىدـ
رىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلام دىنىنىڭ مېھراب ـ تەكچىلىرى
ياسالدى. خرىستىئان دىنىنىڭ 9 ـ ئەسىردىن بۇيانقى كاتتا
ئىبادەتخانىسى، شەرق بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان
«ئاياسوفىيە» ئىبادەتخانىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتىگە ئۆزـ
گەرتىلدى. شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونىستانـ
تىنپول دېگەن تارىخىي ئىسمىمۇ ئىستانبولغا ئۆزگەرتىلدى.
شۇنداق قىلىپ، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي
رۇم ئىمپېرىيىسى كونىستانتىنپولنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن
ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات بولدى!...
مەن ئۇزاق تارىخنىڭ بىردىنبىر شاھىتى بولغان مانا شۇ
قەلئە سېپىلى ئۈستىدە تۇرۇپ، ئاشۇ قانلىق خاتىرىلەرنى ئەسلىدـ
گەن ۋاقتىمدا، بۇ دۇنيانىڭ ئەزەلدىن داۋالغۇپ تۇرغان

تىنچسىز ، غەليانلىق بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەزەلدىن ئېلىشىش ، تىركىشىش ، ئايرىلىش ، قوشۇلۇش ۋە كۆ-چىيىش ، يوقىلىشقا ئوخشاش تەكرارلىنىشلار ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزغان ۋە شۇنىڭ ھېسابىغا تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم ! ...

## رەڭگارەڭ دۇنيا

ئىستانبولنىڭ بازار - رەستىلىرى ناھايىتى قايناق ۋە ئاۋات . ئىزدىگەن ھەرقانداق نەرسىنى تېپىش مۇمكىن . ماللار كۆپ ، بازار ئەلۋەك بولغىنى بىلەن باھا مۇقىم ئەمەس ، پۇلنىڭ قىممىتى تۇراقسىز ، ئىستانبول كوچىلىرىدا تىلەمچىلىك قىلىدى-ۋاتقان قېرى ، ئاجىز سائىللار بىلەن پۇت - قوللىرى مەيى-نەت ، كىيىم - كېچەكلىرى ناچار ئۇششاق دېۋانىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، ئىستانبولنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ، ئىجتىمائىي كەيپىياتى خېلى رەتلىك ھەم مەدەنىيەتلىك ئىكەن . مەن ئامموۋى سورۇنلاردا بىرەر ئادەمنىڭمۇ بىزدىكىگە ئوخشاش مەجنۇنلارچە ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىنى ياكى ئالىتا-غىلى ناخشا توۋلاپ ، كىشىلەرنى بىزار قىلغىنىنى ۋە ياكى كوچا-كويلاردا مەست بولۇپ يېتىپ قالغىنىنى زادىلا كۆرمىدىم . كى-شىلەر مۇناسىۋەتتە سىلىق - سىپايە ، گەپ - سۆزدە قىزغىن ۋە ئەدەپلىك ئىكەن . ئېھتىمال ، بۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ھەم تەربىيە كۆرگەنلىكىگە باغلىق بولسا كېرەك !

مەن بۇ قەدىمىي ، قايناق شەھەردە بىر مەزگىل تۇرۇش جەريانىدا ، بۇ يەردىكى ئىجتىمائىي ئائىلە قۇرۇلمىسىنىڭ بىزگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى ، بولۇپمۇ ياش ئوغۇل - قىزلار-نىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن كارى بولماي ، ياشانغانلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا غېرىبلىق ، مىسكىنلىك بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ

چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدىم. 70 ياشتىن ھالقىغان بىر قېرى ئادەم مېنىڭ ھەمراھىمغا مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ: ئۇنىڭ ئوغلى «بورسا» دېگەن يەردە ياشايدىكەن، بىر كۈنى ئىستانبولدىن ئۇنىڭغا «داداڭ ئۆلدى» دېگەن تۇيۇقسىز بىر خەۋەر بېرىپتۇ. ئوغۇل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا بىر نەچچە ئايدىن بېرى كېلىپ باقمىغان دادىسىنىڭ ئۆيىگە مىراس ئالغىلى ئالدىراپ كەپتۇ. لېكىن ئىشىكتىن كىرىپ قارىسا، دادىسى ھايات تۇرغۇدەك. ئۇ دادىسىغا تەپتارتماستىن يۈزمۇيۈز: «مەن سېنى ئۆلدى دەپ ئاڭلاپ كېلىۋىدىم!...» دەپتۇ.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ تەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى. شۇ ھامان ئېسىمگە ناسىر خىسراۋنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا بېيىتى كەلدى:

«قېرىغا ياردەم قىل سۆيۈنگەن تېگىڭ،
بۇنى چۈشەنسەڭ قېرىغان چېغىڭ!»

دەر ھەقىقەت، ھاياتتا شۇنداق ئاددىي ۋە ئادىل بىر مىزان بار: ئاتا - ئاناڭ قېرىغاندا سەن ئۇنىڭغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولساڭ، سېنىڭ باللىرىڭمۇ سەن قېرىغاندا، ساڭا شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ! چۈنكى ياشلىق كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەبەدىي تۇرمايدۇ، ئۆزۈڭ سەزمىگەن ھالدا قېرىپ قالىسەن. ئۇ خۇددى قىشتىكى قاردەك تۇيۇقسىز ۋە شەپىسىز ھالدا بېسىپ كېلىدۇ. ئادەم قېرىغان چېغىدا ئەگەر مېھىر - شەپقەت، ئىززەت - ئىكرامغا ئىگە بولسا، ئاخىرقى ھاياتى خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنتۇلغان، تاشلانغان بولسا، ئۇنىڭ كۈنى غەم - غۇسسە، ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئۆتىدۇ. مېنىڭچە، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى پەقەت ئىنسانلارغا خاس بولغان مۇقەددەس بىر تۇيغۇ! لېكىن، بۇ

ئەللەردىكى بەزىلەر: «ئادەملەر قانچە نادان بولسا، شۇنچە مېھىر - شەپقەتلىك بولىدۇ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسكەنسېرى ئادەمدە زامانىۋى ئاڭ كۈچىيىپ، مېھىر - شەپقەت ئازىيىدۇ» دەپ قارايدىكەن. بۇ مەنتىقە بويىچە بولغاندا، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئادەملەرنى تېخىمۇ ئاچكۆز، قاتتىق ھەم ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە قىلماي، ئەكسىچە، ئۆزئارا مېھىر - شەپقەت كۆتۈرۈلگەن ۋەھشىيلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويامدۇ؟! ... ھېچكىمنى، ھەتتا ئاتا-ئانىسىنى سۆيمىگەن ئادەمنى باشقىلار سۆيەمدۇ؟! تەربىيە كۆرگەن، مەدەنىيەتلىك ئادەملەر خۇددى ئا. پ. چېخوف ئېيتقاندەك: «ئىنسان شەخسىيىتىنى ھۆرمەت قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇلار ھىممەتلىك، ئاق كۆڭۈل، خۇش مۇئامىلە ۋە كۆڭۈلچەك بولىدۇ!»

ھەممىگە ئايانكى، قېرىلىق، ئۆلۈم — ئىنسانلار بېشىدىكى كۈلپەتلىك تەقدىر، بۇنىڭدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن قېرىلىقنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە، ئۆلۈم ۋەسۋەسىسىنى ئازايتىشقا تامامەن بولىدۇ. بۇ پەقەت پەرزەنتلەرنىڭ مېھىر-شەپقىتى ۋە ھۆرمەت - مۇھەببىتى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ!

## «توپقاپى» ئوردىسىدىكى تارىخ

ئىستانبولنىڭ ياۋروپا قىسمىدا، «توپقاپى» دەپ ئاتىلىدىغان كاتتا بىر مۇزېي بار. تەخمىنەن مىلادىيە 1478 - يىللاردا بەرپا بولغان بۇ مۇزېينى ئىستانبولغا كەلگەن ھەرقانداق ئادەم بىر كۆرمەي قالمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بەش خاندانلىقىغا مەنسۇپ بولغان قىممەتلىك ئاسار ئەتىقىلەر ساقلانغان. ئەسلىدە، بۇ يەر تۈرك سۇلتانى مەھمۇد II نىڭ ئىستانبولنى ئىستېلا قىلىپ، پايتەختنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرگەندىن كېيىن قۇرغان خان ئوردىسى ئىدى. كېيىن، يەنى 1858-

يىلى ئىستانبولنىڭ ئاسىيا قىسمىدا يېڭى ئوردا — «دولما باغچە» پۈتكەندىن كېيىن، بۇ يەر تاشلىنىپ قالغان. پەقەت 1922 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، بۇ يەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «توپقاپى مۇزېيى»غا ئايلاندۇرغان. بۇ مۇزېيدا، تۈركىيە دۆلىتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەتىۋارلىق، بىباھا بۇيۇملار بۆلۈمى، پادىشاھلىق سەرپايلار بۆلۈمى، مۇقەددەس ئامانەتلەر بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈم ۋە بۆلەكلەر بار. مەن نۇرغۇن چەت ئەللىك دوستلار بىلەن بىللە يىراق تارىخنىڭ شاھىتى ۋە مىللىي روھنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ داڭلىق مۇزېينى بىرمۇ بىر زىيارەت قىلدىم. مېنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە جەلپ قىلغىنى «مۇقەددەس ئامانەتلەر بۆلۈمى» بىلەن «جانان بۇيۇملار بۆلۈمى» ۋە «گۈللۈك كەشتە بۇيۇملار بۆلۈمى» بولدى. «مۇقەددەس ئامانەتلەر بۆلۈمى»دە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈمۈش ئۆيى[1]، ئالتۇن ساندۇقى، قىلىچى، ئوقياسى ۋە ئۆزىنىڭ لىباسى قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملار بار ئىدى. بۇ تارىخىي تەۋەررۈكلەرنى ياۋۇز[2] سۇلتان سەلىم مىلادىيە 1517 - يىلى مىسىرغا ھۇجۇم قىلغاندا، شۇ يەردىن قولغا چۈشۈرۈپ، ئىستانبولغا يۆتكەپ كەلگەنىكەن. بۇ بۆلۈمنىڭ ئەينەكلىك تام بىلەن ئايرىلغان خاس ھۇجرىسىدا، ئۈستىگە قىزىل تون، بېشىغا تەقىيە كىيگەن بىر ئادەم توختىماي قۇرئان قىرائەت قىلىپ ئولتۇرىدىكەن. بۇ بۆلۈمدە يەنە ئالتۇن بىلەن ياقۇتتىن ياسالغان كىچىك - كىچىك قۇتىلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلى، چېچى، چىشى، ئاياغ ئىزى، قەبرە توپىسى ۋە مۆھۈرى قاتارلىق مۇقەددەس خاتىرىلەرمۇ بار ئىدى. شۇنداقلا، يەنە بىر يەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبتە قەبىلىسىگە مۇسۇلمان بولۇشنى دەۋەت قىلىپ، تېرىگە يازغان مۇبارەك خېتىنىڭ ئەينەن نۇسخىسىمۇ

① كۈمۈش ئۆي — چىملدىققا ئوخشاش قىلىپ ياسالغان ياتار جاي.
② ياۋۇز — قەھرىمان، باھادىر مەنىسىدە.

قويۇلغانىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەينەكلىك ئىشكاپلاردىكى قىپقىد-
زىل دۇخاۋىلارنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە جەسۇر ، باھادىر سالاھىي-
لارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى جەڭلەردە ئىشلەتكەن قىلىچلىرى پارقى-
راپ تۇراتتى . مەن بۇ قىلىچلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ
قىلىچىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ يوغان ۋە ئۆتكۈرلۈكىگە ئالاھىدە دىققەت
قىلدىم . مەن كىچىكىمدە ، مەدداھلاردىن ھەزرىتى ئەلى كەرىمۇل-
لاھۇ ۋەجھۇ توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم . ئۇ-
نىڭدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىلىچى مۇنداق تەرىپلىنەتتى : «ھەزرىتى
ئەلى شاھى مەردان زۇلپىقارىنى شۇنداق بىر شىلتىۋىدى ، تاغلار
ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، كۇكۇم - تالقان بولدى ... نەچچە چاقىرىم
يەردىكى سەپ - سەپ مۇشرىكلارنىڭ باشلىرى چامغۇردەك يەرگە
تۆكۈلدى ! ... »

بۇ ئەلۋەتتە رىۋايەت ھەم مۇبالىغە ئىدى . لېكىن ھازىر
مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۆز زامانىسىدا
ئىشلەتكەن قىلىچى ئىدى . قىلىچنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر-
دەك كېلەتتى ، كەڭلىكى بىر سويام ئەتراپىدا بولۇپ ، بىسى
ھېلىغىچە پارقىراپ تۇراتتى . مەن بۇنىڭغا قاراپ ھەزرىتى ئەلى-
نىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەدداھلار تەرىپلىگەندەك ، پالۋان قامەت ، باھا-
دىر ، جەسۇر زات ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم ! ...

«جانان بۇيۇملار بۆلۈمى» دە ، ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنۇدەك
جۇلالىنىپ تۇرغان جانان چىنە - قاچىلار بار ئىدى . بۇ بۇيۇملار
ئۆز ۋاقتىدىكى جۇڭگو ، تۈركىيە ۋە ياپونىيە خانلىقلىرىنىڭ ئۆز-
ئارا قىلىشقان سوۋغا - سالاملىرى بىلەن «يىپەك يولى» ئارقى-
لىق كەلگەن سودا تاۋارلىرى ئىدى . يوغان ئىككى ئۆيدىكى جا-
ھازلارغا تىزىلغان يۈەن ، مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى
جانان چىنە ، تەخسە ۋە ھەرخىل چەينەك ، لوڭقىلار شۇنداق
نەپىس ، سىپتا ھەم رەڭدار ئىدى . مەن بۇ بۆلۈمنى كۆرۈپ ،
ئۆزۈمنى گويا ئىستانبولدا ئەمەس ، جياڭنەندە تۇرغاندەك ھېس

قىلىپ قالدىم ! ...

«گۈللۈك كەشتە بۇيۇملار بۆلۈمى»دە، ئىككى پارچە ئاددىي تاختاي كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتاتتى. ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تىلىنغان بۇ ئىككى پارچە تاختاي مەخسۇس ياسىلىپ، قىزىل دۇخاۋا بىلەن ئەستەرلەنگەن كۆركەم ساندۇق-نىڭ ئىچىگە قويۇلغان بولۇپ، ھەر ئىككى پارچە تاختاينىڭ يۈزىدە ئاجايىپ بىر شەكىللىك ھەم خەتكە، ھەم گۈلگە ئوخشايدى-غان بەلگىلەر بار ئىدى. تاختاينىڭ ئاپئاق يۈزىدىكى سۇس سار-غۇچ بۇ بەلگىلەرگە زەڭ سېلىپ قارىسا، كىشىنىڭ كۆز ئۆڭىدە خۇددى «بىسمىللاھى رەھمانىررەھىم» دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر پەيدا بولاتتى. چۈشەندۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ تاختاي تۈركىيىگە ئافرىقىنىڭ ئابون دېگەن يېرىدىن ئەۋەتىلگەنىكەن. شۇ يەردە بىر خوجايىن دەرەخ كېسىپ، تاختاي تىلدۇرغاندا، يوغان بىر دەرەخ-تىن تىلىنغان تاختايلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق بىر ئالامەت كۆرۈنگەن، ئۇلار تەبىئەتنىڭ كىشى تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان بۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىلىرى ئالدىدا ھەيران بولۇپ، بۇ تاختايلار-غا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن سىرلىق قاراپ، ئۇنى تۈركىيىگە ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىگە يادنامە قىلىپ ئەۋەتكەنىكەن ! ...

بۇ بۆلۈمدە يەنە نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ 14 ـ ، 15 ـ ئەسىر-لەردە كىم تەرىپىدىن سىزىلغانلىقى نامەلۇم بولغان 64 پارچە ھەرخىل تېمىدىكى رەسىملىرى قويۇلغانىدى ...

مەن ئۆز ۋاقتىدا شاھ ئوردىسى، ھازىر مۇزېي بولغان بۇ ھەشەمەتلىك، مەزمۇت، ئازادە سارايدىن قايتىپ چىققىنىمدا، ئۆزۈمنى گويا يىراق تارىخنىڭ قاتمۇ قات تىلسىماتلىرى ئىچىدىن بىردىنلا رېئال دۇنيانىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلىرى ئىچىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم ! ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

# تۈركىيىنىڭ يۈرىكى

مەن بۇ يەردە، 127 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيۋەتلىك «ئاتا مۇنارى» ئۈستىدىن بۇ كاتتا شەھەرگە نەزەر سالدىم. مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى، يېشىللىقى ۋە قاينام - تاشقىنلىقى بىلەن نامايان بولغىنى — تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرە ئىدى.

مەن «ئاتا مۇنارى» ئۈستىدىكى رېستوراندا قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بۇ قەدىمىي ھەم ياش شەھەرنى قانغۇچە تاماشا قىلدىم. ئەنە، كۆككە بوي سوزغان سەپ - سەپ زامانىۋى ئىمارەتلەر؛ ئەنە، كۈن نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان ھەشەمەتلىك «ئىسلام خانىقاسى»؛ ئەنە، ھەر خىل كىيىم ۋە ھەرخىل چىرايدىكى تاماشىچىلار بىلەن جانلىنىپ كەتكەن كۆركەم سەيلىگاھ — «جۇمھۇرىيەت باغچىسى»؛ ئەنە، تاغ باغرىدىكى قارىغايلىققىچە سوزۇلغان قەۋەت - قەۋەت خىلۋەت ماكان ... پۈتۈن شەھەر ئادەمگە گويا بىر تەرەپتىن، بۈككىدە باغ ئىچىدە تۇرغاندەك يېشىللىق دۇنياسى بولۇپ كۆرۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، جىمى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئوخشاش ئىشلىتىلگەن قىزىل كاھىشلار بىلەن ئادەمگە بىر خىل قىزغىنلىق ۋە يۈكسەكلىك تۇيغۇسى بەخش ئېتەتتى.

ئاناتولىيە ئېگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئەنقەرە دەرياسىنىڭ گۈزەل ۋادىسىغا جايلاشقان بۇ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ كۆركەم ۋە ئازادە ئىدى. گەرچە، ئۇنىڭ كوچا - رەستىلىرى ئېگىز - پەس ھەم ئويمان - چوڭقۇردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شەھەر قۇرۇلۇشى يەنىلا رەتلىك ھەم ئىددىتلىق ئىدى.

مەن بۇ شەھەردە تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ، يېرىم يالىڭاچ يۈرىدىغان «زامانىۋى ئاياللار»نىمۇ، كۆزىدىن باشقا يېرىنى

ئوراپ ـ پۇركەپ ، ئۆزىنى باقىي ئالەمنىڭ مەئىشەتلىرىگە ئاتىد-ۋەتكەن روپاشلارنىمۇ كۆردۈم . شۇنداقلا ، پۇزۇر كىيىنىپ ، مودا ئۇچۇن ھەمىشە تەسۋى سىيرىپ يۇرىدىغان كاتتا زىيالىيلار بىلەنمۇ ، تىرىكچىلىك كويىدا تەرلەپ ـ پىشىپ يۇرگەن ، بازار-رەستىلەردە يايما يېيىپ كەچكىچە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرىدىغان ناتىۋان شەھەر پۇقرالىرى بىلەنمۇ ئۇچراشتىم .

ئەنقەرەدە قەدىمىي قەلئە ئىچىگە جايلاشقان «ئاناتولىيە مەدە-نىيەت مۇزېيى» بار . بۇ يەر ئەسلىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋ-رىدە ئەنقەرە شەھىرىنىڭ مېھمانخانىسى ۋە سودا سارىيى بولغاند-كەن . كېيىن جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندا ، قايتا رېمونت قىلىنىپ ، مۇزېيغا ئۆزگەرتىلىپتۇ . بۇ مۇزېيدىكى بۇيۇملار ئاساسىي جەھەت-تىن دەۋر تەرتىپى بويىچە قويۇلغان . بىرىنچى قىسمى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلار بولۇپ ، ئۇ خىلمۇ خىل ئىپتىدائىي تاش قوراللار بىلەن ھەيۋەتلىك تام سۈرەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . ئىككىنچى قىسمى يېڭى تاش قوراللار دەۋرى بىلەن برونزا قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرنىڭ مەدەنىي ياد-كارلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . ئەڭ قەدىمىي برونزا قوراللار بۆلۈمىگە بولسا ، «بۇئازكىن» دېگەن يەردىن قېزىۋېلىنغان ئۇ-رۇش ئىلاھىنىڭ ھەيكىلى بىلەن خان جەمەتىنىڭ جەسەتلىرىگە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان بۇيۇملار قويۇلغان . تۆتىنچى قىسمىغا ، پۇتۇنلەي مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 18 ـ ، 19 ـ ئەسىرگە تەۋە ھىتىت خانلىقى دەۋرىدىكى ھەرخىل پۇللار ، ھىتىت مىللىتىنىڭ يېزىقى ئويۇلغان ھەرخىل تاش ئابىدىلەر قويۇلغان . بۇنىڭدا مېنى ئالاھىدە ئۆزىگە جەلپ قىلغىنى ، مىلادىيىدىن 1600 يىل بۇرۇن ياسالغان تۆت قۇلاقلىق ، رەڭدار كوزا بولدى . بۇ ساپال كوزىدا توي مۇراسىم ئەھۋاللىرى — قىز بىلەن يىگىتنىڭ تونۇشۇش ۋاقتىدىن تارتىپ ، توي كېچىسىدە بولىدىغان پىنھان ، شېرىن پائالىيەتلەرگىچە رەسىم بىلەن شۇنچىلىك ئىنچىكە ۋە ئېنىق تەسۋىرلەنگەنىدى .

مەن بۇ مۇزېيدا ياش بىر چۈشەندۈرگۈچى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق، تۈركلەر «ئانادولو»، بىز «ئاناتولىيە» دەپ ئاتايدىغان بۇ جۇغراپىيىلىك ئىسىمنىڭ تارىخىي مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 1096 ـ يىلىدىن 1270 ـ يىلىغىچە غەربىي ياۋروپادىكى خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ قۇددۇس شەرىف (ئېرۇسالىم)نى قايتۇرۇۋېلىش نامى ئاستىدا ئوتتۇرا شەرققە قارىتا بۇلاڭچىلىق نىيىتىدە ئېلىپ بارغان يەتتە قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرىنىڭ 2 ـ قېتىمقىسىدا، كىچىك ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن ئەھلىسەلىپچىلەرگە قارشى سالجۇق تۈركلىرى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئۇلار ئالدىنقى سەپكە ماڭىدىغان چاغدا ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يول بويىغا چىقىپ ئۇلارنى ئۇزاتقان ۋە ئۇسسۇزلۇق ئۇچۇن قېتىق تۇتقان. شۇ چاغدا، بىر تۈرك ئەسكىرى ئانىسى قېتىق قۇيۇپ بەرمەكچى بولغاندا، قولىدىكى قاچىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئانىسىغا مۇنداق دېگەن: «ئانا، دولدۇر!» («ئانا، تولدۇرۇپ قوي!») مانا، شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى (ھازىرقى تۈركىيىنىڭ ئاسىيا قىسمى)نىڭ نامى تۈركچە «ئانادولو» بولۇپ قالغان!

قىسقىسى، مەن «ئاناتولىيە مەدەنىيەت مۇزېيى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق، ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىدا ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ، دۇنيا بويىچە تۇنجى ئالتۇن پۇل ئىجاد قىلىنغان دەۋرلەرگىچە بولغان ئۇزاق ھەم شانلىق تارىختىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولدۇم. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان بۇ قىممەتلىك ئاسار ئەتىقىلەر شۇ زاماننىڭ تەرەققىي تاپقان ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى!

# «ئۆرۈك بايرىمى» تەسىراتى

مالاتىيە — تۈركىيىنىڭ خېلى قەدىمىي ھەم تەرەققىي تاپقان ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرى. مالاتىيىدە، ھەر يىلى 22 - ئىيۇل كۈنى ئەنئەنىۋى «ئۆرۈك بايرىمى» ئۆتكۈزۈلىدىكەن، بايرام ئۈچ كۈن بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنى ئالاھىدە داغدۇغا ۋە شاد - خۇراملىق قاپلايدىكەن.

بايرامنىڭ بىرىنچى كۈنى كەچتە، مالاتىيە شەھىرىنىڭ مەر-كىزىدىكى چوڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا كاتتا سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭغا ئەنقەرەدىن كەلگەن ناخشا - ئۇسسۇل چول-پانلىرى بىلەن بىللە قوشنا ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىن مەخسۇس «ئۆرۈك بايرىمى» ئۈچۈن تەييارلانغان سەنئەت نومۇرلىرىنى ئې-لىپ كەلگەن ئارتىسلار قاتناشتى. كەڭ ۋە يۇمىلاق تەنتەربىيە مەيدانى شادىمان تاماشىبىنلار بىلەن تولغانىدى، ھەممە يەر ئې-لېكتر نۇرىدا يوپيورۇق چاراقلاپ تۇراتتى. ئويۇن قويۇش ئۈچۈن ئەپچىللىكىنە ياسالغان سەھنىدە ئالدى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئەنئەنى-ۋى، مىللىي خەلق ناخشا - ئۇسسۇللىرى ئورۇنلاندى. ياش ئو-غۇل - قىز ئارتىسلار «شانلىق ئورپا»، «جورا» قاتارلىق ئۇس-سۇللۇق ناخشىلار بىلەن «ئوت ئۇسسۇلى»، «ھالاي ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللارنى ئورۇندىغاندا، پۈتۈن مەيدان دا-ۋالغۇپ، ئالقىش سادالىرى كۆككە يەتتى. مېنى قاتتىق تەسىر-لەندۈرگىنى، 18 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان ياش تاماشىبىنلار-نىڭ بۇنداق ئەنئەنىۋى، مىللىي خەلق سەنئىتىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى، مۇھەببىتى ۋە قىزغىن ئالقىشى بولدى. ئۇلار ئىختى-يارسىز ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئارتىسلارغا تەڭكەش بولۇپ ناخشىغا قوشۇلاتتى ۋە بۇ ناخشىلارنى ھەيۋەتلىك ئومۇمىي خورغا ئايلاندۇراتتى. ئۇسسۇل ئوينالغاندىمۇ، ئۇلار ساز رىتىمىغا ئەگە-شىپ، قول ۋە بەدەنلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەيدانىنى گويا

كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك بىر خىل شادىيانە ، جۇشقۇن تۇسكە كىرگۈزەتتى .

بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈش ۋە قىزغىن كەيپىيات مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇش بىلەن بىر چاغدا ، چوڭقۇر ئويغىمۇ سېلىپ قويدى . خىيالىم ئىختىيارسىز ھالدا يۇرتۇمغا ۋە ئۇ يەردىكى بىر قىسىم ياش ئەۋلادلارنىڭ روھىي ھالىتىگە يۆتكەلدى . مەن ئۇلار-نىڭ بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتىمىزگە بولغان بىر خىل سوۇس ۋە بىگانە پوزىتسىيىسىنى ئويلاپ قاتتىق ئەپسۇسلاندىم . ئەڭ ئاددىيسى «12 مۇقام» دەك بۇيۇك سەنئەت مىراسىمىزغا بەزى ياشلار قانداقتۇر ياقتۇرماسلىق ، قىزىقماسلىق ۋە ئېتىبار-سىز قاراشتەك ئېچىنىشلىق روھىي ھالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىد-دۇ ! ۋەھالەنكى ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان بۇ بىباھا جەۋھەرنى بىزنىڭ ئەمگەكچان ، دانا ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئالتۇننى مىسقاللاپ قازغانغا ئوخشاش قېزىپ ، ئۇنىڭدىن ئەڭ ئېسىل دۇردانىلەرنى تاللىۋېلىپ ، ئەۋلاددىن ئەۋلادقا ساقلاپ ، بۈگۈنكى كۈندە بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن . بۇ خۇددى رۇس يازغۇ-چىسى سالتىكوپ شېدرىن ئېيتقاندەك : «قەدىمكى دانىشمەنلىك شۇ قەدەر كۆپ دۇردانىلەرنى مىراس قالدۇرغانكى ، ئەگەر ئۇلار-نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرىدىغان بولساق ، نەتىجىدە يىمىرىلمەس بىر پۈتۈن دەۋر مەيدانغا كېلىدۇ .»

تۇرك ياشلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەتنى ئاشۇنداق قىزغىن سۆيۈشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ كونا نەرسىلەرگە ئېسىلىد-ۋېلىپ ، يېڭىلىقتا ، زامانىۋىلىقتا سەل قارىغانلىقى ياكى قارشى تۇرغانلىقى ئەمەس ، بەلكى تارىخنى ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئۇ-زۇپ قويماي ، شۇ تۇپراق ، شۇ روھ بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت يارىتىشقا ئىنتىلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى . بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدە-نىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىمىز تارىخقا تۇتقان پوزىتسىيىمىزگە ئوخشاش بولۇشى لازىم . تارىختا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت چوڭ رول



www.uyghurkitap.com

ئوينىغان ، شۇڭا ئۇ نەچچە يىللاپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان . ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ . دېمەك ، بىز ھەم ئۆتمۈشتىن پۈتۈنلەي مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكنى تەشەببۇس قىلمايمىز . چۈنكى ، ھايات ، دەۋر ھامان ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ ؛ ھەم ئۆتمۈشنى بىراقلا يوققا چىقىرىۋېتىشنىمۇ تەشەببۇس قىلمايمىز . چۈنكى ، تارىخ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ ، مىللىي ئىنكارچىلىق كېلىپ چىقىدۇ !

مەن مالاتىيىدىكى «ئۆرۈك بايرىمى»غا تاسادىپىي داخىل بولۇپ قېلىش پۇرسىتىدە ، تۈرك ياشلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مىللىي روھ بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن ئاپىرىن ئوقۇدۇم !

## تاغلىق يېزىغا سەپەر

مەن تۈركىيىدە ئىستانبول ، ئەنقەرە قاتارلىق چوڭ ، زاماندىۋى شەھەرلەردىن باشقا ، مالاتىيە ، دىيارباكىر ، دۇئانشەھەر ، قەھرىمان ماراش قاتارلىق ۋىلايەت ، ناھىيە ۋە تاغلىق يېزىلارنىمۇ زىيارەت قىلدىم . بۇ يەرلەر ئىستانبولدىن 1400 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولسىمۇ ، لېكىن قاتناشنىڭ راۋانلىقى بىلەن بۇ يەرلەر يولۇچىلارغا ھېچقانچە يىراق ۋە جاپالىق بىلىنمەيدىكەن . تۈركىيىدە قاتناش - نەقلىيات ئىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ تەرەققىي قىلغانىكەن . چوڭ - كىچىك يوللارنىڭ ھەممىسىگە قاراماي ياتقۇزۇلغان ، تۈز ۋە سىلىق . ئۇزۇن يوللۇق ماشىنىلارنىڭمۇ ھەممىسى تېز سۈرئەتلىك ، يېڭى ، زامانىۋى ئاپتوبۇسلار ئىكەن . بۇ يەردە ماشىنىلارنىڭ قاتناش ۋاقتى كۆن بىلەن ئەمەس ، سائەت بىلەن ھېسابلىنىدىكەن . شۇڭا ، ئۇلار بەلگىلەنگەن ۋاقىتنىڭ دەل ئۆزىدە يولغا چىقىپ كىچە - كۈندۈز ماڭىدىكەن . ھەربىر ماشىنىدا ئىككىدىن شوپۇر ، بىردىن كۈتكۈچى بولىدىكەن . كۈتكۈچىلەر

www.uyghurkitap.com

يولۇچىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، يۈز ـ قوللاردىكى تەر پۇراقلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەتىر سۇيى، ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن ھەرخىل سوغۇق ئىچىملىك، قورساق ئاچقانلارغا بولكا ـ پېچىنىلەرنى بېرىپ تۇرىدىكەن. يولۇچىلار ئۇيقۇسى كەلسە، ئورۇندۇقنى ئارقىغا ياتقۇزۇپ بەخىرامان ئۇخلايدىكەن. ھەرقايسى شەھەر، ۋىلايەتلەردىكى قاتناش شىركەتلىرى يولۇچىلارنى تالىشىش ئۈچۈن، مەخسۇس خادىملار ئارقىلىق ئۆز شىركىتىنىڭ ماشىنا سۈپىتىنى ۋە كۈتۈش ئەھۋالىنى يولۇچىلارغا بەس ـ بەستە تەشۋىق قىلىدىكەن. شۇڭا، ئوخشاش مەنزىلنىڭ بېلەت باھاسى ئوخشاش بولمايدىكەن. تۈركىيىدىكى ئۇزۇن يوللۇق سەپەر تۇرمۇشىدا مېنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتقىنى، ھەرخىل مىللەت، ھەرخىل تەبىقىدىكى يولۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ئىناق، مۇلايىم ۋە ئەدەپلىك ئىكەنلىكى بولدى. ماشىنىلاردا ياكى يول ئۈستى بېكەتلىرىدە بىرەر ئادەمنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىرىغىنىنى ياكى قىزىرىشىپ قالغىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ماشىنا ئىچى تىنچ، ئازادە ئىدى، كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلەشسىمۇ، باشقىلارغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى. بۇنداق سەپەرلەردە، ئاياللارغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈلىدىكەن. ئەگەر ئۇلار يالغۇز بولسا، ناتونۇش ئەر كىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرمايدىكەن، ئىككى كىشىلىك ئورۇندا ئاشۇ ئايال يالغۇز ئولتۇرۇپ ماڭىدىكەن.

مەن «ئۆرۈك بايرىمى» ھارپىسىدا ئىستانبولدىن كەچتە يولغا چىقىپ، 1300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مالاتىيىگە 18 سائەتتە يېتىپ كەلدىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ يەردىن يەنە شۇنداق تېز ۋە ئازادە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ دۇئانشەھەرگە كەلدىم.

دۇئانشەھەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 66 ـ يىللار بىلەن مىلادىيىدىن كېيىنكى 395 ـ يىللار ئارىسىدىكى رۇم ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە قۇرۇلغان تاغلىق ناھىيە بولۇپ، ھازىرقى نوپۇسى 60

مىڭدىن ئارتۇق. ناھىيىدە سۈگۈت، بىجاقچى، ئالتۇن توپ،
كۈچۈكلۈ قاتارلىق 36 يېزا ـ كەنت بار. ناھىيە بازىرىنىڭ
نوپۇسى 15 مىڭدىن ئارتۇق. بۇ يەرنىڭ تۈزلەڭلىكلىرى، تاغلى-
رى، ئېتىز ـ ئېرىقلىرى ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭغا ئوخشاپ
كېتىدىكەن. بۇغداي، قوناقنى بىنەمگىلا تېرىيدىكەن. بۇ يەرنىڭ
يېزا ئىگىلىكى يېرىم ماشىنىلاشقان بولۇپ، 40% ئەتراپىدىكى
دېھقانىنىڭ تراكتور، كومبايىن ۋە يۈك ماشىنىلىرى بار ئىكەن.
تاغلىق يېزىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئېلېكترلەشكەن. شۇ-
ڭا، بۇ يەردىكى بەزى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە تېلېفون بار ئىكەن.

مەن بۇ يەردىكى دېھقان ۋە تۈگمەنچى قاتارلىقلارنىڭ ئۆيىدە
بىللە تاماق يېدىم. تۈركلەر مەيلى شەھەر ۋە يېزىلاردا بولسۇن
ئوخشاش قېلىپتا تاماق يەيدىكەن. ئۇلاردا ئۈن تامىقى ئاساسەن
يوق ھېسابىدا بولۇپ، كۈندە بىر ۋاخ شورپا (سۇيۇقئاش) ئىچى-
دىكەن. كۆپ ھاللاردا پاتلىجان (چەيزە)، بىبەر (لازا)، دوما-
تىست (شوخلا)لارنىڭ ئىچىگە گۆرۈچ، گۆش، سامساق، پىننە
كۆكى، قارىمۇچ قاتارلىقلارنى سېلىپ، دۇملەپ پىشۇرۇپ يەيدى-
كەن. بۇلارنىڭ ھەرقانداق تامىقىدا سالاتا (خام سەي) بىلەن
يوئورت (قېتىق) كەم بولمايدىكەن.

مەن دۈئانشەھەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا بۇ يەر-
دىكى زىيالىيلار ۋە «تۈركىيە گېزىتى»نىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن
تونۇشتۇم. بىر كۈنى ئۇلار مېنى ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى
پاركقا (باغچىغا) باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى ۋە مەندىن تۈركى-
يىنىڭ قايسى يازغۇچىلىرىنى بىلىدىغانلىقىم توغرىسىدا سورى-
دى. مەن ئۇلارغا ياشار كامال بىلەن ساباھىدىن ئەلىنىڭ «مەمەت
ئاۋاق»، «يېتىم يۇسۇپ» قاتارلىق رومانلىرى توغرىسىدا سۆز-
لىگىنىمدە، ئۇلار بۇنىڭغا قىزىقتى ۋە بۇ يازغۇچىلارنىڭ شىنجاڭ-
دىكى تەسىرى توغرىسىدا سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىد-
كى ئۆزۈم ھېس قىلغان بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە بۇ

www.uyghurkitap.com

كىتابلارنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ خېلى قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم . ئۇلار ياشار كامالنى ئالاھىدە چوڭ بىلىدىكەن ، ئۇنى «ھەقىقىي خەلقپەرۋەر يازغۇچى» دەپ قارايدىكەن . ئېھتىمال ، بۇ ياشار كامالنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئورنى ھەم تۈركلەرنى دۇنياغا تونۇتقان ھازىرقى زامان يازغۇچىسى بولغانلىقىدىندۇر ! ...

دۇئانشەھەردە ، ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغىنى ، جۇڭگونىڭ كۆمۈش يىڭنىسىنىڭ بۇ يەردىكى ئاجايىپ شىپالىق خاسىيىتى بولدى . تۈركىيىدە ماكانلىشىپ قالغان قەشقەرلىق تۇرغۇن دېگەن دوختۇر جۇڭگونىڭ كۆمۈش يىڭنىسى بىلەن بۇ ئەتراپتا خېلى چوڭ تەسىر قوزغاپتۇ . ئۇنى كىشىلەر ۋىلايەتتىن ۋىلايەتكە ، ناھىيىدىن ناھىيىگە تەكلىپ قىلىپ داۋالىنىدىكەن . دوختۇرمۇ چاقانغىنە بىر سەييارە داۋالاش پونكىتى قۇرۇپ ، تۈرك ، كۈرت قاتارلىق بىمارلارنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا باشلاپتۇ . ئۇنىڭ بىردىنبىر سايمىنىمۇ ، دورىسىمۇ ، دەسمايىسىمۇ ئاشۇ پارقىراپ تۇرىدىغان كۆمۈش يىڭنە ئىكەن . مەن ئۇنىڭ قولىدا ساقايغان قاسىم ئابى دېگەن بىر كۈرت تۇگمەنچى بىلەن ئەھۋاللاشتىم . 60 ياشتىن ھالقىغان ، قاتاڭغۇ ، ۋىجىك بۇ ئادەم يېرىم پالەچ بولۇپ ، پۈتۈنلەي يېتىپ قالغانىكەن . دوختۇر ئۇنى بىر مەزگىل يىڭنە ۋە قوشۇمچە دورىلار بىلەن داۋالاش ئارقىلىق سەللىمازا ساقايتىپتۇ . ھازىر بۇ تۇگمەنچى رەسمىي ئىشقا چۈشۈپ ، كۈندە يېرىم كۈن توك تۇگمىنىنى باشقۇرىدىكەن . دوختۇر ھازىر ئۇنىڭ تاختايلىق ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ كېسەل داۋالاۋېتىپتۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، كۆمۈش يىڭنە يەنە ، ئون نەچچە يىل تۇغمىغان ئاياللارنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ . يىڭنىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئىككى ئايال يېقىندا ھامىلىدار بوپتۇ . مانا بۇ مۆجىزىلىك خەۋەرلەر ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى جايلارغا تارقىلىپ ، جۇڭگونىڭ كۆمۈش يىڭنىسىدىكى سىر - ھېكمەت

كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپتۇ .
هازىر بۇ دوختۇر شۇنداق ئالدىراشكى ، ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن كەچ سائەت 12 گىچە ئىشلەپمۇ كېسەللەرنى داۋالاپ ئۈلگۈرەلمەيدىكەن .
مەن بۇ دوختۇرنىڭ داڭقىنى چىقارغان ، تۈرك ۋە كۇرتلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ، ئۇلارغا هايات لەززىتىنى تېتىتقان جۇڭگونىڭ كۈمۈش يىڭنىسىگە ۋە ئۇنى ئىجاد قىلغان ئەقىللىق ، دانا ئەجدادلارغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۇر ، ئاپىرىن ئوقۇدۇم ! ...
مەن بۇ تاغلىق ناھىيىدە بىر مۇساپىر بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ ، ۋەتەن ـ يۇرت مۇھەببىتى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئەمەلىي تەسىراتقا ئىگە بولدۇم . ئۇ 20 نەچچە ياشلىق ، ئاق پوسمىلاق بىر يىگىت ئىدى . بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ، ئۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن قاغىلىقتىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ، قايتىش ۋاقتىدا پاكىستاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن يەنە ، جاھان كۆرۈش ھەۋىسى بىلەن تۈركىيىگە كەپتۇ . بۇ يەردىمۇ بىرنەچچە ئاي ۋاقىت ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ ۋەتەنگە قايتىش نىيىتى ئۆزگىرىپ ، ئاخىر شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ. هازىر ئۇ سودىگەرلەرنىڭ ھەرخىل ماللىرىنى يىراق ـ يېقىندا سۇ قىلىپ بېرىپ ، تاپان ھەققى ئېلىش بىلەن جان باقىدىكەن . ئۇ ، مېنىڭ : «كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟ بۇ يەر ياخشىمىكەن ؟ » دېگەن تۇنجى سوئالىمغا بىر خىل ئىچكى ئازاب ۋە ھەسرەت بىلەن : «نېمىسىنى دەيسىز ، ئەپەندىم ! ياشلىقتا كەپقاپتۇق ، ئەمدى يا ئۇياققا ، يا بۇياققا ئۆتەلمەي ، ئارا يولنىڭ تۇغۇمىدا قالغان مۇساپىر بولۇپ قالدۇق ! ... » دېدى ۋە ئۆزىنىڭ تېخىچە تۈركىيە پۇقراسى بولالمايۋاتقانلىقىنى ، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە نۇرغۇن پۇل خەجلەپمۇ رەسمىيەت ئۆتىيەلمەيۋاتقانلىقىنى زەردە بىلەن سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا : «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بەكمۇ دانا ئىكەن ، ئۇلار

ھەممە يەرگە بېرىپ ، ھەممىنى كۆرۈپ ، ئاخىرىدا ‹تاشمۇ چۈشـ-
كەن يېرىدە ئەزىز › دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرۇپتىكەن . خۇدايىم
ئادەم تۇگۇل ، جان ـ جانىۋارلارنىمۇ ئۆز ئۇۋىسىدىن ئايرىمى-
سۇن ! قارىمامسىز ، ئەپەندىم ، مەن مۇشۇنداق ئاچچىق يۇتۇپ
يۇرسەم ، بۇ يىل يۇرتىمىزدىن ھەجگە بارغان بىرنەچچە ياش
بالىلار بۇ يەرگە كېلىپ ، بىزمۇ تۇركىيىدە قالىمىز ، ياردەم قىل
دەۋاتىدۇ . مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەپ
بېرىپ ، ‹كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ، ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىـ-
دا ئۇلتان بول › دېگەن گەپ بار . مۇساپىرچىلىق ، غېرىبلىق مەن
بىلەنلا كەتسۇن ، يۇرتقا قايتىپ كېتىڭلار ، يۇرتىمىز بۇ يەرگە
قارىغاندا نامراتراق بولسىمۇ ، لېكىن قۇچىقى كەڭرى ، مېھرى
ئىسسىق ! دەپ قايتۇرۇۋەتتىم » دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى .
مەن ياشلىق ھەۋىسىگە بېرىلىپ ، بىر مەزگىل قىزىقىپ ، تېڭىر-
قاپ ، ئاخىر پۇشايمان يەپ قالغان بۇ يىگىتنىڭ ئاددىي ، لېكىن
مەنىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندىم . ئۇنىڭ سۆزىدە
بىر ھەقىقەت — دۇنيادا يۈزلىگەن دۆلەت ، مىڭلىغان مىللەتلەر
بولسىمۇ ، لېكىن ئادەمنىڭ تۇغقان ئانىسى بىلەن ئۆستۇرگەن
ۋەتىنىنىڭ پەقەت بىرلا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يۈكسەك بىر
ھەقىقەت بار ئىدى ! شۇنداق ، خۇددى دەل ـ دەرەخلەر ئۆزىنىڭ
ئۇرۇقى چۈشكەن يەردە يىلتىز تارتىپ ، ۋايىغا يەتكەندەك ، ئادەم-
مۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جـانـجـان يېرىدە يىلتىز تارتىدۇ ،
شاخلايدۇ ، باراقسانلايدۇ ! ھەرقانداق بىر ئادەم بالىسى ئۆزى
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىنى زادى كۆڭلىدىن چىقىرالمايدۇ .

مەن بۇ يىگىت بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغان ۋاقتىمدا ،
خىيال ئېكرانىمدا قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئوقۇغان «ۋەتەن تۇپرى-
قى ئالتۇن » دېگەن بىر چەت ئەل چۆچىكى لىپپىدە پەيدا بولدى .
ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە ھېكايە قىلىنغانىدى : «بۇرۇنىسىدا ياۋروپا-
لىق ئىككى ئالىم ئېفوپىيىگە ئىلمىي تەكشۈرۈشكە بېرىپتۇ .



www.uyghurkitap.com

پادىشاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، يول باشلاشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ.
بۇ ئىككى ئالىم مەلۇم ۋاقىت تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، مەملىكىتىگە قايتماقچى بوپتۇ. ئۇلار پاراخوتقا چىقىش ئالدىدا پادىشاھ ياساۋۇللار بېگىدىن قىممەت باھالىق سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتىپتۇ. ياساۋۇللار بېگى ئۇلارغا سوۋغا ـ سالاملار-نى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن ئۇلار-نىڭ ئاياغ كىيىمىنى سالدۇرۇپتۇ ۋە ئاياغلارنىڭ چەمدىكى لاي ـ توپىلارنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ بولۇپ قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش ئالىملارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.
ياساۋۇللار بېگى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:
— پادىشاھىمىز سىلەرگە ئاقيول تىلىدى. سىلەر ئاربىلىقنى يىراق كۆرمەي ۋەتىنىمىزگە كېلىپ، ئېلىمىزنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭ-لار. بىز ۋەتەن زېمىنىنى ئىنتايىن قەدىرلەيمىز، بۇ زېمىندا تېرىقچىلىق قىلىمىز، ھەرخىل چارۋىلارنى باقىمىز، ھېرىپ ـ چارچىساق يېتىپ ئارام ئالىمىز. بۇ زېمىنغا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كۆمۈلگەن، سىلەر ئېگىز تاغلاردا، چوڭقۇر جىلغىلاردا، كەڭ تۈزلەڭلىك ۋە ئورمانلىقلاردا كۆرگەن ئاشۇ يوللاردا ئاتا ـ بوۋىلى-رىمىزنىڭ ئىزى ھەم بىزنىڭ ئىزىمىز بار، ئەۋلادلىرىمىزنىڭمۇ ئىزى بولىدۇ! ئېفوپىيىنىڭ تۇپرىقى — بىزنىڭ ئاتىمىز، ئانى-مىز ۋە قېرىنداشىمىز. بىز سىلەرنىڭ ھۆرمىتىڭلارنى قىلىپ، قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدۇق، بىراق ئېفوپىيە-نىڭ تۇپرىقى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك — بىباھا بولغاچ-قا، سىلەرگە ئۇنىڭدىن زەررىچىلىكمۇ — ئايىغىڭلارغا يېپىشقان چاڭ ـ توزانلىرىنىمۇ بېرەلمەيمىز!...»
بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەر روھ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىمۇ ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەن:

www.uyghurkitap.com

«بۇ كىچە بىر چۈش كۆرۈپ ، چۈشتە ئېسىمگە ئىشتىياق ،
ئانا يۇرتنى كۆرمىسەم ، تەركىي ھايات بەك ئار ئىكەن .
ئول خۇدا بەرسە مەدەت ، ئاتامنى مەن ئىزدەپ ئاپاي ،
يۇرتى بارلارغا ھامان رەنا سۇپەتلەر يار ئىكەن .
ئىسفىھان شەھرىنى ئارا رۇخسەت قىلىڭ قايتاي بۇگۈن ،
ئەل سۆيەر ئوغلانغا يات يۇرت جەننەتى ھەم تار ئىكەن ! »

شۇنداق ، ۋەتەن ـ يۇرتنىڭ تۇپرىقى ئالتۇن بۆشۈك ، ئىنـ-
ساننىڭ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ قەدىردان تۇپراق بىلەن چەمبەرچەس باغلىـ-
نىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا ، تېخىمۇ ئالىيجاناب ، تېخىـ-
مۇ قۇدرەتلىك بولىدۇ !

## قەھرىمان ماراش

بۇ يەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى — چەت ئەل مۇسـ-
تەملىكىچىلىرىگە قارشى شانلىق كۈرەش تارىخى ۋە دىنىي ئەقىـ-
دىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن باشقا يەرلەردىن ئۆزگىچە پەرقلىنىپ
تۇراتتى . بۇ يەرنىڭ ئازادە ، رەتلىك كوچىلىرىدا ھەرگىزمۇ ئەنقەـ-
رە ، ئىستانبولدىكىدەك يېرىم يالىڭاچ يۈرگەن ئاياللارنى ، چىرايـ-
لىق ، سالقىن باغچىلىرىدا قۇچاقلىشىپ ، سۆيۈشۈپ يۈرگەن
«زامانىۋى» قىز ـ يىگىتلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى . بۇ يەرنىڭ
خەلقى ئۆزىگە خاس ئەقىدە ۋە ئۆزىگە خاس تۇرمۇش رىتىمى بىلەن
بىر خىل سالماق ، تەمكىن ۋە خىرامانلىق ئىچىدە ياشايتتى .
مەن بۇ يەرگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ، تۆت كوچىنىڭ
دوقمۇشىغا جايلاشقان كىچىك ، لېكىن تارىخىي ئەھمىيەتلىك قىبـ-
رىس مەيدانىغا كەلدىم . بۇ يەردىكى ئۈچبۇرجەكلىك گۈللۈكنىڭ
ئوتتۇرىسىدا بىر خاتىرە مۇنارى ۋە مۇنارنىڭ بىر تەرىپىدە ئاتا
تۈرك — مۇستاپا كامالنىڭ ھەيكىلى ، يەنە بىر تەرىپىدە ، قولىدا

تاپانچا تۇتقان بىر سۇتچى ئىمامنىڭ ھەيكىلى ، ئۇچىنچى تەرىپىدە بولسا ، ئىككى پەقىر ئايالنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى . ئاياللارنىڭ بىرسىنىڭ ھەيكىلىگە يەنە مۇنداق بىر كۆرۈنۈش — ئۇنىڭ رومىلىغا ئېسىلغان ھالدا يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان بىر فرانسۇز ئەسكىرىنىڭ كۆرۈنۈشى قوشۇپ قاتۇرۇلغانىدى .

بۇ مۇنار ۋە ھەيكەل تۈركىيىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مۇنداق بىر رېئال ۋەقەنىڭ شاھىتى ھەم خاتىرىسى ئىكەن .

1919 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر جۈمە كۈنى ، ماراشلىق ئاياللار ھامامغا چۈشىدىغان يەردە بىر فرانسۇز ئەسكەر يېڭىلا ھامامدىن چىققان ياش بىر چوكاننىڭ رومىلىغا ئېسىلىپ ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىپ يامان نىيەتتە بولماقچى بوپتۇ . بۇ نومۇسلۇق ئەھۋالنى بىر چەتتە سۈت سېتىپ ئولتۇرغان بىر ئادەم كۆرۈپ ، تاقەت قىلىپ تۇرالماپتۇ ـ دە ، قوينىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ ئاجىز ھەمشىرىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ، فرانسۇز ئەسكەرنى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلاپتۇ ۋە دەرھال جامائەت توپلانغان چوڭ جامەگە كىرىپ ، مېھرابقا چىقىپ ، جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان خەلققە مۇنداق دەپ جاكارلاپتۇ :

«جامائەت ، خالايىق ! ۋاقىپ بولۇڭلاركى ، دۈشمەننىڭ مۇستەملىكە بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغان ، باسقۇنچىلار قىز ـ ئاياللىرىمىزنى دەپسەندە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا جۈمە نامىزى ئوقۇساق ھەرگىزمۇ خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ ! ئاۋۋال دۈشمەننى يوقىتىپ ، پاك تۇپرىقىمىز ماراشنىڭ چېكىسىگە ئازادلىق بايرىقىنى قاداپ ، ئاندىن جۈمە نامىزىنى ئوقۇساق خۇدامۇ ، خەلقمۇ راۋا كۆرىدۇ ! »

شۇنىڭ بىلەن چوڭ جامەدىكى پۈتۈن جامائەت ، ئاندىن پۈتۈن شەھەردىكى خەلق قوزغىلىپ فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ ۋە توختىماي كۈرەش قىلىپ 1920 ـ يىلى شۇبات ئېيى (يانۋار)دا پۈتۈن ماراش بويىچە غەلىبە قىلىپتۇ .

خەلق ھېلىقى ئاددىي سۇتچىغا «سۇتچى ئىمام» دېگەن ھۆرمەتلىك نامنى، مۇستاپا كامال بولسا، ماراشقا «قەھرىمان ملۇاش» دېگەن شانلىق نامنى بېرىپتۇ!

مانا بۇ كىچىككىنە، ئەمما تەسىرلىك ۋەقە خەلقنىڭ تارىخنى ياراتقۇچى قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا خورلۇققا قارشى كۈرىشىنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھامان خەلق تەرىپىدىن شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى روشەن چۈشەندۇرۇپ تۇرۇپتۇ!

قەھرىمان ماراشتا، مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغىنى ۋە ھەيران قالدۇرغىنى، ھاجى بىلال ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ مۆجىزىلىك بۇرۇتى بولدى. بۇ ئادەم قاپقارا بۇرۇتىنى مايلاپ، پاتلاپ، ئاق كۆڭلىكى ئۈستىگە ئالتۇن زەرلەر بىلەن كەشتە توقۇلغان قىپقىزىل قىسقا كەمزۇلنى كىيىپ، چوڭچىلىق ئاق بەلۋىغىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى تاپانچىسىنى قىستۇرۇپ، سىز بىلەن كۆرۈشكەندە، كۆز ئالدىڭىزدا گويا قەدىمكى زاماننىڭ ئىلاھىيلاشقان چەۋەندازى ياكى چۆچەك - رىۋايەتلەردىكى خىيالىي قەھرىماندەك كارامەت بىر ئوبراز پەيدا بولغاندەك بولىدۇ. چۈنكى، ئەڭ ئالدى بىلەن ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغىنى ۋە ھەيران قالدۇرىدىغىنى، بۇ ئادەمنىڭ قاپقارا، ئۇزۇن بۇرۇتى! ئۇزۇن دېگەندە، ئادەتتىكى ئۇزۇن شاپ بۇرۇت ئەمەس، بەلكى بىر تەرىپى 40 سانتىمېتىر، ئىككى تەرىپىنى قوشقاندا 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۇزۇن ۋە ھەيۋەتلىك بۇرۇت. مۇبادا، سىز بۇ گەپكە ئىشەنمىسىڭىز، بۇ بۇرۇتنىڭ ئىگىسى ھاجى بىلالنىڭ ھەر قېتىم ئۆيگە كىرىپ - چىققاندا، بۇرۇتىنىڭ كېشەككە تاقىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يانتۇ ماڭىدىغانلىقىنى كۆرسىڭىز، بەلكىم ئىشىنىپ قالارسىز! بۇ تېخى دۇنيا بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك بۇرۇت ئىكەن. بىرىنچى دەرىجىلىك بۇرۇتنىڭ ئىگىسىمۇ مانا

مۇشۇ ماراشلىق تۇرك بولۇپ ، ئۇ هازىر گېرمانىيىدە ئىكەن. ئۇنىڭ بۇرۇتى بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولغاچقا ، بىرەر خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ، بۇرۇتىنىڭ هەر ئايلىقىنى 200 ماركتىن سۇغۇرتا قىلدۇرۇپتۇ ! ...

## ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇقەددەس تاۋاپگاھ

مانا بۇ يەر دۇنيا مۇسۇلمانلىرى تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي — مەككە ، قۇياش ئوت چاچرىتىپ تۇرىدىغان ئاتەش زېمىن !

گىياهسىز تاغ ئارىسىدا جىمىرلاپ تۇرغان بۇ قەدىمىي شەھەر كىشىگە گويا رىۋايەتلەردىكى بىر كېچىدىلا چۆل ـ جەزىرىدە پەيدا بولۇپ قالغان سىرلىق ئوردا ـ قەسىرلەردەك بىلىنىدۇ. چۈنكى ، بۇ زامانىۋى شەھەرنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت پۈتۈنلەي كۆيۈك تاغ ، قاقاس چۆل ، پايانسىز جەزىرە ! بۇ يەرنىڭ هاۋاسى يېلىنجاپ تۇرغان ئوت ، بۇ يەردە كىچىككىنە يېشىللىق ، كىچىككىنە سۇ ئادەمگە تۇتىيادەك ، هاياتلىقنىڭ ، ئۈمىدنىڭ ، ياشاشنىڭ بەلگىسىدەك مۆجىزىلىك كۆرۈنىدۇ ! ...

لېكىن ، هازىر بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلق ئىلىم ـ پەننىڭ شاراپىتىدىن خېلى هۇزۇرلۇق ياشايدۇ ، سىرتتا ئادەمنىڭ مېڭىسى قاينىغۇدەك ئىسسىق بولسىمۇ ، لېكىن هەرقانداق ئۆيگە كىرسە سالقىن ، سوغۇق ، راهەتلىك . ئادەمگە گويا بىر نەچچە مېتىر ئارىلىقتىكى تالا بىلەن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پەسىل پەرقى باردەك سېزىلىدۇ !

مەن قۇربان هېيتىنىڭ ئالدىدا بۇ يەرگە كېلىپ ، 100 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن هەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىللە بۇ يىلقى هەج پائالىيىتىگە قاتناشتىم .

مانا بۇ يەر هىجرىيىنىڭ هەر يىلقى زۇلهەججە ئېيىدا ، دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىڭلىغان ، تۈمەنلىگەن

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى بىرلا ۋاقىتتا نامايان قىلىدىغان كاتتا سورۇنى . ئۇلار ئۆز ئېتىقادى يولىدا ناھايىتى جەسۇر ۋە مەردانە بولىدۇ ، 50 گرادۇسلۇق پىژغىرىم ئىسسىق ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ ، ئاچلىق ، ئۇسسۇزلۇق ئۇلارنى بوشاشتۇرالمايدۇ ! بەش قىتئەدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن بۇ مۇسۇلمانلار بۇ يەرگە كېلىپلا ، ئوخشاشمىغان تىللاردا ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق چوڭقۇر ئەقىدە بىلەن : «ئاللا ! ئاللا !» دەپ ، خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ ۋە توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىدۇ . ئۇلار ئوقۇغان ھەمدۇسانا خۇداغا بولغان تەبىئىي چوقۇنۇشتىن بولسا ، توۋا ـ ئىستىغپار كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسەللىسى ، كۆڭۈلنى روشەنلەشتۇرۇشى ۋە روھىي جەھەتتە يەڭگىللەپ ، تېخىمۇ ياخشىراق ياشىشى ئۈچۈندۇر !

ھەج تاۋاب قىلغۇچىلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنىدىن بۇرۇن مانا شۇ مۇقەددەس شەھەر مەككىگە كېلىپ بولۇشى كېرەك . ئۇلار بۇ يەرگە قەدەم قويۇپلا ، مەسجىدىل ھەرەمگە تاۋاپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بەيتۇللانى دەۋر قىلىپ ، يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ . بۇ جەرياندا ، بىر پارچە قارا ساماۋى تاش — ھەجرۇل ئەسۋەدنى بۆسە قىلىشقا مۇيەسسەر بولالىغانلار ئەڭ بەختلىك ھېسابلىنىدۇ .

بۇ تۆت چاسا قەدىمىي ئىمارەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس تاۋاپگاھى «بەيتۇللا» بولۇپ ، ئەسلىي ئىسمى «كەئبە» . بەيتۇللا مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى ، تاۋاپ قىلىدىغان كەئبىسى . بۇ توغرىدا قۇرئاندا مۇنداق ئايەتلەر يېزىلغان : «ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا ، (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي مەككىدىدۇر ، مۇبارەكتۇر ، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر . ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى ، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ[①] بىرى . بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ ، قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللا

① ماقامى ئىبراھىم — ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىنى سېلىشۋاتقاندا دەسسەپ تۇرغان جايى . بۇ جاي ئۆزلۈكىدىن ئېگىزلەپ ـ پەسلەپ تۇرغان .

ئۇچۇن ، كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى » (سۈ-
رەئال ئىمران ، 96 ـ ، 97 ـ بەتلەرنىڭ بىر قىسمى ) . رىۋايەت
قىلىنىشىچە ، كەئبىنى بىنا قىلىش ئۈچۈن ، خۇدادىن ئىبراھىم
ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كەلگەن ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام :
«كەئبىنى قەيەرگە بىنا قىلىمەن » دەپ مۇراجىئەت قىلغاندا ،
خۇدا بىر پارچە ئاق بۇلۇتقا ئەمىر قىلغان ، ئاق بۇلۇت زېمىنغا
سايە چۈشۈرگەن ، خۇدا ئىبراھىمغا : «كەئبىنى مۇشۇ بۇلۇتنىڭ
سايىسى چۈشكەن يەرگە بىنا قىل ، چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ شۇ
سايە بىلەن باراۋەر بولسۇن ، كەئبەنىڭ تېمىنى تۇرسىنا ، تۇرزىـ
يا ، كوھى سەبرىلبانان ، كوھى جودى ، كوھى ئەبۇقۇبەيىس
دېگەن بەش تاغدىن تاش ئېلىپ سال » دەپ پەرمان بەرگەن !

بۇ بەش تاغدىن تاش ئېلىپ كېلىشنىڭ ھېكمىتى شۇكى ،
كەئبىنى تاۋاپ قىلغان كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى بەش
تاغنىڭ ئېغىرلىقىچىلىك بولسىمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ ۋە يەنە شۇ
كىشىگە ئاشۇ بەش تاغنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ كەلگۈدەك ساۋابلىق
يېزىلىدۇ » دېگەنلىكتىن ئىبارەت .

شۇنداق قىلىپ ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى كەئبىـ
نى بىنا قىلدى . بۇ ، تۆت چاسا ئۆي بولۇپ ، ئېگىزلىكى 50
مېتىر كېلەتتى . ئۇنىڭ تېمىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە بىر
پارچە قارا مېتېئورىت تاش ئورنىتىلغان بولۇپ ، «ھەجرۇل ئەسـ
ۋەد » دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مۇقەددەس تاشمۇ ئاشۇ ئىبراھىم ئەلەيـ
ھىسسالامنىڭ تەۋەررۇكىدۇر .

ئەگەر سىز ، ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ بىرەرسىگە چىقىپ ،
پەسكە نەزەر سالسىڭىز ، مەسچىدىل ھەرەم گويا نۇرغۇن تاغ
تىزمىلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بىر پارچە نەقىشلىك يەردەك ،
ئۇنىڭ مەركىزىدىكى بەيتۇللا بولسا ، بەئەينى ئاسماندىن ساقىپ
چۈشكەن تۆت چاسا قارا ئۆيۈلتاشتەك كۆرۈنىدۇ .

مەسچىدىل ھەرەمنىڭ تۆت ئەتراپىغا بىر ھەپتىنىڭ يەتتە
كۈن بولىدىغانلىقىغا سىمۋول قىلىپ يەتتە ئېگىز مۇنار

ياسالغان . مەسچىدىل ھەرەم ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق جەۋ-
ھىرى ، ئىسلامىيەت مىمارچىلىق سەنئىتىنىڭ قىممەتلىك مە-
سۇلى سۈپىتىدە ، ئەسىرلەردىن بىرى قەدىرلىنىپ كەلمەكتە.
ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ ، دەرۋازا يۈزىگە
ئىسلامىيەت نەققاشچىلىقىنىڭ دۇردانىسى سۈپىتىدە ھەرخىل نا-
زۇك ۋە نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغان ...

مىڭلىغان ، يۈز مىڭلىغان تاۋاپچىلار «ئاللاھۇئەكبەر !» دەپ
تەكبىر ئېيتىپ ، خۇددى ئۆركەشلەۋاتقان ئەزىم دەريادەك تەۋرى-
نىپ ، مەسچىدىل ھەرەمنىڭ مەركىزىدىكى سەيناغا قاراپ ئاقىدۇ
ۋە پەلەككە يەتكەن ھەمدۇسانا سادالىرى بىلەن بەيتۇللانى دەۋر
قىلىپ ئايلىنىدۇ . كۆچلۈكلەر تۈرتۈپ ، قىستىلىپ يۈرۈپ ،
ھەجرۇل ئەسۋەد تېشىنى بۆسە قىلىش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن
ئالغا ئىنتىلىدۇ ، كەئبىنىڭ ئۈستىدىكى كەشتىلەنگەن قارا يوپۇق-
قا ئېسىلماقچى بولىدۇ !

تاۋاپچىلار بەيتۇللانى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بولغاندىن كې-
يىن ، ئۇنىڭ يېنىدىكى سافا بىلەن مەرۋەدىن ئىبارەت ئىككى
كىچىك تاغ ئارىلىقىدا يەنە يەتتە قېتىم يۈگۈرەيدۇ . بۇ ئىبراھىم
ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك خوتۇنى بۈۋىھەجەرنىڭ يېڭى تۇغۇلغان
ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا سۇ ئىزدەپ ، ئۇياقتىن - بۇياققا
يۈگۈرگەن مۇساپىسى بولۇپ ،ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار بۇ يۈگۈرەش-
نىمۇ ئىخلاس بىلەن بەجا كەلتۈرۈشى كېرەك . رىۋايەت قىلىنى-
شىچە ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۈۋىھەجەرنى نىكاھىغا ئالغاندىن
كېيىن ، بۈۋىھەجەر تېزلا ھامىلىدار بولىدۇ ، لېكىن بۇ خۇشال-
لىق ئىش ئۇنىڭ تۇغماس چوڭ خوتۇنى بۈۋىسارەنى غەزەپلەندۈر-
دۇ ۋە ئۇنىڭ كۆنداشلىكىنى قوزغايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۈۋىھەجەر-
نىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ، بۈۋىسارە ئىبراھىم ئەلەي-
ھىسسالامنى ئۇنى كۆزدىن يوقىتىشقا مەجبۇرلايدۇ . ئامالسىز
قالغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چوڭ خوتۇنىنىڭ زورلىشى بىلەن

بۇۋىھەجەرنى بىر تۈپ گىياھ، بىر قەترە سۇ بولمىغان دەشتى باياۋانغا ئاپىرىپ، بىرمۇنچە ئوزۇق - تۈلۈك ھەم سۇ بېرىپ قايتىپ كېلىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇۋىھەجەر ئاشۇ دەشت - باياۋاندا كۈندەك نۇرلۇق ۋە بەخت - سائادەتلىك بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. بۇ چاغدا بۇۋىھەجەرنىڭ سۈيى تۈگەپ كېتىدۇ. ئۇ بوۋاقنى يۆگەپ قويۇپ سۇ ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. بىر چاغدا، سافا تېغىدىن: «بۇ يەردە سۇ بار!» دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ، بۇۋى ھەجەر سافا تېغىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ، قارىسا، سۇ كۆرۈنمەيدۇ. شۇ چاغدا، مەرۋە تېغىدىن: «بۇ يەردە سۇ بار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. بۇۋىھەجەر يۈگۈرۈپ مەرۋە تېغىغا كېلىدۇ، لېكىن بۇ يەردىمۇ سۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ ئىككى تاغ ئارىسىدا سۇ ئىزدەپ يۈگۈرەيدۇ. ئەسلىدە «بۇ يەردە سۇ بار!» دەپ توۋلىغان شەيتان ئىدى. دەل شۇ پەيتتە، بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بۇۋىھەجەر دەرھال بالىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالىسىنىڭ ئىككى پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى، بوۋاقنىڭ تاپىنى تەگكەن يەردىن ئىككى بۇلاق پەيدا بولۇپ، لۆمۈلدەپ چىققان سۇنىڭ ئەتراپقا يامراپ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇۋىھەجەر ھاياجاندىن تەمتىرەپ كېتىپ: «زەمزەم!» (توختا!) دەپ توۋلايدۇ. شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېقىۋاتقان سۇ چىپپىدە توختايدۇ. دېمەك، ئاللاتائاللا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئالدى بىلەن زەمزەمنى ئىنئام قىلغان!

تاۋاپچىلار مەسجىدىل ھەرەمنىڭ ئىچىگە تەقلىدىي شەكىل بىلەن ياسالغان ئەنە شۇ سافا بىلەن مەرۋەدىن ئىبارەت ئىككى كىچىك تاغ ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بەيتۇللانىڭ ئالدىغا قايتىدۇ ۋە كۈن مېرىدىئاندىن قايرىلغاندا، جامائەت ئۆزلۈكىدىن سەپراس بولۇپ، لەرزان ئېيتىلىۋاتقان تەكبىرگە ئەگىشىپ رۇكۇدا تۇرىدۇ، سەجدە قىلىدۇ.

ھىجرىيە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنى «قىيامدا تۇرۇش»

كۈنىدۇر . بۇ كۈنى ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار مەككىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەرەفات تېغىغا چىقىدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا تۆگىگە مىنىپ تۇرۇپ ، ۋىدالىشىش نۇتقى سۆزلىگەن بۇ خاسىيەتلىك يەردە تىك تۇرۇپ سۈكۈت قىلىدۇ ، ئارقىدىن ئوتتەك قىزىق ، گىياھسىز بۇ تاغنى تاۋاپ قىلىدۇ .

بىر خىل رەڭ ، بىر خىل ئۆلچەمدە ئاپئاق ئېھرام باغلىغان ، قولىغا ئاق كۈنلۈك تۇتقان 2 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم جىمجىت ياتقان بۇ قاقاس تاغ باغرىنى بىردىنلا جانلاندۇرۇپ ، ئادەم دېڭىزىغا ، ھايات قاينىمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ . ئادەملەرنىڭ ئىسسىق تىنىقى ، ماشىنىلارنىڭ شاۋقۇنلۇق ھارارىتى ، كۆكتە يېلىنجاپ تۇرغان كۈننىڭ ئوتلۇق تەپتى قوشۇلۇپ ، بۇ قاقاس تاغ ، كۆيۈك زېمىن بەئەينى چوغ ئۈستىدە پىژىلداپ كۆيۈۋاتقان كاۋاپقا ئايلىنىدۇ . ئەقىدە ۋە ئېتىقادنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا قەلبىنى پۈتۈنلەي ئاللاغا تاپشۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ ۋاپادار قۇل ، مۆمىن بەندە ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئاجىز ، كېسەلمەنلەر بەرداشلىق بېرەلمەي ، ۋاقىتسىز ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدۇ ، بەزىلەر ھوشسىزلىنىپ يىقىلىدۇ ، تىقما ـ تىقماقچىلىق ئىچىدە دەسسىلىپ كېتىدۇ ! شۇنداقتىمۇ ، ئۇلار ئۆزلىرىنى يەنىلا بەختلىك ھېسابلايدۇ ، مۇشۇنداق خاسىيەتلىك ، مۇقەددەس يەردە جان تەسلىم قىلىپ «جەننەتى» بولغانلىقىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ ! ...

مەن دېڭىزدەك گۈركىرەپ ، چايقىلىپ تۇرغان پايانى يوق ئادەملەر دۇنياسىغا قاراپ ، مۇھەببەت بىلەن ئەقىدىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ۋە قەيسەر بولىدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم . بىر خىل كىيىم بىلەن بىر يۆنىلىشكە قاراپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۇ ھەيۋەتلىك ئادەم ئېقىمى يىراقتىن قارىغان كىشىگە خۇددى

دولقۇنلاپ، بۇژغۇنلاپ كېلىۋاتقان ئاق دېڭىزغا ئوخشايتتى. ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك، ئاق ۋە قارا تەنلىك بۇ ئادەملەر تىل، چىرايى ئوخشاشسىمۇ، لېكىن بىر دىنني ئېتىقاد بىلەن بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ، ھەممىرلاش بولۇپ كەتكەنىدى. بۇلار مانا مۇشۇ كۆيۈۋاتقاندەك بىلىنىدىغان ئەرەفات تاغ باغرىدا ئەتىگەندىن كۆن پاتقۇچە تۇرىدۇ. ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى بۇ قاقاس تاغ ئېتىكىدە بولىدىغان پائالىيەتنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىدى:

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى ياسىغان ۋاقىتتا، ئەتراپتىكى بەش تاغدىن تاش ئېلىپ ئىشلەتكەن، پەقەت ئەرەفات تېغىدىن تاش ئالمىغان. شۇ چاغدا، تاغ خۇداغا نالە قىلىپ: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن مۇقەددەس كەئبىگە مېنىڭ تاشلىرىمنى ئىشلەتمەيدۇ؟» دېگەن. خۇدا تاغنىڭ نالىسىنى قوبۇل قىلىپ، مۇنداق ئىدا قىلغان: «ئى، ئەرەفات! سەن رەنجىمە، مېنىڭ بەندىلىرىم كەئبىنى تاۋاپ قىلغان ۋاقىتتا، سېنىمۇ قوشۇپ تاۋاپ قىلسۇن!»

زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى ئەرەفات تېغىغا چىقىش ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىش ئەنە شۇ رىۋايەتتىن قالغان.

تاۋاپچىلار ئەرەفات تېغىدىكى پائالىيەتنى تۈگىتىپ، كۈن بىلەن تەڭ ئۇ يەردىن قايتىدۇ ۋە يېرىم يولدىكى «مۇزدەلفە» دېگەن يەرگە كېلىپ تۈنەيدۇ. بۇ يەرمۇ پاكار ـ پاكار كۆيۈك تاغ باغرىدىكى قۇم ـ شېغىللىق كەڭرى تۈزلەڭلىك بولۇپ، كىشىلەر قۇم ـ شېغىل ئۈستىدە ناماز ئوقۇيدۇ، ئىبادەت قىلىدۇ، ئارام ئالىدۇ ۋە ئەتىسى مىنادا شەيتانغا ئاتىدىغان 21 تال تاشنى مۇشۇ يەردىن تېرىۋالىدۇ. ئەسلىدە، مۇزدەلفە — ئۆتەڭ دېگەن سۆز بولۇپ، بۇرۇن كىشىلەر پىيادە ياكى تۆگە بىلەن ئەرەفات تېغىغا چىقىدىغان ۋە قايتىدىغان ۋاقىتتا مۇشۇ يەرنى ئۆتەڭ قىلغان. ھازىرقى كىشىلەرنىڭمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ناماز

ئوقۇشى ۋە بىر كىچە تۈنىشى مانا شۇ ئۇدۇمدىن قالغان. يەنە
بىر رىۋايەتتە : «ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانا شەيتاننىڭ
سۆزىگە كىرىپ ، مەنئى قىلىنغان مېۋىنى يەپ قويۇپ جەننەتتىن
قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ھىندىستان-
غا ، ھاۋا ئانا مۇشۇ يەردىكى جەددە تېغىغا چۈشكەن. ئارىدىن
300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇلار مۇشۇ يەردە قايتا تېپىشقان
ۋە جۈپلىشىپ ، ئادەمزاتنى پەيدا قىلغان. تاۋاپچىلار مانا شۇ-
نىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ، بۇ يەردىمۇ ئىبادەت قىلىپ ،
بىر كېچە تۈنەيدۇ» دېيىلىدۇ !

تاۋاپچىلار زۇلھەججىنىڭ 10 - كۈنى (قۇربان ھېيتىنىڭ
ناماز كۈنى) يەنە بىر قېتىم جىددىي ھەرىكەت بىلەن مىناغا
كېلىدۇ. مىنا مەككىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى يەنە بىر مۇقەددەس
جاي. تاۋاپچىلار بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرىدۇ ، ئۈچ كۈن جەريانىدا
چوڭ ، ئوتتۇرا ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئۈچ شەيتاننىڭ ھەربىرسى-
گە 7 تالدىن جەمئىي 21 تال تاش ئاتىدۇ. ئەسلىدە «زۇمرەت
ئاغىپا» دەپ ئاتالغان بۇ سايدا «شەيتان» سىياقىدا بىر تاش بو-
لۇپ ، تاۋاپچىلار شۇنىڭغا قارىتىپ تاش ئاتاتتى. ھازىر ھەج
قىلغۇچىلارنىڭ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، بۇ سايغا
كەڭلىكى 80 — 90 مېتىر ، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر كېلىدى-
غان ھەيۋەتلىك سېمونت كۆۋرۈك ياسالغان ، كۆۋرۈكنىڭ
ئاستى - ئۈستىگە چىراغ ۋە شامالدۇرغۇچلار ئورنىتىلغان. نەچچە
يۈز مىڭ ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار دەۋرەپ كېلىپ ، شۇ كۆۋرۈك-
نىڭ ئاستىدا ھەم ئۈستىدە گىرە بولۇپ ، ئاۋۋال كىچىك شەيتان-
غا ، ئاندىن ئوتتۇرانچى شەيتانغا ، ئاخىرىدا چوڭ شەيتانغا قارى-
تىپ تاش ئاتىدۇ. قورام تاشلار بىلەن مۇنار شەكلىدە ياسالغان
بۇ «شەيتان »لارنىڭ ئۈلى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا ، ئۈچى كۆۋ-
رۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. قەيەردە تۇرۇپ ئاتسا بولۇۋېرىدۇ.
بۇ يەردىكى كىچىك شەيتاننىڭ ئىسمى : جۇمۇ ئوغرا ؛

ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى : جۇمۇره ئۇستا ؛ چوڭ شەيتاننىڭ ئىس-
مى : جۇمۇره ئۇگۇپا بولۇپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇلارغا قارىتىپ
تاش ئېتىشى — يامانلىق ، رەزىللىك ، شۇملۇق ۋە قاباھەتكە
قارشى ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ ! رىۋا-
يەت قىلىنىشىچە ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىچىك خوتۇنى بۇۋد-
ھەجەردىن بولغان ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى
ياخشى كۆرىدىكەن ، بىردەم ئايرىلىپ قېلىشقا قىيمايدىكەن ، ئۇ-
لارنىڭ ئاتا ـ بالىلىق مېھرى ـ مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى جىمى
ئالەمگە مەشھۇر ئىكەن . بۇ ئىش پەرىشتىلەرنىڭ گۇمانىنى قوز-
غاپتۇ ۋە ئۇلار ئاللاغا : «خۇدايا ، ئىبراھىم ساڭا دوست ، سادىق-
مەن ، دەيدۇ ، ئەمما سەندىنمۇ بەك ئوغلىغا مېھرىبان ، سادىقتەك
قىلىدۇ ! » دەپ شىكايەت قىپتۇ . ئاللا پەرىشتىلەرگە ئىبراھىم-
نىڭ ئۆزىگە دوست ، سادىقلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا :
«قۇربانلىق قىل ! » دەپ ئەمىر قىپتۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام
500 قوي قۇربانلىق قىپتۇ ، لېكىن خۇدا بۇنى قوبۇل قىلماي
«يەنە قۇربانلىق قىل ! » دەپتۇ . ئىبراھىم بۇ قېتىم 1000 كالا
قۇربانلىق قىپتۇ ، خۇدا يەنە قوبۇل قىلماپتۇ ، ئىبراھىم ئەلەي-
ھىسسالام 10 مىڭ تۆگە قۇربانلىق قىپتۇ ، خۇدا يەنە قوبۇل
قىلماي : «قۇربانلىق قىل ! » دەپ قايتا ئەمىر قىپتۇ . ئىبراھىم
خۇداغا مۇراجىئەت قىلىپ : «ئى ، خۇدا ، نېمىنى قۇربانلىق قىل-
سام ، دەرگاھىڭدا قوبۇل بولىدۇ » دەپتۇ . خۇدادىن پەرمان كەپ-
تۇ : «مەندىن باشقا ، نېمىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان
بولساڭ ، شۇنى قۇربانلىق قىل ! » ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆپ
ئويلىنىپ ، ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنىڭ ئوغلى
ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىش قارارىغا كەپ-
تۇ . ئۇنى پاكىز يۇيۇپ ـ تاراپ ، چىرايلىق كىيىندۈرۈپ ، دالىغا
باشلاپ مېڭىپتۇ . شۇ چاغدا قەيەردىندۇر بىر شەيتان كېلىپ :
«ئى ، ئىسمائىل ، ئاتاڭ سېنى مىنا تېغىغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرىدۇ ،

www.uyghurkitap.com

بارما !» دەپتۇ . ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئۇنىمەپتۇ، شەيتان يەنە : «قېچىپ كەتكىن ، بولمىسا ھالاك بولىسەن !» دەپتۇ . شۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام : «ئوغلۇم ، سەن كىم بىلەن گەپلىشىۋاتىسەن ؟» دەپ سوراپتۇ . «بىر قېرى كىشى كېلىپ ، ‹ئاتاڭ سېنى ئۆلتۈرگىلى ئەكېتىۋاتىدۇ ، قېچىپ كەت › دەۋاتىدۇ !» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام . «ئوغلۇم ، ئۇ شەيتان دېگەن لەنەتگەردى ، ئۇنىڭ سۆزىگە ھەرگىز ئىشەنمە ، يەنە كەلسە ، تاش بىلەن ئۇرغىن !» دەپتۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام .

شۇنىڭدىن كېيىن ، شەيتان يەتتە قېتىم كەپتۇ . ھەر كەلگەندە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تاش ئېتىپ شەيتاننى قوغلاپتۇ ! شۇنىڭ بىلەن ھەجگە بارغانلارغا شۇ يەردە شەيتانغا يەتتە قېتىم تاش ئېتىش سۈننەت بولۇپ قاپتۇ .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مىنا تېغىغا بېرىپ ، خۇدانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئوغلىنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا ، يەنە خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر كۆك قوچقارنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا قۇربانلىق قىلىشقا ئېلىپ كەپتۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇرۇن قىلغان قۇربانلىقنىڭ خۇدانىڭ دەرگاھىغا قوبۇل بولۇپ ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا كۆك قوچقارنىڭ ئەۋەتىلگەنلىكىگە زىيادە خۇرسەن بوپتۇ ۋە «ئاللاھۇئەكبەر ، ئاللاھۇئەكبەر ، لائىلەھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇئەكبەر ، ئاللاھۇئەكبەر ، ۋەلىللا ھىلھەمدۇ »[1] دەپ تەكبىر ئېيتىپتۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ ، قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىش ۋە بۇ تۆت تەكبىرنى ئېيتىش مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ بولۇپ قاپتۇ .

دېمەك ، مىنا تېغىغا چىقىپ شەيتانغا تاش ئېتىش ، قوي —

---

① خۇدا ھەممىدىن ئۇلۇغ ، بارلىق مەدھىيە ۋە ماختاشلار خۇدانىڭ ئۆزىگىلا خاس ، دېگەن مەنىدە .

كالىلارنى سويۇپ قۇربانلىق قىلىش، تەكبىر ئېيتىپ ھېيت ئۆتكۈزۈش — مانا شۇ تارىخىي رىۋايەتلەردىن ئەۋلاددىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان «سۈننەت» ۋە «ۋاجىپ»لاردۇر.

ھەج تاۋاب قىلغۇچىلار قۇربان ھېيتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن زۇلھەججىنىڭ 12 ـ كۈنى مەككىگە قايتىپ، پەرز ھەجنى ئاخىرلاشتۇرۇشى ۋە بەيتۇللا بىلەن سافا ـ مەرۋەنى ئۈچىنچى قېتىم تاۋاپ قىلىپ، يۈگۈرۈپ بولۇپ، ئېھرامدىن چىقىشى شەرت.

ھەج قىلىپ مەككىگە كېلىش ۋاقتىدا، ھەرقانداق ئادەم ئۈستىدىكى ئاددىي ياكى شاھانە كىيىملەر بولسىمۇ سېلىپ تاشلاپ، ئىككى پارچە ئاق رەخت بىلەن بەدىنىنى ئورايدۇ. بۇ «ئېھرامغا كىرىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق قىلىش — باي ـ كەمبەغەللىكنى، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكنى ئايرىماي، ھەممە ئادەم باباراۋەر ھەم پاك، يەكدىل بولۇشنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بەش پەرزنىڭ بەشىنچىسى بولغان «ھەج تاۋاپ قىلىش» 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، سەھرايى كەبىرنىڭ غەربىدىكى ئافرىقىدىن ئۇلۇغ ئوكيانغا تۇتىشىدىغان جۇڭگوغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار جاپالىق، مۇشكۇل سەپەر ئۈستىدە خىيىمخەتەرگە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتكەن ياكى مەككە ـ مەدىنىنىڭ ئاتەش ئىسسىقلىرىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار «تەقۋادار شېھىت»، «ھاجى ھەرەم» دېگەن ناملارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلماقتا ۋە بۇ خىل قەيسەر روھ ئەۋلاددىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالماقتا! ...

# مەدىنە يولىدا ئويلىغانلىرىم

مەدىنە — مەككىدىن 450 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر مۇقەددەس جايى . مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ قەبرىسى مەدىنە مەسچىتىدە بولۇپ، شۇڭا ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار بۇ يەرگە كېلىپ 40 رەكەت ناماز ئوقۇشى شەرت .

مەدىنەنىڭ يولىدا ھازىر گەرچە كىچىك - كىچىك شەھەرچىلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسمى يەنىلا نىل رەڭلىك، قوڭۇر رەڭلىك، كۆك رەڭلىك كۆيۈك تاغ ۋە قاقاس چۆل . چۆلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن قوش لىنىيەلىك ئازادە ئاسفالت يول كىشىگە گويا چۆلنىڭ قارا دۇردۇن بەلۋېغىدەك كۆرۈنىدۇ . 450 كىلومېتىر يولنىڭ ئىككى چېتىگە ئوخشاش ئارىلىقتا ئورنىتىلغان نۇر قايتۇرغۇچى سايمانلار بولسا، كېچىسى ئادەمگە خۇددى نۇر ئېقىمى بولۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئوخشاش يېقىملىق، راھەتلىك سېزىلىدۇ ! ...

مەن ھاۋا تەڭشىگۈچ بار سالقىن ماشىنىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، بۇنىڭدىن 1400 نەچچە يىل بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام بىلەن ساھابىلارنىڭ مەدىنىدىن مەككىگە پىيادە ھەم تۆگە بىلەن قېچىپ بارغانلىقىنى ۋە كېيىن يەنە مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىقىنى؛ بۇنىڭدىن بىرەر يۈز يىل بۇرۇن، ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرلەرنى پىيادە ياكى تۆگە بىلەن بېسىپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئازابلىق قىسمەتلىرىنى ئەسلەپ، ئويلاپ كەتتىم . ئۇلار بۇ يەرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن، ھىجرەت قىلغان، تاۋاپ قىلغان، ئۇلار دىلىغا ئىشقى سىڭىپ كەتكەن ئاللاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، مانا شۇ گىياھسىز ئوت - ئاتەش چۆللەردىن، ھاياتلىق تىنىقى ئۈزۈلگەن كۆيۈك تاغلاردىن پىيادە ياكى تۆگە بىلەن ھالقىغان ! ۋاھ ! ... نېمىدېگەن جاپالىق، مۇشكۇل سەپەر - ھە؟ ! ... مەن ھازىر

زامانىۋى ماشىنىدا ئۇلتۇرۇپمۇ يەنە قىينىلىۋاتىمەن ، لېكىن ئۇ چاغدا ، ھاۋا تەڭشىگۈچى ئۈسكۈنىلەر نەدە ؟ ! مۇنداق ئۈچقۇر ماشىنىلار نەدە ؟ ! ... ھاۋا تەڭشىگۈچىنىڭ بۇ ئوتلۇق زېمىنغا كىرگىنىگە تېخى 50 يىل بولدى ، ئاۋام خەلق بەھرىمەن بولغىنىغا ئەمدى 20 يىلچە بولدى . ئۇنىڭدىن بۇرۇن ، ئۇلار ئوت بىلەن ، ئوت چاچقۇچى زېمىن بىلەن كۈرەش قىلىپ ، ئوخشاشلا ھەج تاۋاپ قىلغان ! ئۇلار دوزاخ ئازابىدەك بىلىنىشىدىغان بۇ مۇشكۈل يولنى ئاز دېگەندە ئون نەچچە كۈندە بېسىپ بولغان بولغىيدى ! ئېھتىمال ، تولۇمدىكى سۇلىرى تۈگەپ كەتكەندە ، ئۇلار ئاشۇ كۆيۈك تاغ ، قايناق زېمىننى جان ـ جەھلى بىلەن ئاختۇرۇپ ، قۇملار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان قامغاقلارنى كولاپ ، ئۇنىڭ يىلتىزىدىكى سۇلارنى سىقىپ ئىچىپ ، ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان تاتلىق جانلىرىنى تەستە قۇتقۇزغان ياكى شۇ يەردە خۇددى قىزىق تونۇرغا چاپلانغان نانغا ئوخشاش قورۇلۇپ ، جانلىرىدىن ئايرىلغان بولغىيدى ! ...

مەن ئۇيۇق بىلەن تۈتىشىپ كەتكەن بۇ پايانسىز چۆللۈككە قاراپ ، قەيەردىندۇر ئۆتمۈش ھاياتىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرمەكچىدەك يىراقلارغا نەزەر سالدىم . بىردىنلا كۆز ئۆڭۈمدە ھىجرىيەنىڭ 2 ـ يىلىدىن 7 ـ يىلىغىچە مانا مۇشۇ ئوتتەك دەشت ـ باياۋاندا ، ئىسلام ئېچىش يولىدا بولۇپ ئۆتكەن بەدرى ، ئوھۇد ، خەيبەرگە ئوخشاش تالاي غازاتلارنىڭ قانلىق كارتىنىلىرى بىلەن قىيقاس ـ چۇقانغا تولغان سادالىرى نامايان بولغاندەك بولدى . ھازىر قارىماققا ، تىنچ ، خىلۋەت ، ھەتتا ئۆلۈكتەك كۆرۈنگەن بۇ زېمىن ۋە بۇ تۇپراق ئۆز ۋاقتىدا تالاي ـ تالاي مۇدھىش جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، تالاي ـ تالاي باھادىر ـ پالۋانلارنى ئۆز باغرىدا يۇتۇۋەتكەن سىرلىق ، غوۋغالىق يەرلەر ئىدى ! شۇنداق ، ئىنسانلار ھەمىشە ئەنە شۇنداق ئۇزۇلمەس ئېلىشىشلار ئىچىدە ئۆزىنى يېتىلدۈرگەن ، جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتقان !

بۇرۇنقىلارنىڭ تۆككەن قانلىرى بىھۇدە ئاققىنى يوق. بۇ قانلار ھېسابىغا خۇددى قۇمدەك چېچىلىپ، بىر - بىرىگە ئەشەددىي رەقىب بولۇپ كەتكەن ئۇششاق ئۇرۇق - قەبىلىلەر بىرلىشىپ بۈگۈنكى بىرلىككە كەلگەن، مۇستەھكەم روھىي تۈۋرۈككە ئىگە ئەرەب دۆلىتى بارلىققا كەلگەن، بۇ قانلار ھېسابىغا يەنە ئۆز پۇشتىدىن تامغان قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان ئىپتىدائىي ۋەھشىيلىكتىن، ئادەمنى قەدىرلەيدىغان دەسلەپكى مەدەنىيەت بەرپا بولغان !...

مەن ئاستا كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن مېنى چوڭقۇر ئويغا سالغان بۇ قەدىمىي ئاتەش زېمىنغا قاراپ، تاغ باغرىدا، چەكسىز قۇملۇق ئۇستىدە خۇددى دەريا ئېقىنىدەك جىمىرلاپ، لاپىلداپ تۇرغان هارارەت ئېقىمىنى كۆرۈپ، بەدىنىمنىڭ كۆيگەندەك بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دېمىسىمۇ، قۇمغا چۈشكەن ئوتتەك كۈن نۇرىنىڭ ئەكس تەسىرىدىن كۆزلەر قامىشاتتى، ئىسسىق تەپتىدىن زېمىن ھۆپۈلدەپ، ھاسىراۋاتقاندەك بىلىنەتتى ...

مەن ئاشۇنداق ئوتلۇق جەزىرىنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇلار بىنەم ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىۋاتاتتى؛ دەرەخ تىكىپ، بۇ قاقاس چۆللۈككە يېشىل ھايات ئاتا قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، غەيرىتىگە تەھسىن ئېيتتىم. ئېھتىمال، ئۇلار مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ زېمىندا ئۆسۈپ، مۇشۇ ئىقلىمدا، مۇشۇ ھاۋادا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنىمۇ مۇشۇ ئاتەشلىك زېمىن ۋە ئوتلۇق ھاۋا بىلەن چەمبەرچەس باغلىۋەتكەندۇ !...

دەرۋەقە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى بۇ قۇرغاق، ئىسسىق مەملىكەتنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، بىرمۇنچە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپتۇ. مەسىلەن، بىر دېھقان يەر تېرىيمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقسا، ھۆكۈمەت ماشىنا

بىلەن ئۇنىڭ يېرىنى ھەيدەپ ، ئوغۇتلاپ ، قۇدۇق قېزىپ بېرىدى-كەن . دېھقان پەقەت ئۇرۇق چېچىپ ، پەرۋىش قىلىدىكەن . مايسا ئۈنۈپ چىققان ھامان ھۆكۈمەت يەنە دېھقانغا نەق پۇل مۇكاپات بېرىدىكەن . ئاشلىقنى يىغىپ ساتىدىغان چاغدا ، دۆلەت باھاسىدىن ئىككى ھەسسە قىممەت باھادا سېتىۋالىدىكەن . بۇ توغرىدا ئامېرى-كا ھۆكۈمىتى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىگە : «بىز سىلەرگە ئەرزان باھادا ئاشلىق سېتىپ بېرەيلى ، بۇنداق بىھۇدە چىقىم تارتىپ نېمە قىلىسىلەر ؟» دېگەندە ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈ-مىتى : «بىز سىلەرنىڭ ئەرزان ئاشلىقىڭلاردىن ئون ھەسسە قىم-مەت زىيان تارتساقمۇ ، ئۆزىمىزنىڭ يېرىنى ، ئۆزىمىزنىڭ ئاشلى-قىنى تېرىيمىز !» دېگەن .

چارۋا مەسىلىسىمۇ شۇنداق . ئەگەر بىرەر كىشى چارۋا باقى-مەن ، دەپ ئوتتۇرىغا چىقسا ، ھۆكۈمەت بىر قوي ئۈچۈن ئون رىيال (16 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ ) مۇكاپات بېرىدىكەن ، قويلى-رىنى ساتىدىغان ۋاقىتتا ، دۆلەت باھاسىدىن ئىككى ھەسسە قىم-مەت باھادا سېتىۋالىدىكەن . بۇنىڭغا يانداپ ، كۆكەرتىش ئىشلى-رىنىمۇ چىڭ تۇتۇۋېتىپتۇ . ئەگەر كىمدە كىم بىر تۈپ دەرەخ تىكىپ ئەھيا قىلسا ، 100 رىيال مۇكاپات بېرىدىكەن .

دېمەك ، بۇ تەدبىرلەر ۋەتىنىنىڭ كېلەچىكى ، ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئويلانغان ئاقىلانە ۋە جىددىي تەدبىرلەر ئىكەن . شۇ سەۋەبتىن ، مەيلى مەككىدە ، مەيلى مەدىنىدە ۋە ياكى جىددەدە بولسۇن ، خۇددى ئالتۇن زۇننارغا قويۇلغان يېشىل ياقۇت كۆزدەك ، كۆكۈلمەيدانلىقلار ، بوك - باراقسان باغچاقلار پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ . بۇ ئىش شۇنداق ئەھمىيەت بىلەن تۇتۇل-غانكى ، ھەتتا بىر تۈپ كۆچەتنىڭ تۈۋىگە نەچچە يۈز مېتىر يەردىن سوزۇلۇپ كەلگەن بىردىن سۇ تورۇبىسى ئورنىتىلغان ! مانا بۇ ، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئۆستۈرگەن قاقاس زېمىنىنى يېشىللىققا پۈركەپ ، تورمۇشنى بېزەۋاتقانلىقى ، تېخىمۇ

ئۇمىدلىك ، پاراغەتلىك كېلەچەك ئۈچۈن ئىنتىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى .

قىسقىسى ، گادايلىقتىن بايلىققا ، قاقاسلىقتىن يېشىللىققا، نۇرغۇنلۇقتىن تەرەققىياتقا قاراپ يۈزلەنگەن بۇ قەدىمىي ، مۇقەددەس جاي ئۆزىنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ئورنى ، شۆھرىتى ۋە سەلتەنىتى بىلەن مەڭگۈ چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە تەسىرات قالدۇردى ! ...

## شور دەريا بويىدىكى ئۈلپەتچىلىك

كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا «شور دەريا» توغرىسىدا نۇرغۇن ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئاڭلىغانىدىم . كىملەردۇر : «شور دەرياـ دىكى پاراخوتنى يوغان لەھەڭلەر توسۇۋېلىپ ، ھەجگە ماڭغانلارنى ئۆتكىلى قويمايدىكەن . شۇڭا ، پاراخوتنىڭ ئالدى تەرىپىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ زۇلپىقارىدەك يوغان ئىككى قىلىچ بار ئىكەن ، بۇ قىلىچلار لەھەڭلەرنى كېسىپ ، شور دەريانى قانغا بويايدىكەن ...» دېسە ، يەنە كىملەردۇر : «ھەجگە ماڭغانلار چۈشكەن پاراخوتلار بەزىدە شور دەريادا كېتىۋېتىپ ، تۇيۇقسىز توختاپ قالىدىكەن ، بۇنداق چاغدا پاراخوت باشلىقى يولۇچىلارنى يىغىپ : ‹ئاراڭلاردا مۇشۇك ئۆلتۈرگەنلەر بار ئىكەن ، شۇڭا ، پاراخوت توختاپ قالدى ، دەرھال ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن› دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، خەقلەرنى كۆزىتىدىكەن ، كىمنىڭ چىرايى سارغىيىپ ، پۇت - قولى تىترىسە ، شۇ ھامان ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ ، شور دەرياغا تاشلايدىكەن ، شۇنىڭ بىلەن پاراخوت يەنە مېڭىپ كېتىدىكەن ! ...» دەيتتى .

مەن كېيىنچە ، مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھەقىقەتەنمۇ سادىر بولۇپ ، بىرمۇنچە ساددا ئادەملەرنىڭ بېلىقلارغا بىھۇدە يەم بولغانلىقىنى بىلدىم . بۇ پۈتۈنلەي نادانلىقتىن ،

ئالدامچىلىقتىن بولۇۋاتقان جاھالەتلىك ئىشلار ئىدى . بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىز ھەج تاۋاپ قىلىش سەپىرىدە ئەنە شۇنداق خېيىمخەتەرگە ، بۇلاڭچىلىققا ۋە ھەرخىل ئالدىنىشلارغا ئۇچراپ ، ۋاقىتسىز ھاياتىدىن ئايرىلىپ ، غېرىب كېپەن بولۇپ قالغان !

مەن بۇ قېتىم «شور دەريا» دەپ ئاتالغان بۇ سىرلىق يەرنىڭ بويىغا بېرىپ ، داۋالغۇپ تۇرغان پايانسىز سۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . مېنىڭ ئالدىمدا چايقىلىپ ، خەرساڭ تاشلارغا ئۇرۇ- لۇپ ، ئۇپقۇنلاپ تۇرغان بۇ قۇدرەتلىك سۇ «قىزىل دېڭىز» ئىدى . ياپيېشىل تىنىق سۇ شىددەت بىلەن دولقۇن ئۇراتتى ، ئۇنىڭ ئۇنچە - مارجاندەك چاچراپ چىققان سۈزۈك تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى ، جىمىرلايتتى . تىنماي گۇركىرەپ تۇرغان بۇ ھەيۋەتلىك دېڭىز گويا مەردانە ھالدا كۆۋەجەيتتى ، قىرغاق سۆيۈپ ئەركىلەيتتى ...

مانا شۇ نەمخۇش ھاۋالىق دېڭىز بويىدا سەئۇدى ئەرەبىستاند- نىڭ زامانىۋى كاتتا پورت شەھىرى جىددە بار ئىدى . بۇ يەر مەككە بىلەن مەدىنەگە ئوخشاشمايتتى . ئۇنىڭ شاۋقۇنلۇق ، ئازادە كوچىلىرىدا قۇرئاننىڭ مودېلى بىلەن بىللە راكېتانىڭ مودېلىمۇ ، مەسچىت بىلەن بىللە زامانىۋى ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىمۇ ، مۇ- سۇلمان بىلەن بىللە يات دىندىكى كىشىلەرمۇ تەڭ مەۋجۇت ئىدى . جىددە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىردىنبىر ئۇچۇق شەھەر بولغاچ- قا ، تەرەققىياتى ، شەكلى ، ھاياتلىق رىتمى باشقا شەھەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى . شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىگە قۇرۇ- لۇۋاتقان يېڭى شەھەر گويا ئەپسانىلەردىكى ئوردا - قەسىرلەردەك شۇنداق كۆركەم ، ئازادە ۋە زامانىۋى ئىدى . بۇ يەردە ياشاۋاتقان 2 مىليون خەلق مانا شۇ بىر تەرىپى دېڭىز ، ئۈچ تەرىپى پايانسىز چۆل - جەزىرە بىلەن تۇتاشقان بۇ شەھەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ، گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئالدىراش ئىشلەيتتى ...

www.uyghurkitap.com

مەن ئون نەچچە قەۋەتلىك ، ھەممە يېرى ئەينەك بىلەن سىپلىنغاندەك يالتىراپ تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك بىر سودا ماگىزىنىنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىگە ماشىنا بىلەن چىقىپ ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كارامەت ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدىم . شەھەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدىغان بۇنداق كۆركەم ، ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلار بۇ يەردە خېلى كۆپ ئىدى . ئەگەر بۇ شەھەرنى كېچىسى ئايلانسا ، ئادەم ئۆزىنى خۇددى بىر ساماۋى دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ، قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە سېزەتتى ...

قىزىل دېڭىزنىڭ بويىدا 13 يەردە دېڭىز سۈيىنى تازىلاش زاۋۇتى بار ئىكەن . شورلۇق دېڭىز سۈيى بۇ زاۋۇتلاردا يۇقىرى ئىسسىقلىق بىلەن پارغا ئايلاندۇرۇلۇپ ، ئاندىن سوۋۇتۇلىدىكەن ، ئاخىرىدا ھەرخىل ۋىتامىنلىق بىرىكمىلەرنى قوشۇپ تارقىتىلىدىكەن . ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ 2 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىگە مۇشۇ تازىلانغان سۇ يەر ئاستى تۇرۇبىلار ئارقىلىق تارقىلىدىكەن . شۇڭا ، بۇ يەرلەردە ھازىر دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ۋە كۆكەرتىش ئىشلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى تەرەققىي قىلغانىكەن ...

مەن جىددەدە ئابدۇغوپۇر ھاجىم ئىسىملىك بىر ۋەتەنداشنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم . قەددى ـ قامەتلىك ، خۇش پېئىل ، كەڭ قورساق ۋە دىلكەش بۇ ئادەم ھازىر 70 ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەنىلا ياشلىق كۈچ ـ قۇدرىتى بەرق ئۇرۇپ تۇرغاندەك تېتىك ۋە روھلۇق ئىدى . 14 ياش ۋاقتىدا ، كارۋانلارغا ئەگىشىپ روسىيە ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىپ قالغان بۇ ئادەم ھازىر بۇ يەردە كاتتا باي ، چوڭ شىركەتنىڭ خوجايىنى ئىكەن . ئۇ ، نەچچە يۈز مىليون دوللارلىق دەسمايىگە ئىگە بۇنداق چوڭ شىركەتنى ئۆز ۋاقتىدا مەككە ۋە رىياد قاتارلىق جايلاردا ناۋايلىق قىلىپ يۈرۈپ تىكلىگەنىكەن . مەن بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئاتەش زېمىندا يەنە تونۇرغا بېشىنى تىقىپ ، لاۋۇلداپ

يېنىپ تۇرغان ئوت بىلەن ھەپىلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى ئويلاپ، زادىلا تەسەۋۋۇر ۇمغا سىغدۇرالمىدىم. ئوت ئىچىدە تۇرۇپ يەنە ئوت بىلەن ھەپىلىشىش بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۇل كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئۇنىڭ تاپقان پۇللىرىنىڭ ئەنە شۇ نانىدەك پاك ۋە ھالال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى!

ھازىر بۇ ئادەم ئەنە شۇنداق جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە بەرپا قىلغان، يىللىق ساپ پايدىسى 8 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان كاتتا ئىگىلىكىنى چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمىن ھاجىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ئاخىرقى ئۆمرىنى دەم ئېلىش، ساياھەت قىلىش ۋە تۇغقان يوقلاش بىلەن تىنچ ھەم خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.

ئابدۇغوپۇر ھاجىم 1988 - يىلى تۇغقان كۆرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋەتەنگە كەلگەن ۋاقتىدا، بىر مەزگىل غۇلجىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردە مۇنداق ئىككى ساۋابلىق ئىشنى قىلغان. بىرى، ھەر يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرەلمەي، جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرىدىغان بىر قىسىم ياشلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، غۇلجا شەھىرىگە چوڭ كۆلەملىك، زامانىۋى كەسپىي مەكتەپتىن بىرنى سېلىپ بېرىش توغرىسىدا يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن توختام تۈزگەن. يەنە بىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنا - قولۇملار ئارىسىدىكى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولالمىغان 12 جۈپ ياشنىڭ تويىغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئۆي - ماكانلىق قىلىپ قويغان! ... ھازىر ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ ئۈچ ئوغۇل، ئالتە قىز، 46 نەۋرىسى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزى ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاچقا، بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالىي مەلۇماتلىق قىلىپتۇ. بالىلىرىنىڭ كۆپى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئانا تىلىنى بىلىدىكەن.

بۇ ئادەم شۇنچە باي، پۇلدار بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتا ئىدىتلىق، ئىقتىسادچىل ئىكەن. ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى

سۆزلەپ بەردى : «ئادەم قولىدىكى مال ـ دۇنياسىنى ھالالدىن تېپىپ ، ھالالغا خەجلىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ھېسابىنى ئېنىق بەرمىسە ، يەنىلا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ . ئەگەر ھارامدىن تېپىپ يەنە ھارامغا ئىشلەتسە ، ئۇنداق ئادەم مەڭگۇ دوزاختىن قۇتۇلالمايدۇ ! مەن بىر قېتىم ، بەش بالامنىڭ تويىنى بىرلا قىلىپ ، 37 قوي سويۇپ ، تۆت تاغار گۈرۈچ سالدىم . نۇرغۇن تائام ئېشىپ قالدى ، قارىسام ، ئاشخانىدىكى ئەرەبلەر ئۇنى تۆكۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ ، مەن دەرھال ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ، ماشىنا بىلەن ئۆيگە ئەكەلدىم ۋە تۈگىلاتقۇغا سېلىپ قويدۇم . باللىرىم : ‹بۇنى تۆكۈۋەتمەي نىمە قىلىسەن؟› دەپ غۇدۇراشتى . مەن ئەتىسى بۇ تائاملارنى يەنە ماشىنىغا سېلىپ ، ھېلىقى غۇدۇرىغان باللىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ ، يوقسۇللار ئولتۇرىدىغان مەھەللىگە ئېلىپ باردىم . ئۇ يەردىكى يېتىم ـ يېسىرلار بۇ تائاملارنى كۆرۈپ ، بىردەمدىلا تالاپ كەتتى . مەن شۇ چاغدا باللىرىمنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ قويدۇم ، ئۇلارمۇ خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراشتى . دۇنيادا داندىن ، ناندىن ، گۆش ـ مالدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق . ئۇنى خارلاش ئادەم ئۆزىنى خارلىغانغا ئوخشاش ! ...»

مەن بۇ تەقۋادار ئادەمنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن ، ۋۇجۇدىدىن ئاددىي ـ ھالال ئەمگەكچىگە خاس بىر خىل پەزىلەتنى ، ئالىيجانابلىقنى كۆرگەندەك بولدۇم !

بىر كۈنى بۇ ئۆيگە پاكىستانلىق بىر «ئەۋلىيا» كېلىپ قالدى . ئابدۇغوپۇر ھاجىم بۇ ئادەمنىمۇ قىزغىن قارشى ئالدى . ئۇ ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن غېرىبلىقنى ، مۇساپىرچىلىقنى ئۆتكۈزۈپ ، يەتكۈچە دەرد تارتقاچقا ، ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن ھەر قانداق غېرىب ، مۇساپىرنى خۇدايى مېھمان سۈپىتىدە ئالاھىدە كۈتۈۋالىدىكەن . 60 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان ، ئوتتۇرا بويلۇق ، چارساقال بۇ پاكىستانلىق ئۆزىنى «جىنكەش» دەپ تونۇشتۇردى ، مەنمۇ دەسلەپ ئىشەندىم ، ئابدۇغوپۇر ھاجىممۇ ئۆزىگە

ۋە باللىرىغا ئوقۇتماقچى بولدى .

ئۇ كەچلىك تاماقنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن ھۇزۇرلىنىپ يېدى ، ياتارغا يېقىن ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ ئاغرىق پۇتىغا ئوقۇدى ۋە بىر تال تاياق بىلەن ھۇرۇپ ، سوپكوچ قىلدى ، كەچتە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ قالدىم .

ئەتىسى ، پۈتۈن ئائىلىدە ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرغان بىر خەۋەر تارقالدى : كىمدۇر بىرسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋەت (بىز ياتقان قەۋەت )نىڭ ئىشىكى ئالدىغا سىيىپ قويغان بىر جۈپ تاھارەت كەشى تۆتىنچى قەۋەتكە (ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ چوڭ قىزىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ) چىقىپ قاپتۇ . ئۆيدىكىلەرنىڭ ئېيتىد-شىچە ، بۇ ھېلىقى پاكىستانلىق ئەۋلىيانىڭ كارامىتى ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ پاكىستانلىق «ئەۋلىيا»غا نىسبە-تەن ئىشەنچى ، ھۆرمىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى . ئەتىسى كەچ-تە ، ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ ئىككىنچى كۈيئوغلى ئابدۇلئەزىز ئۇنىڭغا ئوقۇتماقچى بولدى . «ئەۋلىيا» دەسلەپ بىر غولاچ يىپ بىلەن ئۇنىڭ بويىنى ئۆلچىدى . ئاندىن ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرى-تىپ ئوقۇدى ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى يىپ بىلەن يەنە ئۇنىڭ بويىنى ئۆلچىدى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، يىپنىڭ دەسلەپكى ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىنكى ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ ، بۇ ئادەمگە جىن چاپلاشقان ياكى چاپلاشمىغان-لىقىنى بىلىدىكەن. مەن بۇ ئەۋلىيانىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىگە ئۇ-جۇر- بۇجۇرىغىچە زەڭ سېلىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ «ئەۋلىيا» لىقىغا دەرگۇماندا بولۇپ قالدىم . چۈنكى ئابدۇلئەزىزنىڭ بويىنى قايتا ئۆلچىگەندە ، ھېلىقى يىپنىڭ بىر ئۇچىنى ئالىقىنىدا ئازراق يوشۇرۇپ ئالغانىدى . بۇنىڭ بىلەن يىپ بۇرۇنقىدىن كالتە چىقات-تى- دە ، ئابدۇلئەزىزگە جىن چاپلاشقان بولاتتى ، «ئەۋلىيا» بىرنەچچە كۈن ئوقۇيتتى ، بىرمۇنچە پۇلغا ئىگە بولاتتى ! ...

ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ، گۇمانىم توغرا چىقىپ ، «ئەۋلىيا»

www.uyghurkitap.com

نىڭ پۈتۈنلەي ئالدامچى ، كاززاپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ قال-
دى . بۇنىڭغا ئىككى ئىش سەۋەب بولدى : بىرسى ، ئابدۇغوپۇر
هاجىمنىڭ چوڭ كۈيئوغلى خۇش پېئىل ، بىلىملىك كىيانشا
(خوتەن قارا قاشلىق ) «ئەۋلىيا »نى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ،
ئىنىسىنىڭ تۇغماس خوتۇنى ئۈچۈن دەمىدە قىلغۇزدى . «ئەۋلى-
يا » بىر نەچچە كىچىك تەخسىنىڭ يۈزىگە زەپە سۈيى بىلەن ئاللى-
قانداق بىر نەرسىلەرنى پەلكۈشلەپ يازدى . بۇنى هېلىقى تۇغماس
ئايال سۇ بىلەن چايقاپ ئىچسە ، هامىلىدار بولىدىكەن . مەن
بۇنى ئوچۇق - ئاشكارا ئادەم ئالداش ، دەپ چۈشەندىم . مۇسۇلمان-
لارنىڭ قارىشىچە ، هامىلىدار بولۇش ، پەرزەنت كۆرۈش ئاللانىڭ
ئىلكىدىكى ئىش ! ئاللانىڭ ئۆز بەندىسىگە قىلىدىغان بۇنداق هىم-
مەت - شاپائىتىنى قانداقمۇ بىر جاهانكەزدى جىنكەشنىڭ يالغان-
ياۋىداق سۆزلىرى ئادا قىلالىسۇن ؟ ! بۇ ئاپئاشكارا ئازغۇنلۇق
ئەمەسمۇ ؟ ! ئىككىنچىسى ، «ئەۋلىيا » بىز ياتقان ئۆيدە بىر نەچ-
چەيلەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ، بۇلۇڭدىكى ئەينەكلىك
ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن بىر دانە قاشتېشى بۇيۇمنى تۇيدۇرماي ئې-
لىپ ، يەنە بىر قېتىم «تاهارەت كەشى كارامىتى »نى پەيدا قىل-
ماقچى بولغاندا ، مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان بىرەيلەننىڭ كۆرۈپ
قېلىشى بىلەن مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماي قالدى ! شۇنىڭ بىلەن
«ئەۋلىيا » ئۆزىمۇ خۇدۇكسىرەپ قالدىمۇ ، قانداق ، تۆتىنچى كۈنى
غىپپىدە يوقاپ كەتتى . ئابدۇغوپۇر هاجىمۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە
پۈت ئاغرىقىنى شۇنچە ئوقۇپ ، هۇرۇپ ساقايتالمىغان «ئەۋلىيا »
دىن سەل - پەل رايى قايتىپ قالغاندەك ، قايتا ئۇنىڭ ئىز -
دېرىكىنى قىلمىدى . مېنىڭ نەزىرىمدە ، پاكىستانلىق بۇ جاهان-
كەشتى «ئەۋلىيا » ئاق كۆڭۈل ، ساددا ، نادان ئادەملەرنى ئالداپ
جان باقىدىغان ، ئۇلارغا جاهالەت جەبىرىسىنى سالىدىغان مۇناپىق-
تەك تۇيۇلدى . چۈنكى قۇرئاندىكى «سۈرەبەقەر »دە مۇنداق دېيى-
لىدۇ : «شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى ، ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكى

ئۇچۇن دىننى دەسمايە قىلىدۇ. مانا شۇنداق ئادەملەر مۇناپىقتۇر! «بۇ خىل قىلمىشلار تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئىسلام دىنى نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ياكى شۇ دىنىنىڭ بەزى توغرا ئەقىدە- لىرىگە قىستۇرۇلۇپ بازار تاپقان، ئىسلامغا زىت، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە خىلاپ، هاياتقا مۇخالىپ جىنايى قىلمىشلاردۇر! هېلىقى پاكىستانلىق «ئەۋلىيا»غا ئوخشاش مۇنداق ئادەملەر خۇد- دى «مەهبۇبۇل قۇلۇپ»تا كۆرسىتىلگەندەك: «ئۇلارنىڭ كۈندۈ- زى هەريانلارغا قاتراشلىرى — ئالدامچىلىق بىلەن خەلقتىن نەرسە ئېلىش ۋە كېچىسى كېلىپ ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن هەريانغا كۆز سېلىشتىن ئىبارەتتۇر!»

مەن جىددەدە هەپتە تۇردۇم. قىزىل دېڭىز بويىدىكى ئاۋات، شاۋقۇنلۇق بۇ قەدىمىي شەهەرنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇشى مەندە خېلى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ساخاۋەتلىك، تەقۋادار ئابدۇ- غوپۇر هاجىم ۋە ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن، بىلىملىك، ئەخلاقلىق پەرزەنتلىرىمۇ مەندە سەمىمىي دوستلۇق ۋە هۆرمەت تۇيغۇسى ئويغاتتى! ...

## ئاخىرقى سۆز

ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپەر ئەسلىمىلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىر- لاشتى. مەن بۇنىڭ هۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمدە قانداق تەسىرات قوزغايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. چۈنكى رەڭگارەڭ ئىجتىمائىي ها- ياتمۇ خۇددى تەبىئەت دۇنياسىغا ئوخشاش، كىشىلەردە ئوخشاش- مىغان زوق، ئوخشاشمىغان تەسىرات ۋە ئوخشاشمىغان هېس - تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. هەر هالدا مەن ئۆز هېسسىياتىمغا، پىكىر، تەسىراتلىرىمغا سادىق بولدۇم. قەلبىمدە گۈزەللىك تۇي- غۇسى ئويغاتقان نەرسىلەرگە هۆرمەت بىلدۈردۈم. مەدھىيە- لىدىم... كۆزۈمگە سىغمىغان، تەسەۋۋۇرۇمدىن هالقىپ كەتكەن

نەرسىلەرگە ھەيران بولدۇم، ئەپسۇسلاندىم. ئىشقىلىپ، نېمىنى كۆرگەن، نېمىنى ئاڭلىغان، نېمىنى ئويلىغان، نېمىنى ھېس قىلغان بولسام، شۇ بويىچە ئەينەن يازدىم. ئەمدى قالدى باھانى ئادىل ئوقۇرمەنلەر بېرەر، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

1992 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

## «قاباھەت»نى قانداق يازدىم

ئىجادىيەت ئىلھامسىز بولمايدۇ، ئىلھاممۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە! ئۇنىڭغا «تۈرتكە» بولىدىغان بىر نەرسىنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەگەر يۈرەكنىڭ تېگى ـ تېگىدە يازغۇچىنى بىئارام قىلىپ تۇرغان دەرد بولمىسا، قەغەزلەرنى بوياش تەسكە توختايدۇ.

ئۇنداق بولسا، ماڭا «تۈرتكە» بولغان، يۈرەككە دەرد بولۇپ چۈشكەن نەرسە نېمە؟

مەن 2005 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تاسادىپىي ھالدا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك ئېيۇل سانلىرىغا بېسىلغان «ئايالLار قايان — تەقدىرىڭ قايان» ناملىق ماقالىنى ئوقۇپ قالدىم ۋە ئوقۇپلا ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ كەتتىم. ماقالىنىڭ ئاپتورى گۈلنار تىيىپ ئىسىملىك ياش مۇخبىر ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا قارىماي، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىغا، توغرىراقى، پۈتۈن جەمئىيەت ئالدىغا ئاجايىپ ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ بىر تېمىنى مۇخبىرغا خاس دادىللىق ھەم سەزگۈرلۈك بىلەن قويغانىدى. بۇ تېما بىزنى ئىنسانغا بىرلا قېتىم بېرىلىدىغان ھاياتنى، ئىنسانىي بەختنى قەدىرلەشكە، ھاياتتا چىن ئىنسان بولۇپ ياشاشقا دەۋەت قىلىدىغان، ئادەمنىڭ ئادەم ئالدىدىكى، ئەل ـ يۇرت ئالدىدىكى بۇرچ ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان، ئىنساندىكى ئېسىل تۇيغۇ، ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى قەدىرلەشكە، ئاسراشقا ئۈندەيدىغان كەڭ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ مەركىزىدە، يەنىلا قىزلىرىمىز بىلەن ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى تۇراتتى، بۇ مەسىلە ھەقىقەتەنمۇ

جىددىي ۋە ئۆتكۈر ئىجتىمائىي مەسىلە ئىدى .

ئەۋلادلارنى نابۇت قىلىش ئاخىرقى ھېسابتا مىللەتنى زاۋال-لىققا ئېلىپ بارىدۇ . ئەڭ يامىنى ، كەلگۈسىنىڭ ئاتىلىرى بولى-غان مەسۇم قىزلىرىمىزنى نابۇت قىلىش مىللەتنى ئېغىر ماتەم قىلىدۇ ! ...

«تاغدەك ئىشىنچىمۇ تېرىقتەك تۈگۈنى بولىدۇ» دېگەندەك ، مېنىڭ «قاباھەت» رومانىنى يېزىشىمغا ئىلھام بولغان ، تۈرتكە بولغان ئامىل دەل ئەنە شۇ «ئاياللار قايان — تەقدىرىڭ قايان» ناملىق ماقالە ئوتتۇرىغا قويغان پاجىئەلىك تېما بولدى . ماقالىدى-كى دادىل چۇقان ۋە مۇخبىرنىڭ ھەسرەتلىك نىداسى مېنىڭ روھىي ئارامىمنى بۇزدى ، مەن نەچچە كۈنگىچە شۇنىڭ ئىسكەنجى-سىدە تولغاندىم ، ئازابلاندىم ، ئويلاندىم . بۇ ھال ئاخىر مېنىڭ قەلبىمدە بىر خىل ئىجادىيەت ئىستىكىنى قوزغىدى ، بۇ ئىستەك يۈرىكىمگە چوغ سالدى . مەن ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدىكى گۈلنار تىپىپ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئەجەللىك ئىللەتلەرنى ، روھىيىتى-مىزدىكى ، ئەخلاقىمىزدىكى بۇزۇلۇش ۋە چىركىنلىكلەرنى يىرىك بىر ئەدەبىي ئەسەر شەكلىدە ئىپادىلەپ ، ئېغىر چوڭراق چۇقان كۆتۈرۈش خىيالىغا كەلگەنىدىم .

يازغۇچىنىڭ بۇرچى — ۋىجدانى بۇيرۇغان نەرسىنى يېزىش ۋە بۇ يازغانلىرىدىن ئەل - يۇرتقا بىرەر نەپ تېگىشكە ئىشىنىش ، ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ۋۇجۇدىدا ھەر قانداق يامانلىق ۋە قاباھەتكە مۇرەسسەسىزلىك ھېسلىرىنى ئويغىتىشنى بىلىشتە ئىپادىلىنى-دۇ .

مەن شۇ خىيال بىلەن گۈلنار تىپىپقا تېلېفون قىلدىم ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ شىجائەتلىك ، نەزىرى ئۆتكۈر مۇخ-بىر بىلەن ئۇچرىشىپ پىكىرلەشتىم . ئۇ مېنىڭ مۇشۇ تېمىدا رومان يېزىش ۋە تورمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن جەنۇبىي جۇڭگوغا سەپەر قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىمنى بىلىپ ، ناھايىتى خۇشال

بولدى ۋە ئۆزىنىڭ «ئاياللار قايان — تەقدىرىڭ قايان» ماقالىسىدىنى يېزىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تەسىراتلىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ مېنى 22 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا بىلەن ئۇچراشتۇردى. بۇ بالا شېنجېن، گۇاڭجۇلاردىكى قارا گۇرۇھلارنىڭ ئارىسىدا بىرنەچچە يىل يۈرۈپ، تېخى يېقىندىلا ئۇ يەردىن قېچىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچىق سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلەپ بەردى ۋە مېنىڭ ئۇ تەرەپلەرگە بارىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، قاتتىق پەخەس بولۇشۇمنى، سەللا بىخەستەلىك قىلسام، قارا گۇرۇھتىكىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدىغانلىقىمنى ئەسكەرتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئاز - تولا دىققەت قىلىپ، كۆزىتىپ يۈرگەنلەرنى سېزىپ قالسا، تۇيدۇرماي تۇتقۇن قىلىۋالىدىغان ياكى بىرەر غولغۇنىنىڭ ئارىسىدا ئەجەللىك يېرىگە پىچاق سېلىپ، ئۆمۈرلۈك مېيىپ قىلىۋېتىدىغان ئەھۋاللار بار ئىكەن. ئۇ ھەتتا شېنجېندىكى بىر ئۇيغۇر ساقچىنىڭ ئەنە شۇنداق ئاقىۋەت بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەندە ياشانغانلارغا خاس ئەنسىرەش، قورقۇش (بۇ چاغدا مەن 65 ياشتا ئىدىم - دە!) خاھىشى ئاز - تولا كۆرۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا، قەلبىمدە قوزغالغان ئىجادىي ھاياجان يەنىلا غالىب كەلدى. يازغۇچىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان نەرسىلەر ھامان ئىجتىمائىي ئىللەتلەردۇر. ھالبۇكى، ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە تولغان ئەنە شۇ تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر سىر. يازغۇچىدا ئۇنى ئاچىمەن دەيدىغان يۈكسەك بىر جاسارەت بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ مەقسەتكە پەقەت تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىش ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە ۋە

مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . دېمەك ، بەدى-ئىي پېرسوناژ بولمىسا ، بەدىئىي سۇژىتمۇ بولمايدۇ . بەدىئىي پېرسوناژ ۋە بەدىئىي سۇژىتتىن ئايرىلغاندا ، پروزا ئىجادىيىتى دېگەن نەرسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس . مەن ئەنە شۇ بەدىئىي پېرسوناژ ۋە بەدىئىي سۇژېت تېپىش مەقسىتىدە، 2005- يىلى 8 - دېكابىر جەنۇبىي جۇڭگو سەپىرىنى باشلىدىم ، تۇنجى بېكىتىم شېنجېن بولدى .

تۇرمۇش ئۆگىنىش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى تۇرمۇشنى كۆ-زىتىش دېمەكتۇر . يازغۇچى بىر ەر ھادىسىگە ئۇقۇرمەندە مۇھەب-بەت ياكى نەپرەت ھېسسىي قوزغىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاشۇ ھېس ئۆزىدە بولۇشى كېرەك . يازغۇچى ئۆزى ھېس قىلمىغان نەرسىنى يازسا ، بۇنى ئوقۇغان ئوقۇرمەنمۇ ھېچ نەرسىنى ھېس قىلالماي-دۇ . دېمەك ، كۆيدۈرۈش ئۈچۈن كۆيۈش ، سۆيۈش ئۈچۈن سۆيۈ-لۈش كېرەك . زامان غوۋغالىرىنى ، تۇرمۇشنىڭ روھىي ماھىيى-تىنى ئېنىق ھېس قىلغان يازغۇچىلار خەلقنى ئالدىماي ، ھەقىقەت-نى بويىماي يازىدۇ . بۇ يەردىكى ھەقىقەت بىرلا ، ئۇ بولسى-مۇ — گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك ، ئالىيجانابلىق ۋە رەزىللىك ، مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە تولغان مۇرەككەپ ھايات ھەقىقىتى .

مەن شېنجېننىڭ دېكابىر ئايلىرىدىكى ئىللىق ، گۈزەل مەن-زىرىسىنى تاماشا قىلغاچ ، ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىنى باشلىۋەتتىم . مەن بىر كۈنى شېنجېندىكى «سەرگەردان باللارنى قۇتقۇزۇش مەركىزى»گە بېرىپ ، ئۇ يەردىكى مۇساپىر باللار بىلەن ئۇچ-راشتىم ، بۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 10 ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان بىرمۇنچە سەبىي قىز - ئوغۇللارنىڭ ئاغزىدىن مەن ئىن-سانىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى كۆلپەتلىرى ھەققىدىكى ئادەمنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىدىغان ئاجايىپ ئېچىنىشلىق ھېكايە - قىسسەلەرنى ئاڭلىدىم . مۇدھىش تەقدىر - قىسمەتلەر خۇددى چوڭ ئادەمدەك پىكىر قىلىشقا ، سۆزلەشكە ئۆگىتىپ قويغان بۇ

باللارنىڭ كۆزلىرىدىن ئالەمچە مۇڭ ـ ھەسرەت ، ئاغزىدىن يۈرەكنى يارغۇدەك پەرياد ـ نىدا ئېتىلىپ چىقاتتى . بىر كۈنلۈك زىيارەت جەريانىدا مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالماي ، ئاچچىق ياشلىرىم بىلەن خاتىرە دەپتەرنى بويىدىم . ئاغزىدىن تېخى ئانا سۈتى ھىدى كەتمىگەن ، ئاتا ـ ئانا باغرىغا تەشنا ، ئىپتىدائىي ئىلىم بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىشكە تېگىشلىك بۇ باللارنىڭ ئاشۇ غېرىب ـ مىسكىنـ لىك قاپلىغان يۈزلىرىگە ، ئىسسىق ياش بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرـ غان بىغۇبار كۆزلىرىگە ، تېخى قاتمىغان كىچىككىنە باشلىرىغا كەلگەن شۇنچە چوڭ پالاكەتلەرگە قاراپ كىمنىڭمۇ يۈرىكى ئېزىلـ مىسۇن ، كۆزى ياشلانمىسۇن ؟ !

بۇ باللارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى . ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كېـ لىپ ، نەگە كېلىپ قالغانلىقلىرىنىمۇ بىلمەيتتى . بەزى قىزلار تېخى 10 ياشقا كىرە ـ كىرمەي ئاشۇ ناكەس ، كۆڭلى قارا خوجايىنلىرىنىڭ قولىدا ئىپپەت ـ نومۇسىنى يوقىتىپ ، جىسماـ نىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە تەڭلا نابۇت بولغانىدى ! كېيىن مەن شېنجېندا ئاشخانا ئاچقان ، ناۋايخانا ئاچقان ۋە قۇرۇق يېمىش ساتىدىغان بىرمۇنچە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچراشتىم ، سىرداشتىم . بىرقانچە چوڭ رەستە ـ گۇزەر ، تاللا بازارلىرىغا بېرىپ ، 20 نەچچە ياشلىق «قۇش»لارنىڭ نازارىتى ، كونتروللۇقى ئاستىدا ئوغرىلىق ، يانچۇقچىلىق قىلىۋاتقان «شوركا» باللارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى يىراقتىن كۆردۈم ، كۆزەتتىم . ئىشقىـ لىپ ، مەن بۇ جەرياندا ھاياتتىكى نۇرغۇن يىرگىنچلىك ھادىسىـ لەرنى كۆردۈم ، ھېس قىلدىم . بولۇپمۇ جەنۇبىي جۇڭگو تەبىئـ يىتىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسى ئالدىدا ماڭا ئۇلار تېخىمۇ يىرگىنچلىك كۆرۈندى ...

مەن شېنجېندا 20 كۈندەك تۇرۇپ ، گۇاڭجۇغا كەلدىم . گۇاڭجۇ ھەقىقەتەنمۇ قەدىمىي ، كاتتا شەھەر ئىكەن . مەن بۇ يەردە

بىر نەچچە سىرداش دوست تېپىۋالدىم . 2006 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ
10 ـ كۈنى كەلگەن قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ يەردىكى
ھەر ساھە ، ھەر تەبىقە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىپ ، پۇرسەت
بولسىلا ئۇلار بىلەن ئۆز مۇددىئايىم بويىچە سۆھبەتلەشتىم ، ماتې-
رىيال توپلىدىم . مەن بۇ يەردىمۇ سۆزلىشىشكە تېگىشلىكلەر
بىلەن سۆزلەشتىم ، كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى كۆردۈم .
ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيەت تەسەۋۋۇرىدىكى قاتىللىق يۈز بېرىدى-
غان مەيدان ، مۇھىت ، جەسەتنى يوشۇرۇپ كۆمىدىغان تاغ باغ-
رى ، زوراۋانلار يوشۇرۇن ئېلىشىدىغان جاي قاتارلىق ئىنچىكە
تەپسىلاتلارغىچە كۆردۈم ، كۆزەتتىم ...
گۇاڭجۇدىكى ئىشلىرىممۇ بىختەر ھەم كۆڭۈلدىكىدەك بول-
دى ، ئۇنىڭدىن كېيىن شاڭخەيگە كەلدىم . شاڭخەي — بۇرۇن
مەن كۆرگەن شاڭخەي ئەمەس ئىدى . خۇددى ئامېرىكىنىڭ نيۇ
يورك شەھىرىگە ئوخشاش ، جۇڭگونىڭ ھەر جەھەتتىكى يۇقىرى
تەرەققىيات پەللىسىنىڭ كۆزنىكىگە ئايلانغانىدى . بۇ يەردىكى 20
نەچچە كۈنلۈك ئۆمرۈممۇ خۇددى باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئۆمرىدەك
تىنىمسىز مېھنەتتە ، تىنىمسىز ئازابتا ئۆتتى . مەن بۇ يەردە بىر
تەرەپتىن تۇرمۇش ئۆگەنگەچ ، يەنە بىر تەرەپتىن يازماقچى بولغان
رومانىم ئۈستىدە جىددىي ۋە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىغاند-
دىم .
يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى دۇنيا ھەم رېئال ، ھەم
سىرلىق بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاساسىي نەرسە — شەكىل ۋە
ئىشلەپچىقىرىش ئورنى ياكى ئۇسۇلى ئەمەس ، بەلكى مەزمۇن —
ئىنساننىڭ ئىنتىلىشى ۋە ئۇنىڭ قەيەردە بولمىسۇن ئۆز قەدرىنى
تىكلەشكە ئۇرۇنغان ھەرىكىتىدۇر .
مەن تۇرمۇشنى كۆزىتىشتە ، ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي مىزانى
بولغان ئەنە شۇ نەرسىنى زادىلا ئەستىن چىقارمىدىم ، دىققەت
مەركىزىمدە ھامان ئادەملەرنىڭ ھەرخىل ئىنتىلىشى ۋە رەڭگارەڭ

ئىش - ھەرىكىتى بولدى.

ئەدەبىي ئەسەر ئۈچۈن قەھرىماننى ئويلاپ تېپىش ھاجەت ئەمەس، چۈنكى ئۇ ھاياتتا بار. بۇ چاغدا مېنىڭ ئېڭىمدا، كۆڭلۈمدە ئەسەرنىڭ بىرنەچچە ئاساسلىق پېرسوناژلىرى جانلىنىشقا، ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغانىدى.

مەن شاڭخەيدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، قەشقەرگە باردىم. بۇ يەردە جەنۇبىي جۇڭگودا ئۆگەنگەن تۇرمۇشنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى — سەبىي، مەسۇم قىز - ئوغۇللىرىنى تۇيۇقسىز يوقىتىپ قويۇپ، نىمجان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ناتىۋان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆگەندىم.

كۈچلۈك ھېس - تۇيغۇ، چوڭقۇر ئىچكى دەرد ئادەمنىڭ قەلبىنى تولدۇرغاندا ئادەم ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالىدۇ، ئۆزىنىڭ دەردىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىش، يۈرىكىنى بوشىتىش، كىشىگە ئازاب بېرىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا قول قەلەمگە بارىدۇ، پىكىرلەر تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. يازغۇچىدىكى مانا شۇنداق ھالەتنى ئادەتتە ئىلھام دېيىشىدۇ. مەن مانا شۇ ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە «قاباھەت» رومانىنى يېزىشقا كىرىشتىم.

سەمىمىيلىك — ئەدەبىياتنىڭ يۈزى. پەقەت سەمىمىيلىك بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرلا ئەدەبىياتتا يۈز تاپالايدۇ. شۇڭا مەن روماندا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇشقا، ئادەملەرگە نىسبەتەن ئامالنىڭ بارىچە سەمىمىي، سادىق بولۇشقا تىرىشتىم. مەن رومان ئۈستىدە ئىشلەۋاتقىنىمدا، قەھرىمانلىرىمنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى، ھەربىر يۈرەك سوقۇشىنى جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ئاشۇ گۈزەل دېڭىز بويلىرىدا، ئۇنىڭ شاۋقۇنلۇق، ئارامبەخش كېچىلىرىدە تۇغۇلغان كۈيدەك تەبىئىي ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان روھىي ھالەت تەسۋىرلىرىنى پېرسوناژلارنىڭ شۇنچىلىك خىلمۇ خىل، شۇنچىلىك مۇرەككەپ تەقدىرلىرىگە خىيالىمدا پات - پاتلا مۇراجىئەت قىلىپ تۇردۇم. ئېپىزوتتىن ئېپىزوتقا كۆچكەنسېرى كۈچىيىپ بارىدىغان دراماتىك چوڭقۇرلۇقلارنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەشكە

تىرىشتىم. مېنىڭچە، بىر ئەسەرنىڭ مەقسىتى ئەخلاق نەزىيە-
سىنى قىزىقارلىق، ئىبرەتلىك ۋە كۆلپەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئې-
چىگە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا
ئۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاپ، قەلبىدە ئۇگدەپ يات-
قان ئۇلۇغ ئىستەكلەرنى ئويغىتىشى، مېڭىسىنىڭ قاراڭغۇ بۇ-
لۇڭ - پۇچقاقلىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان تەپەككۇر زەررىلىرىنى
ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

يېرىك پروزا ئەسەرلىرى زور بەدىئىي قۇدرەت بىلەن ئاددىي
خەلقنىڭ مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتىنى، مۇھەببەت ھەم
نەپرىتىنى، خۇشاللىق ھەم قايغۇ - ئەلەمىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارغا
چوڭقۇر ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئەسەرلەردىن بەزى
نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، بەزى نەرسىلەرنى رەت قىلىدۇ،
بەزىلەرگە مۇھەببەت باغلايدۇ، بەزىلەرگە نەپرەتلىنىدۇ، بەزىلەر-
نى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، بەزىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ. قىسقىسى،
ئۇنىڭدىن نۇرغۇن تارىخىي بىلىمگە، ئىجتىمائىي تەربىيىگە، غا-
يەت زور مەنىۋى ئوزۇققا ئىگە بولىدۇ. مانا بۇ يازغۇچى ئۆزىنىڭ
جاپالىق، مۇشكۈل، غەلىبىلىك ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن خەلقنىڭ
قەلبىگە سىڭىپ كىرەلىشىنىڭ سەۋەبى.

ئادەم بالىسى ئىككى ھالدا — يەنى، يا مۇناپىقلىق يولىغا
ئۆتكەندە، يا ئالىيجانابلىق يولىغا ماڭغاندا ئۆزلۈكىنى راۋۇرۇس
نامايان قىلىدۇ. مەن روماندىكى ئاساسلىق پېرسوناژلاردىن:
خىسلەت، ئۇتۇق، نەزەر، ئۆركەش ۋە ئەزەم چوڭ، ھېيت ئاغ-
ماق، ھۇۋقۇش تاز، نازاكەت قاتارلىقلارنى ئىنسان خاراكتېرى-
نىڭ ئەنە شۇ مەنتىقىسى بويىچە يارقىنراق يارىتىشقا، ئۇلارنى
كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تۇيغۇ جەھەتتىن بىغۇبار، مەنىۋى مەنزىلى-
نى كەڭرەك ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. خىسلەتنىڭ ئاق كۆڭۈللۈ-
كى، ساپلىقى ۋە ئار - نومۇسنى قوغداش يولىدا ئۆزىنى قۇربان
قىلىشتىن يانمايدىغان جەسۇرلۇقى ئارقىلىق، رومانغا ئاز - تولا
نۇرلۇق تۈس بەرگەن بولسام، ھۇۋقۇش تازنىڭ نادان،



www.uyghurkitap.com

ئىتائەتگۈي ، بۇلغانغان كەچۈرمىشلىرى بولسىمۇ ، ئەمما ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ پەيتتە ، يەنىلا ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ھاياتـ قا ، كېلەچەككە دادىل يۈزلەنگەنلىكى ئارقىلىق رومانغا بىر خىل ھارارەت بەخش ئەتتىم ، دەپ قارايمەن .

2006 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا رومان پۈتتى . مەن دەسلەپكى ئورىگىنالنى كۆتۈرۈپ ، نويابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يەنە بىر قېتىم گۇاڭجۇغا باردىم ۋە ئۇ يەردىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئەسەرنى كۆرسەتكەچ ، بەزىبىر ئېنىقسىز ، ئىشەنچسىز تەرەپلىرىـ نى قايتا ئىشلەپ ، 2007 ـ يىلىنىڭ ھارپىسىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم . ئاندىن ئاققا كۆچۈرۈپ تەييار قىلغاندىن كېيىن ، داڭلىق ئوبزورچى ، ستۇدېنتلىق ۋاقتىمىزدىن باشلاپلا ، ئەدەبىـ يات ئىشلىرىنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىدىغان ساۋاقداش بۇرادىرىم مۇھەممەد پولاتنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا بەردىم . مۇھەممەد پولاتمۇ ناھايىتى تېزلا كۆرۈپ بولدى ۋە ماڭا تېلېفون بېرىپ قايىللىق بىلەن : «ئەخەت ، رومانىڭ ياخشى چىقىپتۇ ، خىسلەتنىڭ ئېچىـ نىشلىق تەقدىرى يېزىلغان سەھىپىلەرنى ئوقۇۋېتىپ كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى ...» دەپ ، ئۆزىنىڭ سەمىمىي تەسىراتىنى بىلدۈردى . كېيىن شۇ تەسىراتلارنى كىرىش سۆزى سۈپىتىدە ئەسەرنىڭ باش قىسمىغا يېزىپ بەردى .

مانا بۇلار مېنىڭ يېقىندا «شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان «قاباھەت» ناملىق رومانىنى يېزىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلار .

بەدىئىي ئەسەر مەيلى تارىخ ھەققىدە يېزىلسۇن ، مەيلى زامان ھەققىدە يېزىلسۇن ، بىرلا ئىزگۇ مەقسەتكە — ئىنسان بەخت ـ سائادىتىگە خىزمەت قىلىدۇ . ئەگەر مەن «قاباھەت» رومانى بىـ لەن شۇ مەقسەتكە ئاز ـ تولا يېقىنلاشقان بولسام ، ئۆزۈمنىڭ بىر يىللىق جاپالىق ئەجرىدىن پەخىرلىك ھېس قىلىمەن !

2008 ـيىل ئاۋغۇست ، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاش — ئەدىبلەرنىڭ بۇرچى

— يازغۇچى ، ژۇرنالىست ئەخەت تۇردى بىلەن سۆھبەت

مەن ئەخەت تۇردى ئاكىنىڭ ئىجادىيەت ئىشى بىلەن قەشقەرگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ، ئۇنى زىيارەت قىلىش ئىستىكىدە ئۇ چۈشكەن مېھمانخانىغا ئىزدەپ باردىم .

ئەخەت تۇردى ئاكا داڭلىق يازغۇچى ، ژۇرنالىست بولسىمۇ ، ناھايىتى كەمتەر ، كىچىك پېئىل ئادەم ئىكەن . ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىشىمگە ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ ، مېنى قىزغىن قارشى ئالدى . بىز قىسقىچە ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ، قىزغىن سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتتۇق .

مەن سۆھبەتنىڭ ئاساسىي تېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ، ئۇ ناھايىتى قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى بەردى . سۆھبىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى سوئال ـ جاۋاب تەرىقىسىدە رەتلەپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى ۋە ژۇرنىلىمىز ئوقۇرمەنلىرىگە سۇندۇم .

**تۇرسۇن پازىل :** ئەخەت تۇردى ئاكا ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ نامى «قەشقەر» گە ئۆزگەرتىلىپ ، 2005 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن تا ھازىرغىچە 10 سان ژۇرنال نەشر قىلدۇق . راست گەپنى ئېيتقاندا ، يېڭىدىن قۇرۇلغان ژۇرنال تەھرىراتىدىكىلەرنىڭ ئاز ـ تولا ئەدەبىي ئىجادىيەت تارىخىمىز ۋە تەھرىرلىك قابىلىيىتىمىز بولسىمۇ ، لېكىن بىز ئۆزىمىزنى

ژۇرنال نەشر قىلىشنىڭ ھەقىقىي ئەھلى دەپ ئېيتالمايمىز. شۇنداقتىمۇ ژۇرنىلىمىزغا نىسبەتەن بىزگە كەلگەن ئىنكاسلارنىڭ كۆپىنچىسى ژۇرنالنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش بولدى. تىنىك تومۇر-مىزغا تەگكۈدەك پىكىرلەرنى بەرگەنلەر يوق دېيەرلىك. ئۆزلىرى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئۇزۇن يىل مۇھەررىرلىك قىلغان بىر پەر-ۋىشكار ژۇرنالىست، ژۇرنال نەشرىياتچىلىقىدا تەجرىبىلىرى ئىنتايىن مول. ئۆزلىرى ژۇرنىلىمىزنى كۆرگەن بولۇشلىرى مۇمكىن. ژۇرنىلىمىزنىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى، ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ژۇرنال تەھرىرلىكىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىش ئۇ-چۇن قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكى، بولۇپمۇ ژۇرنال مۇھەررىر-لىرىنىڭ ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشتە قايسى جەھەتلەردىن تەر-بىيىلىنىشىمىز كېرەكلىكى توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىلا؟

**ئەخەت تۇردى:** مېنىڭچە، «قەشقەر» ژۇرنىلىمۇ باشقا ژۇرناللارغا ئوخشاش ياخشى چىقىۋاتىدۇ. «قەشقەر» (ئەسلىدى-كى قەشقەر ئەدەبىياتى) ژۇرنىلى يەرلىك ژۇرناللار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن نەشر قىلىنغان تۇغۇندا ژۇرنال. ئۇ ئەڭ دەسلەپكى شېىنگ-راپ نۇسخىسىدىن ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلىپ، خەلقىنىڭ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئاخىر بۈگۈنكىدەك كۆپ سەھىپىلىك، رەڭدار، مەزمۇنى چوڭقۇر، زامانىۋى ژۇرنالغا ئايلاندى. بۇنىڭدا، مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 35 يىللىق ھايات مۇساپىسى ئۇچۇن قان - تەر سىڭدۈرگەن نۇرغۇن پىشقەدەم يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئەجرى، تۆھپىسى بار، ئەلۋەتتە. ژۇرنال شۇ ئاساستا ئەۋلاددىن ئەۋلادلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئۈمىدلىك، ئىنتىلىشچان، جاسارەتلىك ياشلىرىمىزنىڭ جاپالىق، مىننەتسىز ئەمگىكى بىلەن تېخىمۇ جانلىق، ياخشى چىقىۋاتىدۇ. مەن «قەشقەر» ژۇرنىلىنى ئۈزۈلدۈرمەي كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ھەر قېتىم ژۇرنالنى قولۇمغا ئېلىپ

كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭدىن ئەزىزانە يۇرتۇمنىڭ ھىدىنى پۇرايمەن.

ھايات يولى ئەگرى ـ توقاي بولغانغا ئوخشاش، بىر ژۇرنال-نىڭ نەشر مۇساپىسىمۇ ھەمىشە تۈپتۈز بولمايدۇ. بەزىدە ئۇنىڭمۇ كۆز تېگىپ، ئۈششۈك چۈشىدىغان ۋاقىتلىرى بولۇپ قالىدۇ. ئەسلىدىكى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىمۇ بۇنداق قىسمەتتىن خالىي بولمىدى. ئەڭ ياخشىسى مەسىلە كۆرۈلمەسلىكى كېرەك. شۇڭا، ھەرقانداق يازغۇچى، ھەرقانداق ژۇرنالىست دەۋرنىڭ ئۆزلىرىگە قويغان تەلەپلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتلىرىنى چۈشىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر جەريان كېتىدۇ. بۇ جەرياندا بەلكىم مۇھەررىرلەر بىر مەزگىل «سۈتتىن ئاغزى كۆيگەن قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچىدۇ» دېگەندەك روھىي ھالەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈشى مۇمكىن. بۇنى ھەرقانداق ئوقۇرمەن ھېس قىلىشى ۋە چۈشىنىشى كېرەك، ئەل-ۋەتتە. مەن «قەشقەر» ژۇرنىلىنىڭ نەتىجىلەرنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز مۇساپىسىدە يۈز بەرگەن قىسمەن سەۋەنلىكلەر-دىن ئىبرەت ئېلىپ، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ مەزمۇنلۇق چىقى-شىغا تىلەكداشمەن ۋە شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنىمەن.

بىر ژۇرنالنىڭ ۋۇجۇدقا كەلمىكى ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئوڭۇشلۇق نەشر قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىشى تېخىمۇ قىيىن. ئۇنىڭغا نەچچە ئەۋ-لاد مۇھەررىرلەرنىڭ قان ـ تەرى، ئەقىل ـ پاراسىتى سىڭىدۇ. شۇنداقكەن، ئۇنىڭدا ئىشلەۋاتقان ھەربىر مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلى-يىتىمۇ ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئۆزىنى ئىنتايىن شەرەپلىك ھېس قىلىشى، مەسئۇلىيەتنىڭمۇ ئېغىرلىقى-نى چۈشىنىشى كېرەك. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ خەلقىگە، ئۆزىنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىغا، ئۆزى ئىشلەۋاتقان ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئەگەر مۇھەررىردە ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىسا، ژۇرنالنى ياخشى

چىقىرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، يارامىلىق بىر مۇھەررىردە تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە شەرت ھازىرلىنىشى لازىم. بىرى، ئۇنىڭدا مىللىي ئەدەبىياتقا بولغان ئىنتايىن قايناق مۇھەببەت بولۇشى كېرەك. مانا شۇنداق قاينىاق مۇھەببەت بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، پۈتۈن ئەقىل - ئىدرىكىنى ژۇرنالچىلىق خىزمىتىگە بەخش ئېتەلەيدۇ، بۇ ئىنتايىن مۇھىم. يەنە بىرى، يارامىلىق مۇھەررىردە چوقۇم خېلى كەڭ، ئەتراپلىق بىلىم - سەۋىيە بولۇشى لازىم. چۈنكى، ھەرقانداق بىر يازغۇچى، شائىرنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى مۇھەررىر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەم ئەنە شۇ مۇھەررىر. ئەگەر مۇھەررىرنىڭ بىلىم - سەۋىيىسى يۇقىرى، ئەتراپلىق بولمىسا، ئۇ ھالدا ئەسەرلەرگە ئىلمىي ئاساستا، تارىخىي ۋە ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن توغرا ۋە مۇۋاپىق باھا بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، مۇھەررىردە چوقۇم مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسى بولۇشى لازىم. ھەتتا ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورنىڭ بىلىدىغانلىرىدىنمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇرراق بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئۇ، ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىنى توغرا پەرق ئېتەلەيدۇ، ئەسەرگە لىللا باھا بېرەلەيدۇ. ئۈچىنچىسى، يارامىلىق بىر مۇھەررىردە چوقۇم ئالىيجاناب پەزىلەت بولۇشى لازىم. ئۇ خىزمەتتە، ئاپتورلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە غەرەزسىز، ئاداۋەتسىز بولۇشى، ژۇرنالنى بىرەر گۇرۇھنىڭ ياكى بىرەر شەخسنىڭ مۈلكى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ، ئومۇمنىڭ مەنىۋى بايلىقى دەيدىغان قاراشنى تىكلىشى لازىم. ئۇنداق بولمىسا، ئۆزىگە يېقىن ئاپتورلارنىڭ ناچار ئەسىرىنى ئېلان قىلىۋېتىدىغان، ئۆزىگە يىراق ئاپتورنىڭ ياخشى ئەسىرىنى باستۇرۇپ قويىدىغان ناچار ئەھۋالغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر مۇھەررىردە مەنپەئەتپەرەسلىك، غەرەزلىك كەيپىيات بولۇپ

قالسا ، بۇ تېخىمۇ يامان بولغىنى ! بۇ ھالدا ژۇرنالىستنىڭ ئۇمۇمىي سەۋىيىسىگە ، سۇپىتىگە ، ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مۇھەررىردە ئالىيجاناب پەزىلەتنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم .

بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇپ قويغۇم كېلىدۇكى ، «نامسىز قەھرىمان» دەپ تەرىپلىنىدىغان جاپاكەش مۇھەررىرلەرنىڭ قارىشىدا تۇرغان ئاپتورلاردىمۇ مۇھەررىرلەرنىڭ پىكرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللايدىغان قىزغىن ، كەمتەر ، سەمىمىي پوزىتسىيە بولۇشى لازىم . ئۇلار ھە دېگەندىلا ، مۇھەررىرلەردىن ئاغرىنسا توغرا بولمايدۇ . ئۇلاردىمۇ چوقۇم مۇھەررىرلەر بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان ، ئۇلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆز ئەسىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئەخلاق - پەزىلەت بولۇشى لازىم . بولمىسا ئۇلار ھەمىشە ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان ، ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان مەمەدانلاردىن بولۇپ قالىدۇ .

**تۇرسۇن پازىل :** مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ، ئۆزلىرى ۋايىغا يەتكەن ژۇرنالىست بولۇپلا قالماي ، يەنە بىر مەشھۇر يازغۇچى ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتىدا رومانچىلىقنىڭ ۋەزىيىتى ، ئورنى قانداق بولۇۋاتىدۇ ، بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا ؟

**ئەخەت تۇردى :** ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن شېئىرىيەت مىللىتى دەپ قارىلىپ كەلگەن . دېمىسىمۇ ، شېئىر ھەرقانداق مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ تۈپكى ئەدەبىي شەكلى . ئەمما 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى پروزىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولدى . بۇنىڭدا رومان تۈۋرۈكلۈك رول ئوينىدى . يۇقىرى سەۋىيىلىك رومانلار مىللەت ، دۆلەت چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقى

بولۇپ قالدى. دېمەك، بۇ دەۋردە پروزىنىڭ تەرەققىياتى تېز ۋە ئالەمشۇمۇل بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مانا شۇ دۇنياۋى يۈزلىنىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، پروزا ژانىرى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۈگۈنگە كەلگەندە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا، جۈملىدىن رومانچىلىق ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قالدى. بۇنى ھەقىقەتەنمۇ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش دېيىشكە بولىدۇ. رومان ھەم يىرىك، ھەم ئېپىك ژانىر. ياخشى بىر روماننى ئوقۇغان ئادەم خۇددى يېڭى بىر دۇنياغا كىلىپ قالغاندەك، يېڭى ئالەم، يېڭى ئادەم ۋە شۇ ئادەملەرنىڭ خىلمۇ خىل تەقدىر ـ قىسمەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. مانا شۇنداق ئۇچرىشىش جەريانىدا، ئوقۇرمەنلەر بۇ ئەسەرلەردىن بەزى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، بەزى نەرسىلەرنى رەت قىلىدۇ، بەزىلەرگە مۇھەببەت باغلايدۇ، بەزىلەردىن نەپرەتلىنىدۇ، بەزى نەرسىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، بەزى نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن تارىخىي بىلىمگە، چوڭقۇر ئىجتىمائىي تەربىيىگە، زور مەنىۋى ئوزۇققا، چوڭقۇر ئېستېتىك زوققا ئىگە بولىدۇ. دەرۋەقە، ئەدەبىيات، جۈملىدىن رومانلار دۇنيانى ماددىي جەھەتتىن ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەمما، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇ، ئادەم بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ بارىدۇ. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، روماننى دەۋرنىڭ ئەينىكى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى، مىللىي پسىخىك ھالەتنىڭ كۆزنىكى دېيىشكە بولىدۇ. رومان ئۆزىدە بىر دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ شۇ دەۋردىكى پۈتكۈل تارىخىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەچكە، لۇشۈن ئەپەندى ئۇنىڭغا «بىر دەۋرنىڭ خاتىرە مۇنارى» دەپ تەبىر بەرگەن. بالزاكمۇ «رومان مىللەتنىڭ مەخپىي تارىخى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە» دېگەن. بۇ يەردىكى «مەخپىي» سۆزىنىڭ مەنىسى

www.uyghurkitap.com

مېنىڭچە، روھىي دۇنيا تارىخى، مەنىۋى تۇرمۇش تارىخى دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دېمەك، رومانىدا بىر مىللەتنىڭ مىللىي تۇرمۇشى، يىراق - يېقىن تارىخى، پسىخىكىسى ۋە ئەقىدە - ئېتىقادى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. مانا شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رومانچىلىق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ۋە شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنى كۆتۈرۈشتە غول تۈۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان ژانىر. نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەنە شۇنداق رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ.

**تۇرسۇن پازىل:** ئۆزلىرى يۇقىرىدا رومانچىلىقىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئورنى توغرىسىدا ناھايىتى جەۋھەرلىك پىكىر قىلدىلا، سىلىنىڭچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەنە شۇنداق مۇھىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقان رومانچىلىقىمىزنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

**ئەخەت تۇردى:** مېنىڭچە بۇ خېلى چوڭ مەسىلە. مېنىڭ كۆز قاراشلىرىم بىلەنلا بۇ مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى بىلەن ئوبزورچىلار ئەتراپلىق، كونكرېت باھا بېرىشى كېرەك. مەن پەقەت بىر ئاپتور ھەم بىر ئوقۇرمەن سۈپىتىدە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۆزۈم ئوقۇغان بىر قىسىم رومانلار توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىمنىلا سۆزلەپ ئۆتەي.

ئالاھىدىلىك دېگەندە، مېنىڭچە بىرىنچىدىن، بىرمۇنچە رومانلىرىمىز مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ بەدىئىي مەنزىرىسىنى خېلى يارقىن سىزىپ بېرەلىدى. بىر قىسىم رومانلار مۇئەييەن ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇق بىلەن خېلى زور بەدىئىي كەڭلىك يارىتالىدى. چوڭقۇرراق قارايدىغان بولساق، بەدىئىيلىكى مۇكەممەل، ئىدىيىسى چوڭقۇر، تارىخىي بىلىملەر ۋە تۇرمۇش پاراستىگە باي بولغان، كىشىلەرگە بەدىئىي زوق ۋە ھوزۇر بېغىشلايدىغان

رومانلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بىز ئۇلاردىن دۆلەت-نىڭ، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە ئۆز تەقدىرى توغرىسىدىكى ئۆتكۈر قاراشلارنى، يولداشلىق، سەپداشلىق، روھلۇق، ئۈمىد-ۋارلىق ۋە مۇھەببەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر-نىڭ ھەققانىي تەسۋىرىنى، يارقىن بەدىئىي مەنزىرىسىنى كۆرەلەي-مىز. ئىككىنچىدىن، بىر تۈركۈم رومانلىرىمىز بۇرۇنقى ئەنئە-نىۋى رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، بايانچىلىقتىن روھىي دۇنيانى ئىچىشقا قاراپ يۈزلەندى. پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك ھالىتىنى تەسۋىرلەش جەريانىدا نۇرغۇن پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى، تۇرمۇش ھېكمەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇردى. ئۈچىنچىدىن، يازغۇچىلىرىمىز يېقىنقى زامان تارىخىمىزنى ھەر تەرەپتىن يورۇتۇپ بەردى. شۇن-داقلا ئۇزۇن ۋاقىت چەكلەنگەن رايون بولۇپ كەلگەن يىراق تارىخىمىزنى يېزىش جەھەتتە ئىزدەندى، كۈچ سەرپ قىلدى، رېئال تۇرمۇشىمىز توغرىسىدىمۇ دادىل قەلەم تەۋرىتىپ، ئاددەم-لىرىمىزنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقى، قانداق ياشاۋاتقانلىقى ئۈستىدە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ ما-ھىيىتىنى چىنلىق بىلەن ئېچىپ بەردى.

قىسقىسى، بىر تۈركۈم تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىلىرىمىز يۈكسەك جاسارەت بىلەن تۇر-مۇشنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق، ئەھمىيەتلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق خەلقنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىردى، بىر تۈركۈم نادىر رومانلارنى خەلققە تەقدىم قىلدى.

**تۇرسۇن پازىل:** ئۆزلىرىنىڭ قارىشىچە، رومانچىلىقىد-مىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا يەنە ساقلىنىۋات-قان مەسىلىلەر ياكى يېتەرسىز تەرەپلەرمۇ بارمۇ؟

**ئەخەت تۇردى:** ئەلۋەتتە بار، ھەرقانداق مەسىلىنىڭ

ئىككى تەرىپى بولىدۇ ـ دە! مېنىڭچە، ياخشى بىر رومان ئىنسانىيەت تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. كىتابنى مەلۇم شەخس يازغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالدى بىلەن، يازغۇچى ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، خەلق ئارىسىدا ياشايدۇ. شۇڭا، خەلقنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرلا ئۇلۇغ بولالايدۇ. ئەلۋەتتە، يازغۇچى بۇ خىل تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى پەقەت ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەم كونكرېت ھەم يارقىن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ رومانلىرىمىزدا ئوبراز يارىتىش تېخى يېتەرلىك، چوڭقۇر ئەمەس. بىزدە تېخى خەلق ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن شانلىق ئوبرازلار كۆپ ئەمەس. مەسىلەن ئاكيودەك، گىرىنگورددەك، بىلكوپتەك، چىچىكوپتەك، دونكىخوتتەك... بۇ ئوبرازلار خەلقنىڭ تىلىغا، دىلىغا سىڭىپ كەتكەن، ئۇلار تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ خىل خاراكتېر ۋە مىجەز ـ خۇلقتىكى ئادەملەرنىڭ تىپى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىمگە ۋە نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى كىشىلەر بىر ئاڭلاپلا چۈشىنىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ رومانلىرىمىزدا يارىتىلغان ئوبرازلار تېخى ئۇ دەرىجىدە پىشىپ يېتىلگەن، خەلقنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئەمەس. بۇ تالانت ۋە ماھارەت مەسىلىسى بولغاچقا، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ، ئۆز تالانتى ۋە ماھارىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، تىل مەسىلىسى. بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ تىل جەھەتتە تەربىيىلىنىشى ئاجىز. مېنىڭچە، ئادەتتىكى سالام خەت تىلى بىلەن ئوبدان، گۈزەل ئەسەر يازغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى. ھەقىقىي يازغۇچى تىل ئارقىلىق ھەرقانداق بىر ئادەم بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالايدۇ. شۇنداق ئىكەن، تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمىگەن ئادەمنى يازغۇچى دېگىلى

بولمايدۇ . بەزى ئەسەرلەر ۋەقە ، ئوبراز جەھەتتە ئاجىز بولسىمۇ ، لېكىن تىلى پىششىق ، گۈزەل بولغاچقا ، يەنىلا ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدۇ ، ئوقۇغان ئادەم تاتلىق مەي ئىچكەندەك ھۇزۇرلىنىدۇ . ئۇيغۇر تىلى — ئىپادىلەش كۈچى ئىنتايىن باي ، ئەۋرىشىمچانلىق-قا ئىگە پاساھەتلىك تىل . تولىستوي : «تىل — مىللەتنىڭ قەلبى ، تىل — غايە ، تۇيغۇ ۋە تەپەككۇرنىڭ جانلىق مۇجەسسەم-لىنىشى ! » دېگەن . شۇڭا ، ئانا تىل — بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىل . يازغۇچىلىرىمىز ئانا تىلىنى پىششىق ئۆگىنىشى ، ئىگىلىشى ۋە ئەسەر يازغاندا خۇددى ئالتۇن چايقايدى-غان كان ئىشچىلىرىغا ئوخشاش ، ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلام-لىرىدىن كەم ئۇچرايدىغان بىباھا سۆزلەرنى قېزىپ چىقىپ ئىش-لىتىشى كېرەك .

ئۈچىنچى ، ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى قاتماللىق . ئىجادىيەت بەربىر ئىجادىيەت . ئۇنىڭدا خەق نېمىنى دېسە شۇنى دېگىلى بولمايدۇ . ئەمما ، بىزنىڭ رومانلىرىمىزدا يېڭىلىق ئانچە كۆپ ئەمەس . يەنىلا شۇ سەدىردىن ئەيىنى ، بالزاكلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قوللانغان بايان ، دىئالوگ ، تەبىئەت تەسۋىرى ، لىرىك چېكىنىش دېگەندەك كونا ئۇسۇل . ئەمما ، دوستويېۋسكى ، چىڭغىز ئايتماتوۋ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇنداق ئەمەس . ( «قىيامەت» نى ئوقۇغان ئادەمدە خۇددى زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ كەتكەنلىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ ) . مېنىڭچە ، ھەرخىل ئىزىملارنى ئۆگى-نىپ ، ئۆز ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساق بولىدۇ . ئىزىم ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ . لېكىن ئىدىيىنى شەكىللەن-دۈرىدۇ . شۇڭا ، يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى ھەرخىل ئىزىم-لاردا ئىپادىلەپ ، يېڭى - يېڭى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى ئىزدەپ باقسا بولىدۇ .

**تۇرسۇن پازىل :** ئۆزلىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللى-رىدىن باشلاپ ، بىر نەچچە رومان يازدىلا ، بۇ رومانلار ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

«ئۆنتۈلغان كىشىلەر»، «ئاي يامغۇرى»، «سەرسان روھ»، «بەختسىز سەئىدىيە» قاتارلىقلار جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ، «سەرسان روھ» ناملىق رومانلىرى 2002- يىلى ۋە 2004- يىلى ئىككى قېتىم مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئۆزلىرىگە ۋە خەلقىمىزگە شەرەپ كەلتۈردى. مەن ئويلايمەن، ئۆزلىرى قانداقسىگە مۇشۇنداق چەت ئەلدىكى ۋەتەنداش، قېرىنداش مۇھاجىرلارنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئەسەر يېزىشنى ئويلاپ قالدىلا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ روماندا جانلىق دېتاللار خېلى كۆپ، چېگرا سىرتىدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق ئۆگەندىلە؟ بۇ مەن ۋە باشقا ئوقۇرمەنلەر ناھايىتى قىزىقىدىغان مەسىلە، تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا؟

**ئەخەت تۇردى:** مېنىڭ ئەڭ بەختلىك چاغلىرىم — كىتابلىرىم ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ لىللا باھاسىنى ئاڭلىغان چاغلىرىم بولدى. ئەلۋەتتە، لىللا باھاغا ئېرىشمەكمۇ ئاسان ئەمەس! بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن، يازغۇچى پۈتۈن ئىلھامىنى، تالانتىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى خەلقكە، خەلقنىڭ ئارزۇ- ئۈمىدلىرىگە بېغىشلىشى كېرەك.

«سەرسان روھ» ئاساسەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەسەر. ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى خۇددى مۇھەببەت تېمىسىغا ئوخشاش مەڭگۈلۈك، مۇقەددەس تېما. بۇ گەرچە كونا گەپ بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىر يازغۇچى، شائىرنىڭ قولىدا ئۆزگىچە پىكىر، ئۆزگىچە تۈس ۋە ئۆزگىچە ھېسسىيات بىلەن يېڭىلىنىپ، چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق يازغۇچى، شائىر ئالدى بىلەن قەلبىگە ئۆز خەلقىنى، ئانا يۇرتىنى سىڭدۈرگەن بولىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك — ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈ- ساداقەت، ئۇنىڭ قايغۇ ۋە شادلىقىغا ئورتاقلىشىش، ئۇنىڭ ھەربىر تال گىياھى، ھەرتامچە سۈيىنى تۇتىيا بىلىش، ئۆز تەقدىرىنى

ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلاش ، ۋەتەننىڭ شەرەپ ، ئىستىقبالى ، كەلگۈسى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىسى ئارقىلىق كونكرېتلىشىدۇ . ۋەتەن دېگەن ئۇقۇمنى بىر پەيلاسوپ مۇنداق كونكرېتلاشتۇرغان : «ئانا قورسىقى بىرىنچى ۋەتەن ، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئائىلە ئىككىنچى ۋەتەن ، ئۆسۈپ زورايغان يۇرت - مەھەللە ئۈچىنچى ۋەتەن ، ئۆلگەندە ياتىدىغان تۇپراق تۆتىنچى ۋەتەن ، شۇ ئىنسان تەۋە بولغان دۆلەت بەشىنچى ۋەتەن» . دېمەك ، «سەرسان روھ» ئەنە شۇنداق مەڭگۈلۈك ۋە شەرەپلىك تېما بولغان ۋەتەن سۆيگۈ-سىگە ، يۇرت سۆيگۈسىگە بېغىشلانغان رومان . بۇ ھەقتە مەرھۇم يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەۋەررۇك ئەسى-رى «‹سەرسان روھ›نىڭ گۈزەل ئىستەكلىرى» ناملىق ئوچۇق خېتىدە ناھايىتى مېغىزلىق ، تەسىرلىك بايان قىلغان . شۇڭا مەن كۆپ توختالمايمەن .

مەن بىرنەچچە قېتىملىق چەت ئەلگە چىقىش جەريانىدا ، بولۇپمۇ ، 1991 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىش جەريانىدا ، نۇرغۇن ۋەتەنداش قېرىنداشلار بىلەن ئۇچراشتىم . ھەرخىل سە-ۋەبلەر بىلەن تۈركىيە ، پاكىستان ، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇ-راقلىشىپ قالغان يۇرتداشلار بىلەن تونۇشتۇم ، سىرداشتىم ، مۇڭداشتىم . بۇ چاغدا مېنى قىزىقتۇرغىنى ، ئۇلارنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقى ئەمەس ، بەلكى قانداق ئويلاۋاتقانلىقى بولدى . مەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ۋەتەنگە بولغان بېسىلغۇسىز بىر تەلپۈنۈش-نىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى سەزدىم . ئۇلار گەرچە ماددىي جەھەتتە باياشات ، ئۆزى خان ، ئۆزى بەگ ياشاۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما روھىي جەھەتتە ئىنتايىن زەئىپ ، ئىنتايىن غېرىب ، ئىنتايىن مىسكىن ئىدى . بۇ ھال مەندە چوڭقۇر بىر ھېسداشلىقنى ئويغات-تى . ھېسداشلىق ئاخىر بېرىپ قەلبىمدە كۈچلۈك ئىجادىي ھايا-جان پەيدا قىلدى . مەن ئەنە شۇ ئىجادىي ھاياجاننىڭ تۈرتكىسى

بىلەن 1995 ـ يىلى فېۋرالدا ئىككىنچى قېتىم سەئۇدى ئەرەبىس-
تانغا بېرىپ رەسمىي تۇرمۇش ئۆگىنىش ، كۆزىتىش ۋە ماتېرى-
يال توپلاش بىلەن شۇغۇللاندىم . ئەمما ، ئىشلىرىم ھەدېگەندە
ئۇنچە يۈرۈشۈپ كەتمىدى . نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا
دۇچ كەلدىم. بولۇپمۇ ھەرخىل تەبىقىدىكى ئادەملەر بىلەن سۆز-
لەشكەندە ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلمىدىم .
ئۇلار مېنىڭ سورىغان ھەرخىل سوئاللىرىمغا بىر نەچچە ئېغىز
يۈزەكى ھەم تومتاق گەپلەر بىلەنلا جاۋاب بېرىپ بولدى قىلاتتى .
يۈرەك سىرلىرىنى ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلىنىپ
كېلىۋاتقان ئازاب ۋە خۇشاللىقلىرىنى ئېيتىپ بەرمەيتتى . گەرچە
بىزنىڭ تىلىمىز ، چىرايىمىز ، ئېتىقادىمىز ئوخشاش بولسىمۇ ،
ئەمما بىزنى يەنىلا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئوخشاش
بولمىغان ئىككى دۆلەت ئايرىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ،
مەن يەنىلا بىر سىرلىق ئادەم ئىدىم . بۇ ھالدا ئانچە ـ مۇنچە
ئاڭلىغان ، كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم ئاساسىدا تەسەۋۋۇرغا ، تو-
قۇلمىغا تايىنىپ بىرەر ئەسەر يازساممۇ يازغىلى بولاتتى . ئەمما
مۇنداق ئەسەرنىڭ پېرسوناژلىرى مۇئەللەقتە ، سۇژېت ـ تەپسى-
لاتلىرى ئىشەنچسىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . دېمىسىمۇ ،
ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەن يازغان ئەسەردىن ئۆگىنىدىغىنى تۇرمۇش
ئەمەس ، بەلكى ھېسسىيات ، ھېسسىيات بولمىسا ، ھەقىقىي سەن-
ئەتمۇ بولمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، چوقۇم ئۆزۈم يازماقچى بولغان
ئادەملەرنىڭ قەلبىگە بۆسۈپ كىرىشىم ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى
ھەقىقىي سادانى ئاڭلىشىم ، كۆڭۈل ـ كۆكسىدىكى سىرلىق
ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى چۈشىنىشىم كېرەك . ئۇلارنىڭ يات بىر
ئەلدە ، يات مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا 40 — 50 يىل ياشاپ ،
يىلتىز تارتىپ ، ئىگىلىك تىكلەپ ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساق-
لاپ كەلگەنلىكى ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس . بۇ جەرياندا ئۇلار
غېرىبلىق ، مۇساپىرلىقنىڭ دەردىنى تارتقاندىن تاشقىرى ، يەنە

مىللىي كەمستىش ، مىللىي خورلۇقنىڭ دەردىنىمۇ يەتكۈچە تارتقان . بۇنى ئۇلار ئاغزىدا ئېيتىشقا پېتىنالمىسىمۇ ، ئەمما بۇ هال ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ، يۇرت ـ ۋەتەن توغرىسىدىكى ھەسـ ـرەتلىك سۆزلىرىدىن مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ . دېمەك ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئېيتىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن يۇرەك سۆزلىرى ، نۇرغۇن نازۇك پىكىرلىرى بار . مەن چوقۇم ئاشۇ نەرسىلەرنى ئىگىلىشىم كېرەك .

مەن ئەنە شۇنداق نىيەتتە يۇرگەن كۈنلىرىمدە ، مەككىدە مۇھەممەد قاسىم ھاجى دېگەن كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم . بۇ كىشى مەككىدىكى ۋەتەنداشلار ئىچىدە خېلى ئوقۇمۇشلۇق ھېسابـ ـلىنىدىغان ئادەم ئىكەن . ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپتىـ ـكەن . كېيىن ، بىر مەزگىل جىددە رادىئو ئىستانسىسىدا ئىشلەپـ ـتىكەن ، مەن بۇ ئادەمگە ئۆزۈمنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارەتكە كېلىش مۇددىئايىمنى سەمىمىيلىك بىلەن چۈشەندۇردۇم ، بىرەر كىتاب يېزىپ ، يېرىم ئەسىردىن بۇيان چەت ئەللەردە قاڭقىپ يۇرگەن ۋەتەنداش قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن ھاياتلىق ئابىدىسى تىكلىمەكچى بولغانلىقىمنى ئېيتتىم . بۇ كىشى مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەندى ۋە بىرىنچى بولۇپ سەمىمىي ھەم كەڭ ـ كۈشادە سىرداشتى . مەن بۇ ئادەمدىن نۇرغۇن تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولدۇم ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ چىقتىم . مانا شۇ ئادەم ئاخىر «سەرسان روھ» رومانىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ ئەكبەرنىڭ پروتوتىپى بولۇپ قالدى .

مۇھەممەد قاسىم ھاجى بىلەن تونۇشۇش مېنىڭ زىيارەت يوللىرىمنى كەڭرى ئېچىۋەتتى . ئۇ ئادەم مېنى تائىف ، مەدىنە ، جىددە قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ ، نۇرغۇن ۋەتەنداشلار بىلەن ئۇچراشتۇردى ، نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى . بۇ جەرياندا ، قىزىل دېڭىز بويلىرىنى ئايلىنىپ ، پايانسىز دېڭىز بىلەن تونۇشتۇم ، گىل رەڭلىك كۆيۈك تاغلارنى ، قۇياش

يىلىنجاپ تۇرغان قاقرام چۆللەرنى ئارىلاپ ، سەئۇدى ئەرەبىستانى-
نىڭ ئۆزگە خاس تەبىئىي مۇھىتى تۇغرىسىدا بىۋاسىتە
تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم .

مەن سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى 45 كۈنلۈك زىيارىتىمنى
ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن ، ئون نەچچە كۈن پاكىستاندا
زىيارەتتە بولدۇم . رومانىدىكى «لاھور تۇرمىسىدە» بابىدا سۆزلەن-
گەن ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى ئەنە شۇ يەردە ئۆگەندىم . ۋەتەنگە قايتقان-
دىن كېيىنمۇ بۇ ئىشلار توختاپ قالمىدى . قەشقەر ، خوتەن ،
كۇچا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ، ئەينى يىللىرى ئون نەچچە ياش
چاغلىرىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە ھەجگە بېرىپ كەلگەنلەردىن
ھايات بارلىرىنى تېپىپ ئەھۋاللاشتىم . بۇلارنىڭ ئىچىدە مارالۋې-
شى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىسىدىكى 70 نەچچە ياشلىق بىر دىنىي
ئۆلىما بىلەن كۇچادىكى بىر پېشقەدەم كارۋان بېشى مېنى ئەينى
چاغدىكى پاكىستاننىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ، تەبىئىي تۇرمۇشى
ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى ... شۇنىڭغا
يارىشا تەسىراتلىرىممۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ ،بەدىئىي پە-
كىر يۇرگۈزۈش دەرىجىسىگە يەتتى .

ھەممىگە مەلۇمكى ، بەدىئىي پىكىر يۇرگۈزۈش بەئەينى تى-
رىك ئورگانىزىمغا ئوخشايدۇ . ئۇ سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا سىز
بىلەن بىللە ياشايدۇ ، تەرەققىي قىلىدۇ ، ئۆزگىرىدۇ . شۇنىڭ
بىلەن ، كاللامدا «سەرسان روھ» رومانىدىكى ھەرخىل ئوبې-
رازلار ، كارتىنىلار جانلىنىشقا باشلىدى . ھەرخىل ئادەملەرنىڭ
ھايات كەچۈرمىشلىرى ، تەقدىر - قىسمەتلىرى مېنى ئۆزگىچە
جەلپ قىلىپ ، كۈچلۈك بىر ئىجادىي ھاياجان قوزغىدى . مەن
شۇ ئاساستا يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كەتتىم . ھەقىقىي پېرسوناژ-
لار ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەملەردىن كېلىدۇ . «سەر-
سان روھ» تا يارىتىلغان ۋە بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان
ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي

ئادەملەردىن كەلگەن . ئەينى چاغدىكى خاتىرە دەپتىرىمدە ئەنە شۇنداق يىلتىزى بار . ئىسمى بار ، ئادرېسى بار ئادەملەرنىڭ تىزىملىكى هازىرمۇ تۇرۇپتۇ . بۇ ئادەملەرنىڭ هايات كەچۈرمىش-لىرى ،قايغۇ ۋە خۇشاللىقلىرى ، ئۇلار دۇچ كەلگەن تەقدىر - قىسمەتلەر مېنىڭ هەرخىل پېرسوناژلىرىمنى ئۇلار دەسسەپ تۇ-رىدىغان زېمىن ۋە ئۇلارنى جانلاندۇرىدىغان قان بىلەن تەمىن ئەتتى…

ياخشى بىر رومان يېزىش ئۈچۈن يازغۇچى پۈتۈن كۈچىنى ، پىكرىنى ۋە هېسسىياتىنى سەرپ قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ يازغۇچى قەلبىنىڭ ئېچىلىشى ، ئاشكارىلىنىشى هېسابلىنىدۇ . رومان ئې-لان قىلىنغاندىن كېيىن شۇنداق بولدى . هەر هالدا مەن ئۆز مۇددىئايىمغا يەتتىم ، دېسەم بولىدۇ . چۈنكى ، مەن بۇ ئەسەر ئارقىلىق ۋەتەننىڭ هەقىقەتەنمۇ بۈيۈك ، تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇقى-نى ، ئانا يۇرتنىڭ هەقىقەتەنمۇ سۆيۈملۈك ، ئىللىق تۇپراق ئىكەن-لىكىنى ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان هەرقانداق ئادەم خۇددى مىرزائاب-دۇقادىر بېدىلنىڭ :

«پايدا دەپ كىمكى ۋەتەندىن كېچەر ،
يات ئەلگە مېهرىنى قويالماي ئۆتەر .
تاشتىن گەر ئاجرىلىپ چىقسا بىر ئۇچقۇن ،
قانچىلىك ماختىما ، بەربىر ئۆچەر . »

دېگەن رۇبائىيسىدا ئېيتىلغاندەك ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ،ئۇ ماددىي جەهەتتە هەرقانچە باي ، زەردار بولسىمۇ ، ئەمما روهىي جەهەتتە مەڭگۈ سەرسانلىقتا ئۆتىدىغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەرگە هېس قىلدۇردۇم . بولۇپمۇ چەت ئەلدە مۇهاجىرەتتە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئەسەرنى كۆرگەندىن كېيىن ، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆت-كەنلىرى يېزىلغاندەك تەسىراتقا كەلگەنلىكلىرىنى ئۇقتۇم .

بەزىلەر خەت يازدى ،بەزىلەر ھەرخىل سەپەرچىلەر ئارقىلىق ئۆز
تەسىرات ۋە ھېسسىياتلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇردى . قىسقىسى،
«سەرسان روھ» رومانىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن سەرپ
قىلغان ئەمگىكىم ئىجادىي ھاياتىمدا ئەڭ يارقىن سەھىپە بولۇپ
قالدى .

ئەگەر ، «سەرسان روھ» رومانىنى ھەقىقەتەنمۇ مۇۋەپپەقىد-
يەتلىك چىققان ئەسەر دېيىشكە توغرا كەلسە ، مېنىڭچە ، ئۇنىڭ
مۇۋەپپەقىيىتى ، بىرىسى ، ئۇنىڭدا دەۋرنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىد-
رى ، زىددىيەتلىرى ، قەھرىمانىنىڭ مۇرەككەپ كەچۈرمىشلىرى ،
ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ،مەنىۋى ئۆزگىرىشلىرى بىر قەدەر جانلىق
ھەم چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتكەن . ئىككىنچىسى ، روماندا ھايات
ھەقىقىتى بەدىئىي ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇلغان . بىر ئەسەردە مەيلى
ئىجابىي ، مەيلى سەلبىي ئوبراز بولسۇن ،ئۇ تىرىك ئادەملەردەك
ئەكس ئېتىشى كېرەك .پېرسوناژلارنىڭ پۈتى يەردىن ئۈزۈلۈپ
قالماسلىقى ، ئوقۇرمەنلەر ئۇنى سۆھبەتلىشىپ يۈرگەن قەدىرداد-
لىرى قاتارىدا ھېس قىلىشى كېرەك . قەغەزگە چۈشكەن نەرسە
چوقۇم بەدىئىي ھەقىقەتكە ئايلىنىشى لازىم . ئۈچىنچىسى ، روماد-
دا دەۋر روھى خېلى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . دەۋر روھىنى
ئەكس ئەتتۈرۈش ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ، خەلق-
نىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىش دېمەكتۇر . يازغۇچى ئوقۇرمەنلە-
رنى ئۆز يۈرىكى ، ئۆز ھېسسىياتى ۋە ئۆز بىلىمى ئارقىلىق
جەمئىيەتكە كۆز سالالايدىغان قىلىدۇ ، شۇنداقلا ئەسەرلىرى ئار-
قىلىق مەنىۋى قىممەتتىكى نېمىنىڭ ياخشىلىق ، نېمىنىڭ گۈزەل-
لىك ، نېمىنىڭ يامانلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرد-
نى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزىدۇ . شۇڭا ، نۇرغۇن ئادەملەر ياخشى
بىر كىتابنى ئوقۇغاندا ، مۇنداق ئاددىي ، ئەمما كۈتۈلمىگەن كەي-
پىياتتىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىدۇ : «توۋا ، بۇ ئىش
مېنىڭ ئۇچرانقانلىرىم ، بېشىمدىن ئۆتكۈزگەنلىرىم ،

كۆرگەنلىرىم بىلەن نېمىدېگەن ئوخشاش ـ ھە ! ؟» دەپ يازغۇ-
چىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ . مانا بۇ ، يازغۇچىنىڭ ئىنچىكە كۆزىتىش
ماھارىتىنىڭ قىيامىغا يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ . مەنمۇ مۇشۇ
ئەسىرىمدە بۇ جەھەتتە خېلى تىرىشتىم ۋە ئىزدەندىم دەپ قاراي-
مەن .

**تۇرسۇن پازىل :** ئۆزلىرى بۇ قېتىم يېڭى رومان ئىجاد-
يىتى بىلەن قەشقەرگە كەپلا ، بايا ئۇنى يېزىپ پۇتتۇرۇشكە ئاز
قالغانلىقىنى ئېيتتىلا ، ئەگەر مەخپىيەتلىك بولمىسا ، بۇ يېڭى
رومانلىرىنىڭ نامى ، مەزمۇنى توغرىسىدا ئاز ـ تولا ئۇچۇر بەر-
گىلى بولارمۇ ؟

**ئەخەت تۇردى :** ئەسلىدە بۇ ئىش مەخپىي بولۇشقا تېگىش-
لىك ئىدى . چۈنكى ، تېخى قولدىن چىقمىغان ئەسەر ھەققىدە
داۋراڭ قىلىش ياخشى ئەمەس كىم بىلىدۇ ، يازغان نەرسە ئاخىر
بېرىپ ، كېرەكسىز پۇچەك نەرسىگە ئايلىنىپ قالامدۇ ياكى نەش-
رىيات سىنزورلىرىنىڭ ئۆتكەلىدىن ئۆتەلمەي ، زاكىسىدا قېرىپ
قالامدۇ ، بۇنىڭغا ھېچكىم ئالدىنئالا بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ . لې-
كىن ، مەن ھازىر ئۇنداق ھېسسىياتتا ئەمەس . چۈنكى ، ئەسەر-
نىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يېزىلىپ بولدى ، بۇنىڭدىن ئۆزۈم را-
زى ، يېزىلىپ بولغانلىرى ئۆزۈمگە يارايدۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن
يازىدىغانلىرىمغىمۇ ئىشەنچىم كامىل . شۇنداق ئىكەن ، قورقماي
ئاشكارىلىسامىمۇ بولىدۇ . لېكىن رومانىنىڭ ماۋزۇسى توغرىسىدا
تېخى ئېنىق بىر قارارغا كەلمىدىم . تۆت ئىسىمنى نامزات قىلىپ
قويدۇم . كېيىن كەسىپداشلىرىم ، مۇھەررىرلەر بىلەن پىكىرلەش-
شىپ بىرىنى تاللىماقچى . بۇ ئىسىملار «قەبرە ئۈستىدىكى ئۇس-
سۇل» ، «رەھىمسىز باھار» ، «قاباھەت» ، «ئۆلۈمسىز ھالا-
كەت» . مېنىڭچە ، مانا شۇ ئىسىملاردىنلا رومانىنىڭ ئاساسىي
مەزمۇنىنى كۆرۈۋالغىلى بولارمىكىن دەپ قارايمەن . دېمىسىمۇ ،
بۇ ئىسىملاردىن تۇرمۇشنىڭ بىر خىل سۇرلۇك ، پاجىئەلىك

پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ .

مەن بۇ رومان ئارقىلىق نۆۋەتتە مىللىتىمىز دۇچ كېلىۋاتـ-قان ئەخلاق ۋە ئەقىدە جەھەتتىكى بۇرۇلۇشلارنى ، قۇرامىغا يەتـ-مىگەن سەبىي ئوغۇل - قىزلىرىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پاجىـ-ئەلىك تەقدىر - قىسمەتلەرنى بەدىئىي يول بىلەن كۆرسىتىپ ، خەلقىمىزگە : «هەي خالايىق !كېلىنچەكنىڭ ئىگىسى بولغان ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ، كەلگۈسىدىكى ئانىلىرىمىزنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ؟ !ئۇلارغا ھىمات بولىدىغان ئادەم يوقمۇ ؟ ! مۇشۇنداق كېتىۋېرىپ ، ئۆز - ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىمىز-مۇ ؟ ! ... » دەپ قاتتىق بىر چۇقان سالماقچىمەن!

مەن بۇ ئەسەرنى يېزىش نىيىتىدە ، ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىـ-دىن بۇ يىلىنىڭ بېشىغىچە جەنۇبىي جۇڭگونىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى چوڭ - چوڭ شەھەرلەرنى ئىككى ئاي ئايلىنىپ تۇرمۇش ئۆگەنـ-دىم ، مېنىڭ نىشانىم — بىر ئوچۇم نادان ، قارام ، بەتنىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ قارا جەمئىيەت تۇسىنى ئالغان رەزىل ، جىنايى قىلمىشلىرى بولدى . مەن بىلگەن بۇ ناكەسلەر تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن مەسۇم ئوغۇل - قىزلىرىمىزنى نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇتقۇن قىلىپ ئاپىرىپ ، ئوغـ-رىلىققا سېلىپ ، ياش هاياتىنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ ، ئانا يۇرتىنىڭ ، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ نامىنى بۇلغاپ ، شەنىگە داغ چۈشۈرۈۋاتىـ-دۇ . ئۇلار يەنە ئەمدىلا بويىغا يەتكەن قىزلىرىمىزنى هەرخىل يوللار بىلەن ئالداپ ئاپىرىپ ، يەر ئاستى بەزمىخانا ، ئىشرەتخانىـ-لارغا خۇددى بىر قاپ تاماكىنى ، بىر شىشە هاراقنى ۋە ياكى بىر پارچە رەختنى ساتقاندەك سېتىپ ، ئۇلارنىڭ ئىپپەت - نومۇ-سىنى ، ئىنسانلىق غۇرۇرىنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتىدۇ . ئۇلار يەنە گۇرۇھۋازلىق ، يۇرتۋازلىق قىلىشىپ ئۆزئارا بازار ۋە سودا تالىـ-شىپ ، بىر - بىرلىرى بىلەن خەلقئالەمنىڭ كۆزىچە ۋەھشىيـ-لەرچە سوقۇشۇۋاتىدۇ . بىر - بىرلىرىنىڭ پۇت - قوللىرىنى

خۇددى قاسساپنىڭ كانارىدىكى گۆشنى كەسكەندەك كېسىپ ئۈزۈ-ۋاتىدۇ!...

مانا بۇلار مەن كۆرگەن رەھىمسىز رېئاللىق. بۇ رېئاللىق ئىچىدە ئادەمنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، سۆيۈندۈرىدىغان، ئۆزىنىڭ ھا-لال، جاپالىق ئەمگىكى بىلەن ھاياتنى بېزەپ، گۈللەندۈرۈۋاتقان يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىجابىي ئىنتىلىشلىرىمۇ بار، ئەل-ۋەتتە. ئەمما مەن بۇ ھەقتە توختالمىدىم، ئۇنى ئوقۇرمەنلىرىم كېيىن رومانىم نەشر قىلىنىپ قالسا، شۇنىڭدىن كۆرۈۋالسىمۇ بولىدۇ. مەن بۇ يەردە پەقەت قەلبىمنى قاتتىق لەرزىگە سالغان، ۋۇجۇدۇمنى سىلكىندۈرگەن، مېنى كۈچلۈك ئىجادىي ھاياجان قوينىغا سۆرەپ كىرگەن تەرەپلەرنىلا سۆزلىدىم.

ھەرقانداق بىر يازغۇچى ئۆز ئۇستىگە پەۋقۇلئاددە مەسئۇلد-يەتنى ئالغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولغان بارلىق ئۆزگىرىشلەرگە مەلۇم دەرىجىدە جاۋابكار دەپ ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە بىر يازغۇچى ھەربىر شەخسنىڭ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەخلاقنىڭ ساپلىقىنى قوغ-داش ئۈچۈن بارلىق روھىي چۈشكۈنلۈككە، رەزىللىككە، مەنپە-ئەتپەرەسلىككە ۋە باشقا ناچار قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىشى لازىم. مەن مۇشۇ ئەسەرنى يېزىشتىن بۇرۇن ۋە يېزىشقا كىرىش-كەندىن كېيىن، ئۆزۈمدە ئەنە شۇنداق بىر مەسئۇلىيەتنىڭ بولۇ-شى كېرەكلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

**تۇرسۇن پازىل**: ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ يېتىلىۋاتقان ياش يازغۇچى، ئاپتورلارغا بىر نەچچە ئېغىز يۈرەك سۆزلىرىنى قالدۇ-رۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ئەخەت تۇردى**: «يۈرەك سۆزلىرى» دېگەن گەپنى ناھايد-تى ياخشى ئېيتتىلا، دېمىسىمۇ، پەقەت يۈرەكتىن چىققان نەر-سىلا يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ. مېنىڭ ياشلارغا ئېيتىدىغان

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى يۈرەك سۆزۈم : ياش يازغۇچىلار ئالدى بىلەن ئەدەبىيات-نىڭ ئىنتايىن مۈشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى ، ئەدەبىياتقا كىرىشنىڭ ئۆز قەلبىگە كىرىش ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم . يېزىقچىلىق بىرخىل كەسىپ ، بىر خىل مۇرەككەپ ، نازۇك ۋە يۈكسەك ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان كەسىپ . ئۇ يازغۇچى قەلبىنىڭ جىددىي ئەمگىكى ، يازغۇچى روھىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يالقۇنلىنىشى . مانا مەن توپتوغرا 48 يىل يېزىقچىلىق قىلدىم ، 40 ـ 50 پارچە ھېكايە ، ئون نەچچە پارچە پوۋېست ، يەتتە رومان ئېلان قىلدىم . ھەقىقىي بىر يازغۇچى بولالىدىممۇ ، يوق ؟ ! مەن بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن . بۇنىڭغا پەقەت خەلق ، ۋاقىت ، تارىخلا جاۋاب بېرەلەيدۇ . ئەگەر بىر زامانلار كېلىپ ئەۋلادلىرىم مېنىڭ قەبرەمنى بۇزۇۋەتمەي ، بەلكى بىرەر تال گۈل قويۇپ ، بىرەر ئەسىرىمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئەسلەپ قويسا ، مەن ئاشۇ 48 يىللىق ئىجادىي ئەجرىمگە رازى بولىمەن !

دېمەك ، ھەقىقىي يازغۇچى بولۇش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس . مېنىڭچە ، ھەقىقىي يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن ، كەم دېگەندە ئۈچ شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك . بىرىنچى ، تالانت بولۇش كېرەك ؛ ئىككىنچى ، جۈرئەت بولۇش كېرەك ؛ ئۈچىنچى ، بىلىم بولۇش كېرەك . مېنىڭ بۇ يەردە ھەقىقىي يازغۇچى دېگىنىم — مىللىي ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان پەزىلەتلىك ، جاسارەتلىك يازغۇچى بولۇشنى كۆرسىتىدۇ . بارلىقىنى بېغىشلاش ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس . بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ . شۇڭا دەيمىزكى ، دۇنيادا ئىككى خىل ئادەمنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ . ئۇنىڭ بىرسى داھىي ، بىرسى يازغۇچى . ھېچكىم بىرەر مىللەت ، بىرەر توپنىڭ ، بىرەر تەبىقىنىڭ يولباشچىسى ، داھىيسىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ چىقىمەن دېيەلمەيدۇ . يازغۇچىنىمۇ شۇنداق . چۈنكى ، ئادەم مۇرەككەپ ، ئۆزگىرىشچان

نەرسە . يازغۇچىنى پەقەت تۇرمۇش يېتىشتۇرۇپ چىقىدۇ ، ئۇ ، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەيدۇ .

تالانت توغرىسىدا ھەممىمىز مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە . مېنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنىم ، بىر يازغۇچىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئىشلىرىغا خېمىرتۇرۇچ بولغۇدەك ئاز ـ تولا تۇغما تالانت بولمىسا ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا داڭلىق يازغۇچى بولۇپ چىقىشى ناتايىن بولۇپ قالىدۇ . دېمەك ، بىر يازغۇچىدا ئالدى بىلەن ئاز ـ تولا تۇغما تالانت بولۇشى كېرەك ، قالغان تالانتنى بىر ئۆمۈر ئۆگىنىش ، ئىزدىنىش ۋە ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق تولۇقلاپ يېتىشتۇرۇپ چىقىشى لازىم . بەزى كىشىلەرنىڭ خېلى بىر مەزگىل ئىجادىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئاخىرىدا بۇ سەھنىدىن ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كېتىشىمۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولىدۇ .

جۈرئەت دېگەندە ، مېنىڭچە بىر يازغۇچىدا مۇرەككەپ ۋە سىرلىق تۇرمۇشنىڭ سىرىنى ئاچىمەن دەيدىغان جۈرئەت بولۇشى ۋە شۇ يولدا ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىدىغان جاسارەت بولۇشى لازىم .

ئەمدى بىلىم مەسىلىسىدە كۆپ بىر نەرسە دېمىسەممۇ بولار ، بۇ بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئىش . ئۇ ھەرقانچە ئۆگەنسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ . بىر يازغۇچىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى قانچە كەڭ ۋە چوڭقۇر بولسا ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ شۇنچە تەسىرلىك ، سەۋىيىلىك بولىدۇ . بۇ خۇددى سۈيى ئۇلۇغ دەريا ئۇزۇنغا ئاققاندەكلا ئىش . لاياقەتلىك يازغۇچىدا مۇنداق ئۈچ نەرسە ھازىرلانغان بولىدۇ :

بىرسى ، پەزىلەت ؛ بىرسى ، تۆھپە ؛ يەنە بىرسى ، ھېكمەت .

بىلىملىك ، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئاساسەن پەزىلەتلىك بولىدۇ ؛ ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ، يازغان ئەسەرلىرى مىللىي ئەدەبىيات خەزىنىسىگە تېگىشلىك تۆھپە بولۇپ قوشۇلىدۇ ؛ ئۇنىڭ

ئەسەرلىرىدە كىشىلەرگە ، ئەۋلادلارغا ھېكمەت بولغۇدەك پىكىر ۋە ئىدىيىلەر ساقلىنىدۇ !

ئەمما ، ياش دوستلارغا شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى ، بىز يازغۇچىلار ھەرگىزمۇ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ، ھەممىشە شان - شەرەپكە لايىق ئالاھىدە ئادەم ئەمەس ، شۇنداقلا باشقا كەسىپ ۋە ياكى باشقا تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردىن ئارتۇق ياكى سىرلىق قىسمەتكىمۇ ئىگە ئەمەس .

مەن ئاخىرىدا ، ياش يازغۇچى ۋە ھەۋەسكارلارغا ئۇلۇغ ئەدىب لېف . تولستوينىڭ تۆۋەندىكى بىر جۈملە سۆزىنى ھەدىيە قىلدىمەن : «مەن سەنئەتكارمەن ، مېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈم گۈزەللىكنى ئىزدەش بىلەن ئۆتتى» .

**تۇرسۇن پازىل :** قىممەتلىك سۆھبەت ئېلىپ باردۇق . مەن ژۇرنىلىمىز ئوقۇرمەنلىرى نامىدىن سىلىگە سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن .

**سۆھبەتلەشكۈچى :** «قەشقەر» ژۇرنىلى باش مۇھەررىرى : تۇرسۇن پازىل . 2006 - يىلى ئىيۇل ، قەشقەر .

# يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئادەملەرنى يېڭى نەزەر بىلەن كۆزىتىش

— يازغۇچى ئەخەت تۇردى بىلەن سۆھبەت

ئەخەت تۇردى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ۋەكىللىك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 50 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا پروزىچىلىقنىڭ ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك قەلەم تەۋرىتىپ، ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك نادىر بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە «گۈلخان»، «گىرىمسەن يوللار»، «خەير ـ خوش توققۇز كۈنلۈك ماكان» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرىنى، «قەترە»، «ئەلۋىدا، كۆز يېشىم» ناملىق پوۋېستلار توپلاملىرىنى، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «ھايات شۇنداق»، «ئاي يامغۇرى»، «يىراقتا قالغان مۇھەببەت»، «سەرسان روھ»، «بەختسىز سەئىدىيە»، «قاباھەت» قاتارلىق رومانلارنى تەقدىم قىلدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇستاز ئەخەت تۇردىنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئىخلاسمەن ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يېقىندا يازغۇچىنى زىيارەت قىلدىم.

**مۇخبىر**: ئەخەت تۇردى ئەپەندى، 1958 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۇرۇچ» ناملىق ھېكايىڭىزدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىڭىزغا 50 يىل بولدى. ئالدى بىلەن كۆپ قىرلىق ئىقتىدارىڭىز ئاساسىدا ياراتقان مول ئەدەبىي ئەسەرلىرىڭىز ئۈچۈن سىزنى

تەبرىكلەيمەن . 50 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىڭىزغا نەزەر سالساق ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھېكايىچىلىقتىن پوۋېستچىلىققا ، پوۋېستچىلىقتىن رومانچىلىققا تەرەققىي قىلىپ ، بۈگۈنكى كۆلەمدە ئەدەبىياتىمىزدا مول ھوسۇللۇق ، تالانتلىق يازغۇچى بولۇپ تونۇلدىڭىز . ئىجادىيەتتىكى مۇشۇ «سەكرەش »لەرگە تۈرتكە بولغان ئاڭ ، تەپەككۇرىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز .

**ئەخەت تۇردى :** «سەكرەش» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتىڭىز . مېنىڭچە ، بۇنى «سەكرەش» دېگەندىن كۆرە ، بىر قەدەم- بىر قەدەمدىن باسقان ناھايىتى ئۇزاق مۇساپە ، يەنە كېلىپ ئىنتايىن جاپالىق ، مۇشكۈل مەنىۋى مۇساپە ، دېسەك توغرا بولىدۇ . ئۇنداق بولسا ، مۇشۇنداق ئۇزاق ، جاپالىق مەنىۋى مۇساپىگە مېڭىشىمغا تۈرتكە بولغان ئاڭ زادى نېمە ؟ مەن بۇنىڭغا ئەدەبىياتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ، دەپ بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا جاۋاب بېرىمەن . يەنى ، ئەدەبىياتقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتتىن كېلىپ چىققان قىزغىن ئىنتىلىش ، ئىزدىنىش ۋە مەپتۇنلۇق مىنى بۇ سەۋدايى يولغا سۆرەپ كىرگەن . مەن ئەينى چاغدا تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ، ناھايىتى ئاددىي چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولسامۇ ، لېكىن مەندىكى ئىنتىلىش ، قىزغىنلىق ۋە ھەۋەس ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى . مەن شۇ قىزغىنلىقىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇش قايىنىمىغا شۇڭغۇدۇم . ئۇ چاغدا ئوقۇشقا ھەۋەس قىلساقلا ، كىتابلار يېتەرلىك ئىدى . تاشكەنت ، ئالمۇتالاردىكى «يېڭى ھايات» ، «شەرق ھەقىقىتى» قاتارلىق نەشرىياتلار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان رۇس ، فرانسۇز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى ، ئۆزبېك ، تۈركمەن ، قازاق مىللىتىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بار ئىدى. كىتابنى قانچە ئوقۇغانسېرى ، دۇنياغا شۇنچە يېقىنلاشتىم ، تۇرمۇشمۇ بارغانسېرى يورۇق ۋە مەنىلىك تۇيۇلىدىغان بولدى . كىتابلار مەندە بىر خىل ئاڭ - ئىدىيە



www.uyghurkitap.com

شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى . بۇ ، مەن يۇقىرىدا ئېيتقان مىللىي ئەدەبىياتىمىزغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت ئىدى . ئادەمنىڭ كاللىسىدا شەكىللەنگەن ئىدىيە گويا دەرەخكە ئوخشايدۇ . ئۇ غايەت زور يىلتىز تارتىپ تۇپراققا مەھكەم ئورنىغاندىلا ئاندىن مۇستەھكەم بولالايدۇ ۋە باراقسان ياشىيالايدۇ . شۇنداق قىلىپ ، مەن كىتاب ئوقۇش بىلەن بىللە تۇرمۇشنى كۆزىتىشنى ، تۇرمۇشتا ئۆزۈمگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىشلار ئۈستىدە بەدىئىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى ئۆگەندىم . بىر نەچچە پارچە مەشىق ھېكايىدىن كېيىن يازغان «گۆرۈچ»ناملىق ھېكايەم «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1958 ـ يىللىق تۆتىنچى سانىدا ئېلان قىلىنىپ ، ماڭا ئالەمشۇمۇل خۇشاللىق ۋە ئىلھام ـ مەدەت ئاتا قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا بېغىشلىدىم . ئەسلەپ قارىسام ، 50 يىللىق ئىجادىيەت مۇساپەمدە يىگىرمە نەچچە يىل ھېكايە يېزىش ، تەھرىرلىك قىلىش بىلەن ؛ ئون يىل پوۋېست يېزىش بىلەن ؛ 15 يىلدىن كۆپرەك رومان يېزىش بىلەن مەشغۇل بوپتىمەن . بۇ جەرياندا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى ، يازغۇچى ھەمىشە بىر خىل دەرد بىلەن ياشىشى كېرەك . بۇ دەرد يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ دەردى ئەمەس ، بەلكى باشقىلارنىڭ دەردى . يازغۇچى ئەنە شۇ ئۆزگىلەرنىڭ دەردى بىلەن تىرىك ھېسابلىنىدۇ . مانا بۇ مېنىڭ 50 يىلدىن بېرى بېسىپ ئۆتكەن پىسخىك مۇساپەم . شۇنداقلا ، مىللىي ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن قالدۇرغان كىچىككىنە تارىخىي ئىزىم .

**مۇخبىر :** ئەخەت تۇردى ئەپەندى ، ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئوقۇغان «خەير خوش ، توققۇز كۇنلۇك ماكان» ناملىق ھېكايىڭىزنىڭ «چۇچۇمەل تەمى» ھېلىھەم ئېسىمدە . شۇ يىللاردا سىز ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەيئى ، يېڭى كىشىلەرگە ، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ۋە جەمئىيەتتىكى مۇھىم ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرگە

نەزەر ئاغدۇرۇپ ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ، «قىزىق ئىش- لار» ، «نېمە دېگۈلۈك» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ھېكايىلەر- نى يېزىپ ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغانىدىڭىز . مۇ- شۇنداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جىددىي مۇئامىلە قىلىشنى ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتىم دەپ قارىغانمۇسىز ؟

**ئەخەت تۇردى :** يازغۇچىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدى- غىنى — ئىجتىمائىي ئىللەتلەردۇر . ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىق شانلىق مۇساپىسى دەۋر تەرەققىياتىنى تېزلەتتى ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈردى ، خەلق تۇرمۇشىنى بېيىتتى . ئەمما ھوقۇق تۇتقان بىر قىسىم ئادەملەر بۇنداق ياخشى شارائىتنى نەپسا- نىيەتچىلىك ، مەنپەئەتپەرەسلىك ئۈچۈن مەنبە قىلىۋالدى . ئۇلاردا ۋىجدان ، سەمىمىيەت ، پاراسەت ، ئۇلۇغلۇق ، ياخشىلىق ، ئادا- لەت ، ئالىيجانابلىق ھېسلىرى ئاجىزلىشىپ ، خىرەلىشىپ كەت- تى . مانا بۇ بىر خىل جىددىي ئىجتىمائىي ئىللەت . مەنئۇيىتىدى- مىزدىكى بۇ ئىللەتلەرنى تېخىمۇ كەسكىنرەك تەنقىد قىلىش ، تېخىمۇ چوڭقۇر پاش قىلىش ، تېخىمۇ چوڭقۇرراق يېزىش زۆ- رۈر . مەن بۇنى ھەقىقەتەنمۇ ۋىجدانىي بۇرچۇم ، يازغۇچىلىق مەسئۇلىيىتىم دەپ ھېس قىلغان ۋە ھېس قىلىپ كېلىۋاتىمەن . بىر يازغۇچىنىڭ گىراژدانلىق پوزىتسىيىسى — ۋىجدانى بۇيرۇ- غان نەرسىنى يېزىش ۋە يازغان نەرسىلەردىن ئەل - يۇرتقا بىرەر نەپ تېگىشكە ئىشىنىش ؛ ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ، ۋۇجۇدىدا ھەر- قانداق يامانلىق ۋە مۇناپىقلىقلارغا نىسبەتەن مۇرەسسەسىزلىك ھېسلىرىنى ئويغىتىشنى بىلىش بولۇشى كېرەك . دېمەك ، كىشى- لەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ دەۋرنىڭ ئەينىكى بولۇشىنى ، بۇ ئەينەك ئارقىلىق ھازىرقىنى ۋە ئۆتمۈشنى ، شۇنداقلا كېلەچەكنى كۆ- رۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ، يازغۇچىدا ئۆتكۈر تەنقى- دىي قاراشنىڭ بولۇشى زۆرۈر . ئۇ كىشىلەر خاراكتېرىدىكى پاسسىپ ، رەزىل تەرەپلەرنى كۆرەلىشى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ تارىخىي

نىگىزىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى كېرەك. مېنىڭ ئەينى چاغدا يازغان بىر نەچچە پارچە ھېكايەمنىڭ جەمئىيەتتە مۇئەييەن تەسىر قوزغاپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل ئاشۇ بولسا كېرەك.

**مۇخبىر:** ئەخەت تۇردى ئەپەندى، ئىككىنچى رومانىڭىز — «ھايات شۇنداق» نەشىردىن چىققاندا، ئاتاقلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئەپەندى ماقالە يېزىپ، رومانىنى «دەۋرىمىزنىڭ ئىنكاسى، دەۋرگە ئوقۇلغان مەدھىيە، كىشىلەرگە ئۈمىد، ئىشەنچ بېغىشلىغان ياخشى ئەسەر» دەپ مەدھىيىلىگەنىدى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر ئوبزورچى «مەن بۇ رومانىنى ئوقۇپ بولۇپ، مەيلى مەزمۇن، مەيلى قۇرۇلما، مەيلى خاراكتېر، مەيلى تىل گۈزەللىكى جەھەتتە بولسۇن ئازراقمۇ يېڭىچە ئېستېتىك زوق ئالالمىدىم» دەپ يېزىپ، رومانىڭىزنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقىغا «قامچا» سالدى. سىز شۇ چاغدا ئازابلانغانمۇ؟ سىز ئەدەبىي تەنقىدكە قانداق قارايسىز؟

**ئەخەت تۇردى:** مەن ئۇ چاغلاردا تەنقىدلەرگە پىسەنت قىلمىدىم، بەك كۆڭۈلمگە ئېلىپمۇ كەتمىدىم. مېنىڭچە، بىر ئەسەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارغا ئېرىشىشى ۋە مۇنازىرە قوزغىشى ياخشى ئىش. پىكىرنىڭ بىر خىللا بولۇشىنى ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. «ھايات شۇنداق»دا كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن، شۇڭا ئوخشاشمىغان ساھە، ئوخشاشمىغان قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان ئىنكاسىنى قوزغىدى. مانا بۇ، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭچە، بىر ئەسەرگە ھەقىقىي، ئادىل باھا بېرىش بىر-ئىككى تەنقىدچىنىڭ ئەمەس، بەلكى دەۋرنىڭ، ۋاقىتنىڭ ئىشى. «ھايات شۇنداق» رومانىم بۇ نۇقتىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. مېنىڭ قارىشىمچە، تەنقىدچىلىك — قانداقتۇر تەرغىباتچىلىق ئەمەس. مەن تەنقىدچىنى يازغۇچىنىڭ سەپدىشى، سىردىشى دەپ

بىلىمەن . ھەقىقىي تەنقىدچىلەر يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدە كۆرسى-
تىلگەن ، تىلغا ئېلىنغان ھاياتىي ، مەنىۋى ۋە ئېستېتىك مەسىلە-
لەر ھەققىدە ئاپتور بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىپ ،
ئۇنىڭ ھاياتىي ، غايىۋى ، سىياسىي ، بەدىئىي نۇقتىئىنەزەرلى-
رىنى يەنىمۇ كەڭ ئېچىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ ، ئاپتور ھېس قىلال-
مىغان نەرسىلەرنى ھېس قىلىپ ، يەنىمۇ چوڭقۇرراق كۆرسىتىپ
بېرىشكە تىرىشىدۇ . شۇڭا بىز ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى ئىجادى-
يەتنىڭ بىر قانىتى ، ئۇنىڭ بىلەي تېشى دەيمىز . ئۇ بولمىسا
بولمايدۇ . ئەگەر ھەممەيلەن ئېغىزىنى يۇمۇۋالسا بۇنىڭ نەتىجىسى
ناھايىتى يامان بولىدۇ . يازغۇچى بىلەن تەنقىدچىنىڭ مۇنازىرىسى
يۇكسەك پرىنسىپال دەرىجىدە سەمىمىي بولۇشى ، ئىجادىي مېھ-
نەتكە چوڭقۇر ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بولۇشى ، ھەققانىيەت
ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىش تۇسىنى ئېلىشى لازىم . مېنىڭ-
چە ، ھەقىقىي تەنقىدنىڭ مەقسىتى گۈزەللىكتىن بەھرە ئېلىشتىن
باشقا ، رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكتىن نەپرەتلىنىش بولۇشى كې-
رەك . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، تەنقىدچى يازغۇچىغا يولداشلارچە
كۆيۈنۈش پوزىتسىيىسىدە بولۇشى ، قاتتىق تەنقىد بىلەن قىزغىن
ئىلھاملاندۇرۇشنى ، قاتتىق تەلەپ بىلەن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت
تەقدىرىگە سەمىمىي كۆيۈنۈشنى توغرا بىرلەشتۈرۈشى كېرەك .
يازغۇچىنىڭ كۈتىدىغىنى ئىجادىي تەنقىد .

**مۇخبىر :** ئەخەت تۇردى ئەپەندى ، سىز ئۈچىنچى رومانى-
ڭىز «ئاي يامغۇرى»دا 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى تەبىئىي
ئاپەت يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە دەۋردىكى مۇرەككەپ تۇرمۇشقا
مۇراجىئەت قىلىپ ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شۇ يىللار-
دىكى ئالاھىدە ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەپ ،
ئۇلارنىڭ بىلىم ئىشقىدا نۇرلانغان دوستلۇق ۋە مۇھەببەت تۇيغۇ-
لىرىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىپ ، «ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىسى ،
ئېتىقاد ۋە ئەقىدە ناخشىسى ، باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىكتە ئوقۇلغان

يۇرەك قەسىدىسى»نى ياڭراتقانىدىڭىز . ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە «سەرسان روھ» رومانىڭىزنى نەشر قىلدۇرۇپ ، «ۋەتەنسىزلىك ئازابى ، ھىجران دەردى ، ۋەتەن ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان ھەسرەتلىك يۈرەكنىڭ مۇڭ ـ زارى»نى ئىزھار قىلدىڭىز . ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا ئەسەر يېزىش ئەدەبىي ئىجادىيىتىڭىزنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى يارىتىش ئۈچۈنمۇ؟

**ئەخەت تۇردى :** ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ناھايىتى ئۇلۇق تېما . دېمىسىمۇ ، دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك نەرسە ۋەتەن . دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ يەر شارىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ۋەتىنى بولىدۇ ۋە ئۇ ۋەتىنىنى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ ، بۇ سۆيگۈ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈدىن نەچچە ھەسسە بۇيۇكتۇر . ھەرقانداق كىشى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلسا مۇساپىر بولىدۇ ، كۆڭلى سۇنىدۇ ، قەدرى چۈشىدۇ ، غېرىب ـ مىسكىن بولىدۇ...

مەن بۇ ھەقىقەتنى بىرنەچچە قېتىملىق چەت ئەلگە چىقىش سەپىرىدە ، بولۇپمۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئىككى قېتىم بېرىش جەريانىدا ، ئۇزاق يىل چەت ئەلدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان ۋەتەنداش ، يۇرتداش ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن ، روھىدىن ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلدىم . ئۇلار چەت ئەلنىڭ ئاشۇ بىگانە تۇپرىقىدا ئۆز يۇرتىدىكى بالىلىق چاغلىرىدا كۆزىگە خىيالىي ئىلىنىپ قالغان كارتىنىلىرىنى مۇقەددەس كەئبىتۇللا ھېسابلاپ ، يۈرىكىنىڭ ئەڭ تۆرىدە ساقلاپ ـ ئەسلەپ كەلگەن ، كۆپلىرى تېخى ئۆزلىرى بىلمىگەن ، تۇغۇلۇپ ئۆسمىگەن ، ئەمما ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يۇرتى ھېسابلانمىش مۆتىۋەر تۇپراقنى ۋەتەن دەپ ، ئىپتىخار بىلەن سۆزلەپ يۈرگەن ، ئۇلار ئۈچۈن بۇ يۇرت تۇپرىقىنى كۆزلىرىگە سۈرتمەك ، ئۇنىڭ ئېرىقىدىن بىر ئوچۇم سۇ ئىچمەك ، داستىخىنىدىن بىر توغرام نان يېمەك ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇ !...

«سەرسان روھ» رومانى مانا شۇ ئاچچىق رېئاللىقتىن بار-لىققا كەلگەن. ئەمدى «ئاي يامغۇرى» رومانىدا بولسا، ۋەتەنپەر-ۋەرلىك تېمىسى يەنە بىر نۇقتىدىن، يەنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن زامانىۋى ئىلىم ـ پەن ئىگىلەش يولىدا دۇچ كەلگەن قاتمۇ قات مۈشكۈلاتلارنى يېڭىش ئارقىلىق، ۋەتەنگە، خەلققە، ھاياتقا، كېلەچەككە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. دېمىسىمۇ، ئۇ يىللار ناھايىتى ئالاھىدە ھەم ئېغىر يىللار ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈز بەرگەن ئېغىر قىيىنچىلىق، سىياسىي جەھەتتىكى چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھاياتىدىمۇ نۇرغۇن ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلەرنى پەيدا قىلغانىدى. مەن مانا شۇنداق ئالاھىدە بىر دەۋرنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش نىيىتىدە ئۆزۈم گۇۋاھ، شاھىت بولغان تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى سۈپىتىدە «ئاي يامغۇرى» رومانىنى يازدىم. دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈ-رۈش، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. مەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى بۇ ئەسەرلەرنى يېزىشتا ھەر-گىزمۇ «ئىجادىيىتىمنىڭ يۇقىرى پەللىسى»نى يارىتىشنى ئويلاپ باققان ئەمەس، مەن بۇنى ۋىجدانىي بۇرچۇم، يازغۇچىلىق مەسئۇ-لىيىتىم دەپلا بىلگەن.

**مۇخبىر:** ئەخەت تۇردى ئەپەندى، يېقىندا نەشردىن چىققان «قاباھەت» رومانىڭىزنى ئازابلىق تۇيغۇ ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنى رادىئودىمۇ ئاڭلاتتى. ھارام مال ـ دۇنياغا بېرىلگەن، راھەت ـ پاراغەتنى ۋىجدان ۋە نومۇستىن ئەلا بىلىدىغان، ھاياتىي قەدىر ـ قىممىتىنى زورلۇق ۋە شەپقەتسىزلىكتە ھېس قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدى-غان غوبارسىز ئۆسمۈر بالىلىرىمىزنى، ئېيپەتلىك، نارەسىدە

قىزلىرىمىزنى ئىچكىرىگە ئالداپ ياكى بۇلاپ ئاپىرىپ ، يانچۇقچى-لىققا ، ئوغرىلىققا سېلىشى ۋە ئىپپەت سودىگەرلىرىگە سېتىۋېتى-شى بۇگۈنكى رېئاللىقىمىزدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ، ئەڭ پاجىئە-لىك ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر . بۇنىڭدىن ئىلگىرى يازغۇچىلىرى-مىز تۇرمۇش ئۆگىنىشىنىڭ قىيىنلىقى، ھەتتا خەتەرلىكلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ تېمىغا تېگىش قىلالمىغان ، قىلغان-لىرىمۇ «سىيپاپ» ئۆتۈپ كەتكەندى . سىز بۇ ئەھمىيەتلىك ، مۇرەككەپ تېمىغا دادىل تۇتۇش قىلىپ ، تۇرمۇشنىڭ بۇ «قاراڭ-غۇ» تەرىپىنى قەلەمگە ئالدىڭىز . شۇنداقلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچىنى رو-شەن گەۋدىلەندۇرۇپ بەردىڭىز . مەن بۇ رومانىڭىزنىڭ ئىلگىرىكى رومانلىرىڭىزغا ئوخشىمايدىغان بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى روشەن ھېس قىلدىم . يەنى ، بۇ رومان باشتىن ـ ئاخىر پەلسەپىۋى پىكىرگە ، ئىنسان خاراكتېرى ھەققىدىكى تەپەككۇرغا ، بەدىئىي مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمىگە تويۇنغان ئەسەر بوپتۇ . «ئەدەبىيات = ئىنسانشۇناسلىق» نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلىپ ، ئىنسان خاراك-تېرى ھەققىدىكى تەھلىلىي ئىزدىنىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسى-ڭىز .

**ئەخەت تۇردى :** ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى — ئادەم . ھايات-لىق توغرىسىدا باشقىلاردىن پەرقلىق چۈشەنچىسى بار ، مول مەنىۋى دۇنياغا باي ئادەملا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئوبيېكتى بولا-لايدۇ . شۇڭا ، يازغۇچىنىڭ قىزىقىدىغىنى ۋەقەلىك ۋە ئۇنىڭ جەريانى ئەمەس ، بەلكى ئادەم ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسى بولۇشى كېرەك . مېنىڭچە ، يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ھەممىدىن ئاۋۋال ئەدەبىياتنىڭ ئەزەلدىن ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان ئوبيېكتى بولغان مانا شۇ ئادەمنى ھەمىشە يېڭى نەزەر بىلەن كۆزىتىش ، يەنى ھەرخىل ئوخشىمىغان ۋە جىددىيلىكى چېكىگە يەتكەن توقۇنۇش-لار ئىچىدىكى ئادەمنى مۇپەسسەل ۋە ئوبيېكتىپ ھالدا تەتقىق

قىلىشتىن ئىبارەت .

ل . تولستوي : «ئەدەبىي ئەسەردىكى ھەممىدىن مۇھىم نەرسە يازغۇچىنىڭ روھىي دۇنياسىدۇر» دېگەن . «روھىي دۇنيا-غا قاراپ يۈزلىنىش»تىن ئىبارەت سەنئەت قارىشى ھازىرقى دەۋردە ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى . شۇ سەۋەبتىن ، بايان خاراكتېرلىك ئەدەبى-يات مەپتۇنكارلىقىنى يوقىتىشقا باشلىدى . ھازىر كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغىنى «ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىيات جەريانى» بولماس-تىن ، بەلكى «ئىدىيىنىڭ تەرەققىيات جەريانى» يېزىلغان ئەسەر-لەر بولۇپ قالدى . مەن «قاباھەت»نى يېزىش جەريانىدا ، ئامال بار بەدىئىي كۆزىتىش نۇقتامنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشتىم . تاشقى دۇنيانى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى سېزىمى ۋە تەسىراتى ئارقىلىق كۆزىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئەسەرنى پسىخىك ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدىغان ماكان ۋە زامان يارىتىشقا ھەرىكەت قىلدىم . مېنىڭچە ، شۇنداق قىلغاندا ، ئەسەرنى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى چىنلىققا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغىلى بولىدۇ . بۇ روماندا كۆپرەك ئېتىبار بەرگىنىم پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسۋىر-لەشكە كۈچ سەرپ قىلىش ، ئالاھىدىرەك بىرخىل كەيپىيات ياردى-تىش ، پېرسوناژلار ياشاۋاتقان مۇھىتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورتاق ھېسسىياتىنى قوزغاشتىن ئىبارەت بول-دى . ئىنسان خاراكتېرى توغرىسىدا سۆز بولغاندا مەن مۇنداق بىر نەرسىنى ئويلايمەن : بىزدە ئەزەلدىن «قەھرىمان» دېگەن چۈشەنچە قانداقتۇر ئۇلۇغ جەڭلەرگە قاتناشقان ، جان پىدالىق قىلغان ياكى تىنچ قۇرۇلۇش ۋاقتىدا ئۆزىنى ئۈنتۈپ ئىشلىگەن ، تۆھپە ياراتقانلار دەپ قارىلىپ كەلگەن . ئەمما مېنىڭچە ، ھەممە ئادەم قەھرىمان بولالايدۇ . چۈنكى ، بىر ئادەمدە بىرلا يۈز بولغان بىلەن ، شۇ يۈزنىڭ كەينىدە پۈتۈن بىر ئەسىر بولغۇدەك ماتېرىيال بولىدۇ : خۇشاللىق - قايغۇ ، بەخت - بەختسىزلىك ،

پىداكارلىق ـ قورقۇنچاقلىق ، ئۇلۇغلۇق ـ چاكىنىلىق ، ئالىيجا-
نابلىق ـ رەزىللىك... مەلۇم بىر ئىشقا يولۇققاندا ، بەزىدە بۇلار-
نىڭ سەلبىي قىسمى مەيدانغا چىقىپ ، ئۇ ئادەمنى رەزىل ، چاكىنا
كۆرسىتىدۇ ؛ بەزىدە ئىجابىي قىسمى مەيدانغا چىقىپ ، ئۇ ئادەمنى
ئالىيجاناب ، پىداكار كۆرسىتىدۇ . بۇ نەرسىلەر ھەر بىر ئادەم-
نىڭ كاللىسىدا ، يۈرىكىدە بولىدۇ . شۇڭا ھەر بىر ئادەم بىر
دۇنيا بولىدۇ ، ئۇ مۇكەممەل گەۋدە ، سىرلىق ئالەم ، شۇنداقلا
ھەربىر ئادەم مۇكەممەل ھاياتىي كۈچكە ئىگە . شۇڭا ، يازغۇچى
تەسۋىرلىمەكچى بولغان قەھرىماننى ھەر تەرەپلىمە بىلىشى ، ئۇ
ياشىغان مۇھىتنى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەر بىلەن ئۇلار-
نىڭ سىرلىق روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر كۆزىتىشنى ئۆگىنىشى
لازىم . ياخشى يېزىلغان ئەسەردە تۇرمۇشتىكى تىرىك ئادەملەرنىڭ
ئىزناسى ، ئاۋازى ، تىنىقى ۋە روھىي كەچۈرمىشلىرى بولىدۇ ،
ئۇ ھەرگىزمۇ ئاسماندىن چۈشكەن خىيالىي نەرسە بولمايدۇ ،
ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغىنى پەقەت يازغۇچىنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇرى .
تەسەۋۋۇرنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى يەنىلا ئادەم قەلبىنىڭ ئەر-
كىن پەرۋازىدىن ئىبارەت .

**سۆھبەتلەشكۈچى :** «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى
ئۆركەش جاپپار .

2008 ـ يىل دېكابىر ، ئۈرۈمچى

[General Information]
书名=艾海提.吐尔迪作品集：时代召唤：（文学探索与回忆）：维吾尔文
SS号=40286877

www.uyghurkitap.com